# رابیہ ۔ سہ عیدن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەھمەت زىيائى

# رابىيە ـ سەئىدىن

(تارىخى داستان)

مىللەتلەر نەشرىياتى



ئەھمەت زىيائى ئىجادىيەت ئۈستىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

1 . خىيال ئالدىكى ئىككى دۇنيا.................. ( 1 )
2 . تۇيغۇ ۋە ئىلھام........................ ( 8 )
3 . قىسسەخان بۇلبۇل ....................... ( 14 )
4 . ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى.................... ( 23 )
5 . تەلۋىچۈك ۋە يامانيار.................... ( 27 )
6 . ئاۋچىلار تەكلىماكاندا................... ( 29 )
7 . بۈركۈت نىمىگە چاڭگال سالدى؟.............. ( 36 )
8 . شۇ كۈنلەردە قەشقەر...................... ( 47 )
9 . بۇلبۇلنىڭ سەرگۈزەشتىسى.................. ( 52 )
10. قىسسەخان ئۆلگەندىن كېيىن................ ( 57 )
11. قەشقەردە ھەزرەت سەيرىسى................. ( 74 )
12. ھەزرىتى سۇلتانىم سەيرىسى................ ( 87 )
13. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر .......... ( 98 )
14. سۇنۇق گۈمبەز ئىچىدە..................... (108)
15. شائىرلار بەزمىسىدە...................... (119)
16. قىز سورىتىش............................ (151)
17. ۋاپا ئەھدى.............................. (161)
18. رەت قىلىنغان ئەلچىلەر................... (166)
19. ئۈمىتسىزلىك بورانلىرى................... (175)

20. سەئىدىنىڭ تەكلىماكاندىكى ئۆيى.................... (187)
21. قايغۇغا ئايلانغان توي .................... (193)
22. جاسارەت.................... (197)
23. قاچقۇنلار ۋە ئىزدەش.................... (202)
24. بىر پىرىنىڭ نەسىھەتى.................... (205)
25. بوران بالاسى.................... (214)
26. دۈشمەن قولىدا .................... (224)
27. گۈندىخانا ۋە جابىر سوئالىغا سەئىدىنىڭ جاۋابى.......... (230)
28. يېڭى سېپىل پىلانى.................... (240)
29. سېپىل ھاشىرى .................... (246)
30. ئىنتىقام تۇيغۇسى.................... (258)
31. رابىيە قەشقەردە نىمىلەرنى قىلدى.................... (266)
32. ئۆلۈم جارچىسى، ئەرتە سەئىدىن دارغا ئېسىلىدۇ.......... (273)
33. نازارى نىجات پېرىشتەسى.................... (283)
34. قايتقان ئوق ۋە ھاياتلىق ئەلچىسى.................... (293)
35. سۇنغان دار، ئۈزۈلگەن سىرتماق.................... (302)
36. ئاخىرقى ئۇچرىشىش.................... (312)
37. بۇ جاسارەتلەر رابىيەدە ئىشقىنىڭ زوھورى ئىدى....... (321)
38. بەڭۋاشمۇ ياكى ۋاپادار!؟.................... (332)
39. قايغۇ ئوتىنىڭ جانىغا تەسىرى.................... (342)
40. ئىنتىزارلىق ۋە مەھرۇملۇق.................... (356)
41. ئاي قەلبىدىكى قۇياش پېتىپ كەتتى.................... (361)
42. رابىيە دۇنيادىن كۆڭۈل ئۈزدى.................... (367)
43. مەجبۇرى توي، بوي يەتمىگەن قىز.................... (378)

www.uyghurkitap.com


44. مۇز ئاستىغا ئۆزىنى ئاتتى، كەتتى.......................... (388)

45. قارغىلار نېمىشقا قاقىلدايدۇ؟............................ (400)

46. بۇ يار نېمە ئۈچۈن چوكانىيار دەپ ئاتالغان؟............ (404)

47. ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋىسال خىيالى....................... (407)

43. ئىككى خىل چېچەكلىگەن يۇلغۇن .......................... (416)

49. داستاننىڭ يېزىلىش تارىخى.................................. (423)

50. تۈگەنچ....................................................... (425)

51. ئۆزگە خىتاپ قەسىدىسى...................................... (435)

# 1. خىيال ئالدىكى ئىككى دۇنيا

كۆڭۈل شەمىگە ئوت ياققاندا ئىلھام،
تەپەككۇرگە نە ئىمكان، تاپسا ئارام.
تىنىمسىزلىق يېتىپ، قوزغالسا، ئۇچسا،
بۇ چەكسىز كەڭلىك ئەۋجىنى قۇچسا.
كېلۇر سەيرىگە كۆك قەسرى ئىچى تار،
فىزا قىلغاي كىچىكلىك ئۇڭا ئىزھار.
ناھايەت كەڭ ئۇنىڭكى سەيرگاھى،
توسالماس سەيرىنى كۆك بارگاھى.
ئىدى بىر تاڭ، خىيال ئاچتى قاناتنى،
پەرى ئاستىغا ئالدى كائىناتنى.
كۆرۈندى ئالدىدا بىر كونا دۇنيا،
يېشىل ئاسمان ئۆزى بىر قۇببە گويا.
ئۇنىڭدا ئىككى مەشئەل — ئاي بىلەن كۈن
يۈرمەكتە قوغلۇشۇپ كۈندۈز بىلەن تۈن:
يېتەلمەي بىر بىرىگە زور ھەلەكتە،
نە يەردە بىر ئارام بار، نە پەلەكتە.
خىيال شۇ ھال ئىچىدە ئۇچتى، كەتتى،
ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا سەير ئەتتى.
ئېسەر ئاستا ئۇنىڭ بادى ساباسى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەپەقتىن گىرۋىگى قاندەك بويالغان.
قۇرۇق، يوق ئۇندا ئىشرەتنىڭ شارابى،
پۈتۈنلەي مەيخۇمارىنىڭ ئازابى.
كۆرۈندى مەنزىرە، ئالدىدا ئايهاي...
ئومۇمەن نالە-زارى، ئاھ بىلەن ۋاي.
نە مەۋجۇت ئۇندا مەھبۇبىنىڭ ۋىسالى،
نەمەڭگۈدۇر گۈزەللەرنىڭ جامالى.
نە سازىدا ئۇنىڭ خوشلۇق ساداسى،
نە باردۇر ئۇندا بىر دەرتىنىڭ داۋاسى.
نە بولغاي گۈللىرىدا بىر سوباتلىق،
نە تاپقان دامىدىن كىشلەر نىجاتلىق.
باھارنى قىلور تەقىپ زىمىستان،
بولۇر گۈلخانىغا سەرپ ھەر بىر گۈلستان.
كۆكۈلسىز، قايغۇلۇق مىڭلارچە تەسۋىر،
تىزىلىپ باشلىدى ئۆتمەككە بىر-بىر.
ئەرەپنىڭ چۆللىرى بولدى نامايان،
ئەدىپ قەيس مەجنۇن بولغان ئۇندا سەرسان.
يۈرمەكتە ئۇ مۇھەببەت مەيدىن مەس،
ئىگىز ئاسمان زىمىندەك ئالدىدا پەس.
دىلىدا لەيلىنىڭ پىكرى-خىيالى،
تىلىدا توختىماستىن: لەيلى... لەيلى!...
كۆرۈندى ئارقىسىدىن ئەرمىنىستان،
بىستون تاغلىرى بولدى نامايان.
قولىدا تىشە، تاش كەسمەكتە پەرھات،

يېقىملىق سايرىغان قۇشلار ساداسى،
ئېچىلغان ھەر تەرەپتە مىڭلىغان گۈل،
قونۇپ گۈل شاخلىرىغا قۇمرى بۇلبۇل.
قىلۇر مىڭ ئۇن بىلەن داستان سارالىق،
تولۇپ تاشقان چىمەنلىك ساز بىلەن لىق.
لەتىق يەل غۇنچىلار بويىنى ئەگكەن،
سۈزۈك سۇلار بېتىگە نەقش چەككەن.
كۈلۈپ تاڭ نۇر چاچقان ھەر تەرەپكە،
خوشاللىق نەغمىسى چىققان پەلەككە.
گويا دۇنيادا قايغۇ بولمىغاندەك،
جاھان شۇنداق چىرايلىق بىر جاھاندەك.
كۆرۈندى ھەممە ياقتا گۈل ۋە گۈلزار،
شارابۇ، سازۇ، بەزمۇ ھەم گۈزەل يار.
ۋىسال! يوق دەرت ھىجراندىن نىشانە،
جاھان بەخت قۇشلىرىغا ئاشيانە.
خازانسىزدەك ئۇنىڭ مەڭگۈ باھارى،
مەگەر يوقتەك شارابىنىڭ خۇمارى.
خىيال خوشلۇق ھاۋاسىغا ئۇرالدى،
ھوزۇرلاندى، ئۇنىڭدىن ھەسسە ئالدى.
نەپەس توختاپ يەنە باشلاپ ئۇچۇشنى،
بۆلەك بىر يولغا سالدى ئۇ يۈرۈشنى.
ئېچىلدى ئالدىدا بىر باشقا ئالەم،
پۈتۈنلەي دەرت ـ كۈلپەت، قايغۇ ـ ماتەم.
پەلەك بىر جام كۆرۈندى دۇم قويۇلغان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر قاينامىلىرىلا قارا ــ ئاققان.
پەقەت گىرداپلىرىدا قاتمىغان مۇز،
ھەيۋەتلىككىم، قاراشتىن قورقىدۇ كۆز.
بۇ قاينامنىڭ بېشىدا بىر پەرىزات،
تۇرۇپتۇ كۆزىدە ياش، تىلىدا پەريات.
بېشىدا قاما ـ كەمچەتلىك تۇماقى،
قولىدا سۇ ئېلىشقا بىر قاپاقى.
يېنىدا بار ئۇنىڭكى بىر كىچىك قىز،
سوغاقتىن ئۇ قولىنى ھودىتىپ تىز.
ئاجايىپكىم پەرىزات تەلۋىلەردەك،
قارا قاينام بېشىدا يىغلىدى بەك.
چۆچۈپلا قالدى توختاپ يىغىسىدىن،
قاراپ سۇغا دىدى: "سەن بارمۇ سەئىدىن؟
مېنى تاشلاپ قويۇپ سەن نەگە كەتتىڭ؟
ئۆزۈڭگە مېنى شۇنچە زار ئەتتىڭ!..."
مۇشۇنداق سۆزگە ئۆزگەرتتى سۆزىنى،
مەگەركىم، سۇدا كۆردى يار يۈزىنى.
بۇ دۇنيانى پۈتۈنلەيلا ئۇنۇتتى،
ئۆزىن قايناغا تاشلاپ سۇغا چۆكتى.
سىڭىل قىز زار يىغلاپ قالدى شۇندا،
تىلىدا ئاھۇ ـ پەريات باغرى قاندا...
خىيال كۆرگەچ بۇنى ئاستا چېكىندى،
ساياھەت ئاغمىغىدىن پەسكە ئىندى.
مۇشۇ ئۇچ مەنزىرىنى كەتتى ئويلاپ،

شېرىن ئىشقىدا تارتىپ ئاھ پەريات.
كۆرۈندى ئارقىسىدىنلا تىيانشان،
تېشىغا ئىشقى داستانلار يېزىلغان.
كۈمۈش ئېرىتمىسىدەك ئاجراپ-ئاجراپ،
سۈيى تاشقا تېگىپ ھەر ياققا چاچراپ.
گۆھەر دانەلىرىگە كۆمۈلۈپ تاش،
ھۇبابلاردىن قىلىپ كۆپ قۇببىلەر پاش.
ئېقىپ تېز، چىقىرىپ ھەيۋەتتە دولقۇن،
ئېقىتماقتا يوغان ساندۇق "باش ئەگۈن".
نېچۈك ساندۇق، نېمىلەر بار ئۇنىڭدا؟
ئاقار ئۇ چەرخ ئۇرۇپ سۇ ئۈزرە ئوڭدا.
نېچۈن قالدى چۈشۈپ دەرياغا ساندۇق،
ئىچىدە نەرسە بار يا ھېچنېمە يوق!
چۈشەر دىل بۇنى بىلسە ئىزتىراپقا،
ئېچىنۇر ئۇندىكى ھالى خاراپقا.
مۇجەسسەم ئىشق ئۇنىڭغا قاچىلانغان،
ھايات بۇيى بۇ دەرياغا سېلىنغان.
مۇشۇ ساندۇقتا ئىشق قۇربانى تاھىر
ئۆلۈپتۇ زوھرانىڭ ئىشقىدا ئاخىر.
بۇنى كۆرگەچ خىيال تاڭ قالدى ھەيران،
دىدى: ھە...ي! بۇ نېچۈك دۇنيا ۋە دەۋران؟
بۇ ھەم ئۆتتى، كۆرۈندى كاتتا دەريا،
ئىككى قىرغىغى چىملىق توپىلىق يا.
سوغاقتىن سۇ يۈزى مۇز بىلە قاتقان،

پەرىزاتمۇ ئۇ قىز ئىنسانمۇ، كىم ئۇ؟...
نىمشقا قىز ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى؟
جاھاندىن ئۇنىڭا قانداق دەرت يەتتى؟...
قولىغا ئالسا ئۇ شانلىق قەلەمنى،
تۈزەي گۈلدەستە دەپ قويسا قەدەمنى،
يۈرەك قېنىنى سەرپ ئەتسە بۇنىڭغا،
زايا كەتمەيدىكەن ھەرگىز ئۇنىڭغا...
شۇنىڭكىم ھادىسەكەن بەكمۇ دەھشەت،
ئۆزى راستىن بولۇپ ئۆتكەن ھەقىقەت.
ئەگەر سەنئەت تونى كەيدۈرۈلسە،
بەدىئى سۆز گۈلى بىرلە بىزەلسە،
جاھان ئاشقلىرىدىن كەم ئەمەسكەن،
قەلەم بەل باغلىسا بۇ ئىشقا، بەسكەن...
خىيال قالدى تىلىدا شۇ خىتابى،
سۇنۇغلۇق قولىدا بىر جام شارابى...

مۇھەببەت دېڭىزى قىرغاقى بويلاپ.
دېدى: ئىشق بۇ ئاجايىپ سىرلىق دېڭىز،
كېتەر غەۋۋاسلىرىنىڭ بەرى ئىزسىز.
ئەجەپ! غەۋۋاسلىرى ئۆز ئىختىيارى،
بولۇشۇر مەھۋ ئۇندا، دىلدا يارى.
كېتۇرلەر ئىختىيارى بۇ جاھاندىن،
كېچۇرلەر سۆيگۈ زورى بىرلە جاندىن.
مىسالى ئىشقنىڭدۇر بىر قۇياش ھەم،
ئاشىق ئىشق ئالدىدا گوياكى شەبنەم.
تۇغۇپ چىقسا ئەگەر ئىشق ئاپتابى،
يېتىشسە روھقا جازىبىلىك خىتابى،
ئىشققا تەلپۈنەر شەبنەم كەبى جان،
يوقۇلۇر ئىشقنىڭ نۇرىدا شۇئان.
بۇلار يوق، بولمىغاي يوق داستانى،
چىقار دەرتمەن، يازار تارىخقا ئانى.
مانا، پەرھات-شىرىن، لەيلى-مەجنۇن،
ئۇڭا بەرگەچ ئەدىپلەر يېڭى مەزمۇن.
ئۆتۈلگەن بولسىمۇ نۇرغۇن زامانلار،
ئۇنۇتماپتۇ بۇلارنى قىسسەخانلار.
قېنى، چىقمامدۇ، يوقمۇ بىر جاپاكەش؟!
دىلى غەمدىن ئېزىلگەن بىر قەلەمكەش؟!
چېكىپ مېھنەت پىكىر كانىنى قازسا...
بۇ ئىشق قۇربانلىرى ھالىنى يازسا...
بۇ دەريا قايسى دەريا، نەدىدۇر ئۇ؟

بولۇر ئۇ ئىختىيارسىز ئىشق ئەسرى،
قىلالماس ھىس، نە بولغاي ئىش ئېخىرى.
مۇھەببەت بىرلەدۇر ئالەم بىناسى،
قۇرۇلغان سۆيگۈ ئۈستىگە ئاساسى.
ئەمەس يالغۇزلا ئاشىق گۈلغا بۇلبۇل،
ئەمەس پەرۋانىلا شەمئ تەپتىدە كۆل.
مۇھەببەت كائىناتنىڭ بەرىدە بار،
مۇھەببەت سىررى سىرلار ئىچرە ئەسرار.
كۆرۈلگەي ئۇشبۇ ئەسرارنىڭ زوھورى،
كۆڭۈلگە سالسا ئەكسىن، ھۆسن نۇرى.
شۇڭا ھۆسنۇ-جامال ئىشق مەزھىرىدۇر،
گۈزەللىك ئىشق قوشىنىڭ ئۆز يېرىدۇر.
خىيالكىم ئۇڭا دۇنيا بىر قەدەمدۇر،
بۇ سىرلىق جىسىم يېنىدا بىر رەقەمدۇر.
خىيال سەيرى دىمەك شۇ خىلدا بولدى،
قولىدا جام-شاراپنى سۇندى، قالدى...

جاھان زۇلمەت بۇلۇتلىرىغا كۆمۈلگەن،
ھاياتلىق ئالىمى ئۇيقۇغا چۆمگەن.
نە تۇپراقتىن ئەسەر بار، نە شامالدىن.
خىتاپنى ئاڭلىدى تۇيغۇ خىيالدىن.
بۇ ئاۋازدىن تۇرۇپ ئويغاندى تۇيغۇ،
دىماغىغا كىرىپ ھۇش قاچتى ئۇيقۇ.
يۇگۈرتتى ھەممە ياققا ئۇ كۆزىنى،

## 2. تـۇيـغۇ ۋە ئىلـهام

ئەتە ھىسبۇ ئەنئەكە جۇرمۇن سەغىرۇن،
ۋەفىكەنتەۋەل ئالىمۇلئەكبەرۇ.
(ئۆزەڭنى بىر كىچىك جىسىم دەمىسەن ئىنسان،
سەندە بەكمۇ زور ئالەملەر پىنھان.)
ــــــ«ھىكمەت».

تۆرەلگەندۇر ئەجەپ فىترەتتە ئادەم،
ئۇنىڭدا كۆپلىگەن سىر يوشۇرۇن ھەم.
كۆرۈش، ھىدلاش، تۇتۇش، تېتىماق ۋە ئاڭلاش،
ئەقىل، ئىدراك، خىيال، ئىلھام ۋە ئويلاش.
بۇلا رنىڭ بارلىغى كىشىدە يىغىلغان،
ئۇلۇغ بولغان شۇڭا ھەممىدىن ئىنسان.
ئاجايىپدۇر ئۇنىڭكى ئەسلى زاتى،
كىچىكلىك بىرلە مەشھۇردۇر سىفاتى.
ئىرور بىر زەررە، چوڭ جىسىملار قېشىدا،
ۋە لېكىن كاتتا سىرلار بار بېشىدا.
كىچىكتۇر ئۇ، ۋە لېكىن بارچىدىن زور،
شۇڭا ئۇدۇر تەكەببۇر ھەمدە مەغرۇر.
ئەگەر سۆيگۈ جۇلاسى دىلغا چۈشسە،
ئۇنىڭدىن روھقا بىر تەسىر يېتىشسە،

ئۇنىڭدا بار بۇ داستانلار، قۇلاق سال.
بولۇرسەن ئاشۇ ئىشلاردىن خەۋەردار،
يېزىلغان ئۇندا بۇ ھاللار، تولۇق بار.
ئەگەر باشقىچە بولسا مۇددىئايىڭ،
بايان ئەتكىل ئىچۈككىم بولسا رايىڭ.
ئەگەر بۇ قىسسىنى يازماقچى بولساڭ،
ئۇنىڭغا يېڭى تون پىچماقچى بولساڭ،
يولۇڭدىن قايتما! يازغىن، بىز ساڭا يار،
ساڭا ئىلھام بېرىشكە بىز مەدەتكار.
دېدى تۈيغۇ: ئىچۈكمەن ئۇزىتاي قول،
يېزىلغان تۇرسا شۇنداق بىر قېتىم ئول.
بۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرى قەلەمنى —
ئېلىپ سىزغان ئىكەنلا بۇ رەقەمنى.
قاچان ئەل مۇشۇ خىزمەتنى ئۇنۇتقاي،
بۇ ئىشنى مەڭگۈ تارىخ ئەستە تۇتقاي!
بۇ بىر قىممەتباھالىق ئۈنچە-مارجان،
مۇشۇنداق تۇرسا نەزم يىپىغا تىزىلغان.
ئىكەن ئۆزلىرىگە بۇ قىسسە مەنسۇپ،
بولۇرمۇ قايتا يازماقلىق ئۇنى خوپ؟
نازارى بىر قاراپ قىلدى تەبەسسۇم،
دېدى: ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئىش ئى ئوغلۇم.
ئەگەر بىر نازىنىن بار، پەرەز قىلىنسا،
كىيىملەرلە بىزەپ ياساندۇرۇلسا،
بېرەر ھۆسن ئۇ كىيىم ئۆزىگە لايىق،

ئاجايىپ جاي ئارا كۆردى ئۆزىنى.
ئۇنىڭدا نە قۇياش بار، نۇر، نە كۇندۇز،
نە زۇلمەت بار، نە تۈن، نە ئاي، نە يۇلتۇز...
كۆرۈنمەيدۇ ئۇنىڭدا گۈل ـ گۈلىستان،
باھار، يا ياز ۋە يا كۈز، يا زىمىستان...
ئىرۇر يوقلۇق بۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانى،
دىمەكتە جار سېلىپ ئۇ: "ھەممە پانى".
ئىچۈكتۇر، بىر سۆزۈكلىكنىڭ ئىچىدە،
بۈيۈك، مەشھۇر يازۇچىلار سېپىدە.
تۇراتتى ئۇيلىنىپ شائىر نازارى،
بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى.
سالام قىلدى بېرىپ تۇيغۇ قېشىغا،
دىدى ھەيرانلىغىن دۇنيا ئىشىغا.
خىيالدىن ئاڭلىغان ئىشلارنى بىر ـ بىر،
نازارىغا ئېگىپ باش، قىلدى تەقرىر.
دىدى: نە پاجىئە بۇ، بىر گۈزەل قىز،
ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ كەتتى ئىزسىز.
نىمشقا شۇنچىلىك تويغان ئۇ جاندىن؟
شۇ خىل بىزار بولۇپ كەتكەن جاھاندىن؟
بوڭا ھەيرانلىغىنى قىلدى ئىزھار،
بۇ ئىشتىن كۆڭلىدە قانداق تۈگۈن بار...
تەبەسسۇم بىرلە سۆز قىلدى نازارى،
دىدى: بولساڭ بىلىشنىڭ ئىنتىزارى،
مېنىڭ "خەمسە"منى سەن ئىزدەپ تېپىپ ئال،

توشۇدۇك شەھەر ئىچىدىن سىرتقا گەندە.
تۇردى بىر چاغ ئېغىزدۇرۇغىنى چايناپ
بەدەخشان ئاغمىغى ئاستىگدا ئويناپ.
يۇردۇك بىر ۋاقىتلىدا ھەيدەپ ئېشەكنى،
شەھەرنىڭ ئىچىدە ئارتىپ تىزەكىنى.
يېشىڭ بۇ كۆن سېنىڭ يەتمىش بولۇپتۇر،
ئېپار بېشىڭغا يىللار سۇرتۇپتۇ كافور①.
چېچەكلىك شاخقا ئوخشاش بېشىڭ ئاپپاق،
ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىڭغا قاراپ باق.
ھاياتتىن يادىكار قويدۇڭمۇ ئاخىر،
قويارسەن نىمە مىراس؟ ئېيتقىنا بىر!
ھىلىمۇ بار ۋاقىت، ئالغىل قەلەمنى،
ئۆزەڭدىن يادىكار قوي شۇ رەقەمنى.
سۇنۇق روھىمغا بۇ سۆز روھ قوشتى،
يېزىشنىڭ ئىشتىياقى دىلغا چۇشتى...
يېزىشقا باشلىدىم بۇ داستاننى،
قىلاي دەپ يادىكار بىر ئارمىغاننى.
ئۈمىدىم شۇكى، مەن بولغاندا تۇپراق،
يۈزۈم بولغاي ئېلىمنىڭ ئالدىدا ئاق.
مېنى ياد ئەيلىگەيلەر، دەپ دۇئادا،
جاپا چەكمەكتىمەن شۇ مۇددىئادا...

① ئېپار ــ قارا رەڭلىك، كافور ــ ئاق رەڭلىك خۇش پۇراق ماددىلار. بۇ مىسرادا ئۇلار چاچنىڭ قارا ۋە ئاقلىغىغا ئوخشىتىلغان ــ ئاپتور.

شۇ نىسبەتتە قەدىرلەيدۇ خالايىق.
قاراپ كۆر، «لەيلى-مەجنۇن» داستانىن،
بۇ ئەپسانە داۋامىن ھەم بايانىن.
ئەقلىنى سەرپ قىلغاچ چوڭ ئەدىپلەر،
ئەدەپ بېغىدا ياشناپ ھىد چاچۇرلەر.
يېزىپ خىسراۋ ئۇنى، كەيدۇردى بىر تون،
قوشۇلدى بۇ بىلەن، ھۆسنىگە بىر ھۆسن.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يازدى نىزامى،
نىزامىدىن كېيىنلا يازدى جامى.
بۇ ئەپسانە بۆلەكچە تاپتى زىننەت،
قازاندى قىسسەخانلار ئارا شۆھرەت.
بۇلاردىن ئاز كېيىن يازدى ناۋايى،
يازۇچىلار توپىنىڭ پىشۋايى.
پاساھەت ئۇنچىسىدىن ئاستى زۇننار،
بالاغەت دۇرلىرىدىن تاقتى تۇمار.
ئى ئوغلۇم، سەن قەلەمنىڭ ئاشناسى،
بېشىڭغا چۈشسە يازماقنىڭ ھاۋاسى،
بولايىن مەنئۇي يار، ئال قەلەم، ياز!
جاھاندا تارتمىدىڭسەن دەرت-ئەلەم ئاز.
غەلىتىلا ئۆتۈپ كەتتى ھاياتىڭ،
زامانە زۇلمىدىن سۇندى قاناتىڭ.
يىگىتلىك گۈللىرىڭ بالدۇرلا سولدى،
قىرانلىق قامىتىڭ غەمدە پۈكۈلدى.
بېشىڭغا چۈشتى كۈنلەر بىر مەھەلدە،



قۇچاقلاشتى ئەتىرگۈل، لالە، رەيھان.
يېشىل ياپراق شىرىقلاپ چىقىرىپ ئۈن،
ئېتەتتى بەخش سەھەرگە يېڭى مەزمۇن.
ئۈنى ئاڭلاندى بۇلبۇلنىڭ يىراقتىن،

# 3. قىسسەخان بۇلبۇل

ئاتىشىن گۈل غۇنچەسىدىن ئوتلۇغ ھەم قانلىغ كۆڭۈل،
زار بۇلبۇل تۇمشۇغى چاكىدىن ئەفغانلىغ كۆڭۈل.

توخمى دەك بوستانى ئەفرۇزى ئىرور ھەر يان ناھان،
ھىجر خۇنابى ئارا يۈز داغى پىنھانلىغ كۆڭۈل.

——ناۋايى.

تۈگەپ تۈن، ئىندى شەرقتىن سۈبھ كۈلگەن،
پەلەكنىڭ قىرغىغىغا ئاق سۈرۈلگەن.
سوزۇلغان كۆكتە ئالتۇن نۇر تانابى،
ئەۋەتكەن ئەكس باھارنىڭ ئاپتابى.
يىرتىپ نۇر تىرنىغى تۈن كوڭلىكىنى،
ئاقارتماقتىدى كۆكنىڭ شەرق يۈزىنى.
دىلىمدىن كەچتى قىلماق سەيرى گۈلزار،
ئۆزەي بىر گۈل ھاياتتىن دەپ بىئازار.
ھەۋەس بىرلە چىمەنلىك ياققا كەتتىم،
باراقسان ياشىنغان گۈزەللۇققا يەتتىم.
چىرايلىق رەڭمۇ-رەڭ گۈللار ئېچىلغان،
مۇئەتتەر بەكمۇ خۇش ھىدلار چېچىلغان.
ئېسىپ تاڭنىڭ يېلى ئاستا ۋە لەرزان،

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ئالەمدىن ئاچتى سۆزنى،
ئەجەپ قىسسە ئوقۇشقا سالدى ئۆزنى.
بايان قىلماققا بىر داستاننى چۈشتى،
شامالمۇ توختىدى، جىمجىت تۇرۇشتى.
چېكىپ بۇلبۇل بىر ئاھى ئاشىقانە،
شۇ مىسرالار بىلەن تۈزدى پىسانە.

## غەزەل

مۇھەببەت سىررى بىر سىركىم، ئۇ شاھلارنى گادا قىلغان،
نى-نى ئاقىل كىشىلەرنى مۇشۇ يولدا ئادا قىلغان.

ئەمەسمۇ شۇ مۇھەببەتكىم، ئەدىپ قەيسنى قىلىپ مەجنۇن،
ئەرەپنىڭ چۆللىرىدە ئەقىل-ھۇشىدىن جۇدا قىلغان.

مۇھەببەت بۇيرۇغى بىرلە شىرىنىنىڭ ئىشقىدا پەرھات،
قېزىپ ئۇ، ئەرمىنىستان تاغلىرىنى جان پىدا قىلغان.

مۇشۇ سۆيگۈ كۈچىدۇركىم، تاھىرنى زوھرا ئىشقىدا،
سېلىپ ساندۇققا باش ئەگكون سۇيىدە بىسادا قىلغان.

ئەمەسمۇ شۇ مۇھەببەتكىم سەئىدىن ئىشقىدا ئۆلگەچ،
رابىيە مۇز تېگىدە جېنى بىرلە ئەلۋىدا قىلغان.

مۇھەببەتنىڭ كۈچىدۇركىم، ئازات ئۇچقۇچى بۇلبۇللار،
گۈلىستانلاردا، گۈل ئىشقىدا ھەر تاڭدا نىدا قىلغان.

قىلاتتى نالە ئۇ دەردۇ-پەراقتىن.
ھاۋا بەك ساپ، پۈتۈن ئەتراپ چىرايلىق،
ئىدى تولغان چىمەنلىك گۈل بىلەن لىق.
ئېتەر بەخش روھقا روھ سازنىڭ ساداسى،
نەپىس-نازۇك سادا جاننىڭ غىزاسى.
كۆڭۈلكىم ئالمىسا لەززەت باھاردىن،
ئۇنىڭغا يەتمىسە زەۋق نەي، دۇتاردىن،
سازەندە قوشمىسا گەر جانىغا جان،
ئۇنىڭدىن چۈشمىسە قەلبىگە ھاياجان،
كېسەلدۇر بۇ ۋۇجۇد يوقتۇر داۋاسى،
تىچۈك بولسۇن كېسەكتە زەۋق ھاۋاسى.

قىتئە

ھەر كۆڭۈلكىم ئالمىسا زەۋق خۇش ناۋا ئۇندىن تۈزۈك،
قىل تەسەۋۋۇر بىر بۇزۇق ساز دەپ، ئۇنىڭ تارى ئۈزۈك.
ئەكسىنى سالماس گۈزەللەر نەرگىسى شەھلالىرى،
بولمىغاندا گەر يۈزى ئاينەنىڭ چاگدىن سۈزۈك.

چېچەكلەر ئارىلاپ كەتتىم شۇ ياققا،
بېرىپ بار دىققىتىمنى مەن قۇلاققا.
ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئۈن بار جايىنى تاپتىم،
ئۆزۈمنى بىر مۇناسىپ جايغا ئاتتىم.
بولۇپ گۈللار تاماششاسىلە مەشغۇل،
تولا مۇڭلۇق قىلىپ سايرايتتى بۇلبۇل.

ئۇنىڭدا ياز ئۇزۇن، قىش پەسلى قىسقا،
بۇلۇت قادىر ئەمەس كۈننى توساشقا.
دىمەك، كۆپ چاغدا نىلى كۆك بۇ ئاسمان،
بۇلۇتسىز تۇرىدۇ گوياكى ئوكيان.
نىمەتلەر ئۇندا كۆپتۇر بىناھايەت،
ئۇنى دەپ ئولتۇرۇشقا يوقتۇر ھاجەت.
ۋە لېكىن ئەڭ بۇيۇك بىر نىمەتى بار،
ئۇنى قىلغان زامان، تارىخمۇ ئىقرار.
بۇنىڭغا قايسىبىر نىمەت بولۇر تەڭ،
يېيىلغان مەرىپەتنىڭ دوسقىنى كەڭ.
ئۆتۈپتۇ قانچە-قانچە دەۋر-دەۋران،
بېرىپ قەشقەردە مىۋە ئىلىم-ئىرپان.
ناھايەت كۆپ ئەدىپ، ئالىم يېتىشكەن،
يېزىپ نادىر ئەسەرلەرنى كېتىشكەن.
بۇ جايدا پەيلىسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپ،
غەزىنە يادىكار قىلغان ئاجايىپ.
يېزىپ چىققان ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»نى،
قىلىپ پەزلىگە قايىل كۆپچىلىكنى.
دىسە دۇر، دۇر ئەمەس قىممەتتە شۇنچە،
دىسە بال، بال ئەمەس لەززەتتە ئۇنچە.
باھار دىسە، باھارنىڭ بار خازانى،
دىسە گۈل، يوق قىلالماس كۈزلەر ئانى.
خازانسىز مانا شۇنداق بىر گۈلستان،
ئۇنۇپ قەشقەردە بولغاندۇر باراقسان.

مۇھەببەت سىررى بىر سىردۇر مۇشۇنداغ،
بۇ سىردىندۇر ئەقىللىق باغرىدا داغ.

قىتئە

بۇ كائىنات چەمبىرىگە سۆيۈش رىشتەسى،
بەكمۇ سىرلىق ھەم يوشۇرۇن بولۇپ چىرماشقان.
ھايات پەلىكى ئۈستىدە مۇھەببەت پېرىشتەسى،
ۋۇجۇد ئۈچۈن ئىلھاملار بېرىپ ئورناشقان.

* * *

ھاياتىڭغا سەۋەپ ئاتا-ئاناڭ مۇھەببىتى،
سۆيۈشۈپ ئۇلار سېنى تۇققان، سۆيۈپ ئۆستۈرگەن.
دىل كۆيدۈرۈپ بېسىپ باغرىغا، سىڭگەن مېھنىتى،
مۇھەببەتقىنا سېنى ھايات ھالغا كەلتۈرگەن.

قىلىشقا باشلىدى شۇنداق رىۋايەت،
بولۇپ ئۆتكەن، ئەمەس ياسما ھىكايەت.
دىدى: سۆزلەيمەن ئىشق قۇربانلىرىدىن،
بۇ يۇرت ئۇيغۇرلىرىنىڭ باللىرىدىن.
ئەگ ئەۋۋەل سۆزنى مەنبەدىن ئاچايلى،
ماكانىنى بۇ داستاننىڭ تاپايلى.
بۇ قىسسە مەنبەئىنىڭ ئەسلى قەشقەر،
مۇبارەك، ناز-نىئمەتلىك گۈزەل يەر.
بېغىشلايدۇ ھوزۇر دىلغا ھاۋاسى،
كۆنىنىڭ نۇرى دەرتلەرنىڭ داۋاسى.

شاھنشاھلاردىن ئالساق شاھى تۇران
ئالىپ ئەرتۇڭا ئۇلدا تەخت قۇرغان.
ئىرور ئەفراسىياپ تاجىكچە نامى،
ئىدى قەشقەر شاھنشاھلىق ماقامى.
قاراخانىلار ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىل،
مۇشۇ قەشقەرنى مەركەز ئەيلىگەن، بىل.
ساتۇق بۇغرامۇ سۈرگەن بۇندا خانلىق،
داۋام قىلغان ئۇزۇن بۇ خاندانلىق.
شۇڭا قەشقەر ئىرور مەشھۇر جاھاندا،
بولۇپ ئۆتكەچ تولا زور ئىشلار ئۇندا.
بۇراپ ئەندى قەلەمنىڭ تىزگىنىنى،
ۋاراقلىسا شۇ تارىخنىڭ بېتىنى،
ئاجايىپ ۋاقىئە ئۇچرايدۇ ئۇندا،
قەدىمى ئۇشبۇ تارىخى ئورۇندا.
شۇ ۋاقىئەلەر بىرى، بۇ داستاندۇر،
بۇ ھەقتە بۇلبۇلۇڭكىم، قىسسەخاندۇر.
ھەققى ئىككى ئاشىق داستانى،
مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ بايانى.
بۇلار سۆيگۈ ئارا يەككە-يىگانە،
رەزىل نەپسانى خاھىشتىن بىگانە.
ئەجەپمۇ بەك ئايانچلىق ماجاراسى،
دەمىگە تارتتى ئىشقىنىڭ ئەجدىھاسى.
سۆزىنى قىلدى بەس بۇ يەردە بۇلبۇل،
مەگەركىم بولدى سۆزلەشتىن مالال ئۇل.

ئۇنى تەڭلەشتۈرۈپ بولماس قۇياشقا،
ئەسەرنىڭ قىممىتى، تەسىرى باشقا.
يەنە مەشھۇر مەھمۇت قەشقىرىمۇ،
تۇغۇلغان شۇندا، شۇندا قەۋرىسىمۇ.
"دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك"نى يازغان،
چېكسىز مېھنەت بىلىم كانىنى قازغان.
بولالماس تەڭ ئۇنىڭغا دۇررۇ-گەۋھەر،
قىلۇر پەخر بۇ بىلەن دۇنياغا قەشقەر.
بۇلار قەشقەردىكى ئىلىم ئىشىتىدۇر،
پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زىننىتىدۇر.
بۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ساھەلەردە،
يېتىشكەنلەر تولا ھەر بىر ھۈنەردە.
ئەدىپلەردىن جامالىدىن، زەلىلى،
ئىمادىدىن، سىراجىدىن، تەجەللى،
خوجا ياقۇپ، گۇمنام، مىرزا ھەيدەر،
قىدىرخانۇ، سەئىدخانۇ، قەلەندەر،
مۇھەممەت تۆمۈر، ئاخۇن موللا كالان،
مۇھەممەت سادىق، ئابدۇرىشىتخان،
قاسىمى، موللا سىددىق، .موللا خامۇش،
مۇھەممەت ئابدۇللەلى، موللا يۇنۇس،
زىيائى، خىرقىتى، ئەرشى، سەبۇرى،
غېرىبى، خىسلىتى، فۇرقەت، نازارى...
يانا شۇنداق ئۇلۇغ زاتلار بۇ يەردە،
كېتىپتۇ قالدۇرۇپ ئىزلار، كېتەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 4. ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى

سەھەر، تارتقاندا لەشكەر شەرق شاھى،
يېڭىلگەندە قارا تۈننىڭ سىپاھى.
ئازايغاندا پەلەك تاقىدا يۇلتۇز،
قارا تۈسى ئۈنىڭ ئالغاندا رەڭ بوز.
دىلىمنى ئۆزگە تارتقاچ مۇشۇ داستان،
ماكان بولدى ماڭا قايتا گۈلىستان.
ئېتىپ تاڭ، كەلدى بۇلبۇل گۈلگە قوندى،
يانا ئۇ قىسسەخانلىققا تۇتۇندى.
سۆزىنى باشلىدى قەشقەر زېمىندىن،
ئۈنىڭ ئەتراپى، كەنتى، ھەر يېرىدىن.
ئۈنىڭ بىر كەنتى بار، دەپ، "پەيزى ئاۋات"،
قويۇلغان پەيزىلىك بولغاچقا بۇ ئات.
ئۈنىڭ شەرقى ئۇلاش مەكىت ـ دولانغا،
تۇتاشتۇر بىر يېقى تەكلىماكانغا.
بۇ كەنتنىڭ رەسمىدۇر قەشقەر بىلەن بىر،
ھاجەت يوقتۇر بايان قىلماققا بىر ـ بىر.
بۇ كەنتلىكلەر ھەر چاغ تاپسا پۇرسەت،
قۇرۇشۇپ بەزمۇ ـ مەشرەپ، بولۇپ ئۇلپەت.
ئۇزۇپ گۈللار ھاياتنىڭ گۈللىغىدىن،

پىرىلداپ قونىدى، گۈلدىن ـ گۈلغا ئۇچتى،
قىلىپ پەرۋاز ھاۋا ئەۋجىنى قۇچتى.
ئېسىپ تاڭ سالقىنى غۇر-غۇر ۋە لەرزان،
گويا دەيتتى ئۇ، قايت، بىچارە ئىنسان.
دىلىمغا سىغمىدى بۇ سەيرى گۈلزار،
كۆكۈل گۈل غۇنچىلاردىن تاپتى ئازار.
چېكىندىم، قالدى دىل داستانغا باغلىق،
بۇ پاجىئەنى بىلىشكە ئېھتىياجلىق.
كەل، ئى سازەندە چال سازىڭنى، ئاڭلاي،
جېنىمنىڭ رىشتەسىدىن تار باغلاي.
كۆيۈك غەمكىن دىلىمغا بەرسۇن ئارام،
قوشۇلسۇن مەنۋى ئىلھامغا ئىلھام.

غەزەل

ئىشقنىڭ ۋادىسىدىكىلەر بىرلە بولماق ئارزۇ،
قانچىلىك چەكتى ئەلەم، غەم، ئۇنى ئۇقماق ئارزۇ.

ئەكس كىم ئەتتى كۆكۈل ئەينەكلىرىدە ئىشقتىن،
ئۇنى دىل دەپتەرلىرىدە مەڭگۈ قىلماق ئارزۇ.

يېڭى ئايدەك ئىشق كۈننىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ
بەھىر ئېلىپ ئۇندىن تولۇن ئايدەكلا تولماق ئارزۇ.

ئىشق ھەر دىلغا مۇيەسسەر بولمىغان بىر نۇر ئىكەن،
گەر مۇيەسسەر بولسا بۇ، پەرۋانە بولماق ئارزۇ.

ئاشىقنىڭ نەرگىسلىرى تۆككەن قىزىل لەئل قەترەسىن،
دۇر بىلىپ، جان بويىنغا زۇننار ئاسماق ئارزۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرىسى

ئۆزى بىلگەن تەرەپكە يول سالاتتى،
ئالۇر يول ئۇ قاراپ تەكلىماكانغا،
بىپايان قۇم بىلەن تولغان جاھانغا.
بېسىپ ئۆتكۈنچە دەريا ئۆز يولىنى،
سىڭىپ قۇمغا تۈگەتكۈنچە ئۆزىنى.
تۇغۇلار چۆلدە نۇرغۇن چوڭ-كىچىك كۆل،
بولۇپ سۇدىن بۇ چۆلنىڭ تۇپرىغى ھۆل.
ئۈنۈپ نەملىك بىلەن نۇرغۇن ئۆسۈملۈك،
مېۋىلىك، مېۋىسىز ھەر خىل ۋە تۈرلۈك.
ئۆتۈپ شۇ ھالدا چۆلدە قانچە دەۋران،
تۆرەلگەن ئۇندا سانسىز، كەڭرى ئورمان.
بۇ ئورمان ئىچىگە، ئۆتكەنسېرى يىل،
يىغىلغان ياۋا ھايۋاناتلار ھەر خىل.
ماكانلاشقاچ بۇ جايدا كۆپتىن تارتىپ،
ئۇلارنىڭ نەسلى كەتكەن بەكمۇ ئارتىپ.
تىزىپ چاڭگا دەرەخ ئۈستىدە قۇشلار،
ۋىچىرلاپ سايرىشىپ قىلىتى ئۇچۇشلار.
بۇ جاي ھەققىدە شۇنچە سۆز ئۇزارتتىم،
خۇسۇسىدا ئۇنىڭ ئىزاھ تاراتتىم.
دېدى بۇلبۇل تۈگەتتى، ئۇ سۆزىنى،
تىكىپ گۈللار جامالىغا كۆزىنى.
چىمەن ئۈستىدە ئانچە قىلدى پەرۋاز،
يېقىملىق سايرىدى توختاتتى ئاۋاز.
ئۇچۇپ كەتتى گۈلستاندىن يوقالدى،

يۇياتتى قايغۇ ـ غەملەرنى دىلدىن.
ھاياتنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزەتتى،
ئاساسى تۇرمۇشى شۇ خىل ئۆتەتتى.
قاچانكىم ياز تۈگەپ بولسا خازان گۇل،
سوغاقتىن قاچسا ئۆيگە باي ۋە يوقسۇل،
ئاياقلاشسا گۈزەل ياز، كەلسە قىش چاغ،
يوقاتسا پەيزىنى گۈللۈق بىلەن باغ.
ئالاتتى ئاۋ قىلىشقا چۆلسىرى يول،
تۇتۇشقا بۇغا، جەرەن، تۈلكە، قىرغۇل.
تەييارلاپ ياز بويى تۈرلۈك قورالار،
قىلاتتى ئاۋ غېمىنى ياش ۋە چاللار.
ئۇلار ئىككى ياكى كۆپلەپ جۇپلىشاتتى.
كىچىكرەك ئاۋ قىلىشىپ قايتىشاتتى.
ۋە لېكىن ھەر قىشى بىرقانچە ئايلاپ،
شىكارنىڭ كويىدا چۆللۈكنى بويلاپ؛
تارىم ۋادىلىرىغا يۈزلىنەتتى،
ئاجايىپ ئاۋچىلىق دەۋرىنى سۈرەتتى.
تارىم ئاتلىق قەدىمى ئاشۇ دەريا،
سوزۇلۇپ ئەجدىھادەك چۆلدە گويا.
سىيلىپ دولقۇنلىرى ئەتراپقا شاۋقۇن،
ئاقاتتى شەرق تەرەپكە كۈن بىلەن تۈن.
ئەگەر ياز ۋاقىتلىرىدا ياغسا يامغۇر،
بۇ دەريادا بولۇپ سۇنىڭ كۈچى زور.
تارىم دەرياسى لىق سۇغا تولاتتى،

## 5. تەلۋېچۈك ۋە يامانيار

سۈيى باردۇر ئاندا ئېتى "تەلۋېچۈك"
بىغايەت مۇسەففا ئۆزىدۇر چۈچۈك.
——نازارى.

پەيزاۋاتىنىڭ يۇرتى بار سۇبھاناللا
تۇتسا كېرەك ئېسىدە قىسسەخانلار.
ئىككى ئاشىق شۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن،
جاھاندىنمۇ مۇشۇ يۇرتدىنلا كەتكەن.
يېنىدا تەلۋېچۈك دەپ بار بىر ئۆستەڭ،
سۈيى شوخ، مەۋجدار، قىرغاقلىرى كەڭ.
سۇغۇرۇپ مۇشۇ ئۆستەڭ پەيزىۋاتنى،
بېرىپ بۇ يۇرتقا ئۇ باياشات ھاياتنى.
ئېشىپ، تېشىپ يانا كېتىدۇ ئاياققا،
تېرىم، موغۇل دېگەن يۇرتقا-يىراققا.
كىشى گەر سۇبھاناللادىن پىيادە
قاراپ شەرققە، يېرىم كۈندىن زىيادە
مېڭىپ كەتسە مۇشۇ ئۆستەڭنى بويلاپ،
پايانسىز ياپ-يېشىللىقلارغا قايلاپ،
كۆرىدۇ ئانچە كۆپ قوزۇق قېقىلغان،
ھېساپسىز شاخۇ-شۇمبا، ئوت بېسىلغان.

بىلنمەي قالدى يولنى نەگە سالدى...
سەھەرنىڭ سالقىنى كەل، گۈل ھىدىن چاچ،
تۈتۈق كۆڭلۈمنى خۇش بۇيلار بىلەن ئاچ.
ئۆزەمدە يوق ئۆزەمنىڭ ئىختىيارى،
ئىرورمەن قىسسەخانىنىڭ ئىنتىزارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 6. ئاۋچىلار تەكلىماكاندا

بۇ كۈنمۇ تاڭ چېغى ئۇيقۇنى تاشلاپ،
خىيال ماڭدى مېنى گۈللۈقتا باشلاپ.
قوي‌ئۇلغاندەكلا ياقۇت يۇنجىدىن كۆز،
تۇراتتى يالتىراپ ئاسماندا يۇلتۇز.
سايراشنى باشلىدى كەلگەنچە بۇلبۇل،
كىرىشتى قىسسەخانلىققا يانا ئۇل.
دىدى: بىز ئەمدى ئاۋدىن سۆز ئاچايلى،
ۋاقىئەلىكلەرنى بىر بىرىگە ئۇلايلى.
قېنى يوقلايلى بىز تەكلىماكاننى،
كۆرەيلى ئۇندا ئاۋچى كارىۋاننى.

تۇگەپ جەدى، ئىدى دەلۋە پەسلى كىرگەن،
زېمىن كافورسىمان قاردىن كۆمۈلگەن.
يېقىپ ئورمان ئىچىدە كاتتا گۈلخان،
چۆرىدەپ ئولتۇراتتى يۇزچە ئىنسان.
چاراسلاپ ياناتتى گۈلخانلىدا ئوت،
دۆۋە چوغ يالتىراپ گوياكى ياقۇت.
بۇلار يۇلغۇن شېخىدىن زىخ ياسىشىپ،
شىكارى ئەتلىرىن زىخقا تىزىشىپ.

ئىگىزدىن پەسكە سەكرەپ چۈشىدۇ سۇ،
ياساپ سانسىز كۈمۈش رەڭ قۇۋبىچە ئۇ.
ياسالسا بۇ قوۋبىچىلەر قانچىلىك تېز،
يوقايدۇ ئۇ يانا شۇنداقلا ئىزسىز...
بۇ يەردىن تەلۋىچۈك دەرياسى ھەر يىل،
ئېرىپ قار، ياغسا يامغۇر، باشلىسا سېل.
ئېلىپ يار، كېتىدۇ سۇ بوش ياۋاغا،
كىشلەرنى سېلىپ جەبرۇ-جاپاغا.
بۇ يەرنى ئەل يامانيار دەپ ئاتايدۇ،
جاپا-مېھنەت ماكانى دەپ قارايدۇ.
بولۇپ بىر ۋاقىئە، ئۆزگەردى نامى،
ئاتاشتى دەپ "چوكان يار" خەلق تامامى.
ئېتى يۆتكەلدى بۇ يارنىڭ نىمىشقا؟
سەۋەپ نە بولدى بۇ ئاتنى قويۇشقا؟
قىلۇر كەلگۈسى باپلار بۇنى روشەن،
نىچۈك چىقتى بۇ ياردىن روھسىز تەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ داستاندا روللىرى بار،
يامانلىق، ياخشىلىقتا قوللىرى بار.
بىرى ئون تۆت ياشلىق بىر ئوغۇلدۇر،
زىرەك، ئاقىل، چىرايلىق تازا گۇلدۇر.
دىمەك پەرۋانە، قىلغان ئىشق ئوتى كۆل،
ئېتى سەئدىن، جاھاندىن كەتتى ياش ئۇل.
ئىككىنچىسى، شۇ يۇرتنىڭ بېگى جاپپار،
زالىم، ئىپلاس، بىناموس مەككار.
ئۈچىنچىسى، بۇلارنىڭدۇر ئىبراھىم،
ئوغۇلنىڭ ئاتىسى ئاڭلىق، مۇلايىم.
ئىرور تۆتىنچىسىنىڭ ئېتى ياقۇپ،
يامان نىيەتتە جاپپار بەگ بىلەن جۇپ.
بۇ قانلىق داستاننىڭ كەلگۈسىدە،
بۇلار ئۇچرايدۇ بىزگە ھەر يېرىدە.
مەئەلقىسسە، بۇلار ئوبدان تويىاندى،
دۇئا قىلدى، قولى، ئاغزى بوشاندى.
ئەلھاسىل باشلىنىپ كەتتى ئارا سۆز،
بىرى ئەگرى دىسە، دەيتتى بىرى تۈز.
بۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قېرى چال،
مۇشۇنداق بىر سوئالنى قويدى ئەھال:
پايانسىز چۆلگە شۇنچە كۆپلىگەن قۇم
كېلىپ قالغاندۇ نەدىن؟ كەلدى ئۇققۇم.
مۇشۇنداق بىھساپ قۇملار بۇ چۆلدە،
توغۇلغاندۇر ئۇلار قايسى مەھەلدە؟

پۇشۇرماقتىدى قالغان ئاۋلىرىنى،
كۇتۇشكە ئاۋ ئىتىدىن ئۆزلىرىنى.
قۇرۇشقانتى مۇشۇنداق بەزم ئازات،
يىقىپ گۇلخان، قىلىپ بۇ چۆلنى ئاۋات.
ئىلىشتى دەم، كاۋاپنى يەپ ئىچىپ چاي،
بۇلارغا بولدى گۇلخان چۆرىسى جاي.
بۇ جايتى بىر بىھشى تەكلىماكاننىڭ،
پايانسىز قۇم دېڭىزى بۇ جاھاننىڭ.
ئىكەندۇق شەھەر بۇ يەر بىر زاماندا،
بولۇپتۇ ئەمدى قۇم دۇنياسى پەيدا.
يوقاپ بۇ جايدىكى شەھەرلەر نىشانى،
بولۇپتۇ ياۋا جانىۋارلار ماكانى.
بۇ كۈن ئورماندا گۇلخان ياققۇچىلار،
ئاۋ ئاۋلاپ، ئەتنى يەپ جان باققۇچىلار.
شىكار قىلغان شۇ يۇرتلۇق ئاۋچىلارتى،
قېرى، ياش ئۇستا ئاۋچى، نوچىلارتى.
ھەر يىلى قىشتا شۇنداق توپلىشاتتى،
جەرەن، بۇغا، قۇلانلار قوغلىشاتتى.
يىقىپ گۇلخان قەيەردە بولسا ئاخشام،
ئالاتتى يەپ كاۋاپ، شورپانى ئارام.
قىلىپ تەكلىماكاننى ئۆزىگە جاي،
كەچۈرەتتى ھايات چۆلدە نەچچە ئاي.
تونۇتماستىن ئۇلارنىڭ بارچەسىنى،
ئاتاپ ئۆتىلى بۇلاردىن نەچچىسىنى.

ئۇنىڭ شەھىرى كەتەك بۇ شەھەر نامى،
كېتىپتۇ كۆمۈلۈپ قۇمغا تامامى.
بۇ ھەقتە بار ئەنە شۇنداق رىۋايەت،
كىتاپلاردا يېزىلغان بۇ ھىكايەت.
كۇسەن يەنى كۇچارلىق موللا مەممەت —
تۆمۈر، تارىخ يېزىپتۇ ئىككى يۈز بەت.
ئۇنى «تەزكىرەتۇر رىشات» ئاتاپتۇ،
ئۇنىڭدا ئىككى خىل ئىشنى ئاپتۇ:
بىرى «تەزكىرە بۇغرا»دىن ئېلىنغان،
بىرى «تارىخ رەشىدى»دە يېزىلغان.
بۇ ھەر ئىككى رىۋايەتتە دېيىشىچە،
شۇ دەۋر ئالىملىرىنىڭ يېزىشىچە.
بۇ جاينى باسقىنى قۇمنىڭكى باسقان،
تاسادىپ قۇمنىڭ ئاستىدا قېلىشقان.
ۋە لېكىن ئىختىلاپتا پەرق چوڭ يوق،
ئۇلار دەيدۇ: "يېغىپ قۇم بولدى قۇملۇق"
يانا مەن ئاڭلىدىم باشقا رىۋايەت،
كېلەر ئۇيغۇن ھەقىقەتكە ناھايەت.
تارىم دەرياسى بۇ جايغا ئاقاركەن،
بۇ دەريادىن شۇ يەرلەر سۇ ئىچەركەن.
كېلىپتۇ بىر زامان، ھال ئۆزگىرىپتۇ،
تارىم سۇيى بۆلەك ياققا ئېقىپتۇ.
پۈتۈن كەنت، يەر ۋە قىشلاقلار قۇرۇپتۇ،
يوقۇلۇپتۇ ھايات، چۆلگە ئايلىنىپتۇ.

ئىچۈن تەكلىماكان دەپ ئات قويۇلغان؟
قاچانلاردىن بېرى شۇنداق ئاتالغان؟
بىرى دىدى: بۇ جايمىش بىر "تىلسىمات"
ئىمىش غەزنە بىلەن قۇم ئاستى ئاۋات.
تاپالماسمىش ئۇنى ئىزدەپ كىشلەر،
ئەگەر تاپسا چىقالماسمىش ئىمىشلەر.
قولىدىن ئالغىنى تا چۈشمىگۈنچە،
پەسەيمەيمىش بوران، تاشلىمىغۇنچە.
شەھەركەن مۇشۇ جاي بىر ۋاقتلاردا،
قىلىپكەن بىر جادىگەر تىلسىمنى پەيدا.
كۆتەردى بېشىنى شۇندا ئىبراھىم،
دىدى: ئەسلىنى بىلگۈچى خۇدايىم.
بۇرۇن بۇ جاي تولا ئاۋات شەھەركەن،
تېرىلغۇ، باغۇ-بوستانلىق يەر ئەركەن.
يېقىملىقكەن بېيىشتەكلا ھاۋاسى،
تولۇپ تاشقان ئىكەن قۇشلار ناۋاسى.
قىلىپتۇ خەلقىنى مەس راھەت شارابى،
بېسىپتۇ كۆڭلىنى غەپلەت ئازابى.
بۇزۇقلۇق ئەگرى يوللارغا مېڭىپتۇ،
ئۆزىنى تونۇماي ھەددىن ئېشىپتۇ.
چىقىپتۇ بىر كۈنى قاتتىق شۇۋرغان،
بولۇپتۇ قارا زۇلمەت يەر ۋە ئاسمان.
يېغىپتۇ ھاۋادىن قار ئورنىغا قۇم،
بولۇپتۇ بۇ شەھەر قۇم ئاستىدا گۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېزىلىپتۇ كىتاپلاردا مۇشۇنداق،
بۇ ئات گاھ ئېيتىلىپ مۇنداق، گاھ ئۇنداق.
بىرى دەپتۇ ئۇنى تېگى ماكان دەپ،
ئاتاپتۇ ئۇ بىرى تەھتى ماكان دەپ.
ئاخىر تەكلىماكان دەپ ئاتىشىپتۇ،
كىشىلەر ئاغزىغا شۇ نام چۈشۈپتۇ.
شۇ سۆزلەر بىرلە سۆھبەت بولدى ئاخىر،
تۇرۇشتى ئورنىدىن ھەممىسى بىر-بىر.
يېنىق گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى،
ئۆز ئاۋنىڭ پىلانىنى قۇرۇشتى:
دەرەخلىق ئۈچ تەرەپتىن چىڭ ئورالغاي،
ئوچۇقچىلىق يېقىلا بوش قويۇلغاي.
بۇلارنىڭ ھەممىسى بار چارە بىرلەن
سېلىپ شاۋقۇن، كۆتەرگەي تەڭلا سۈرەن.
ياۋا ھايۋانلار بۇ شاۋقۇندىن ھۈرككەي،
قويۇلغان بوش تەرەپ — قۇملۇققا ئۆتكەي.
قارا قۇش، قارچىغايۇ، بەزرە، لاچىن،
سېلىنغاي ھەنىۋاسى ئاۋغا بىردىن...
مۇشۇنداق ئاۋ پىلانىنى قۇرۇشتى،
يېنىق گۈلخاننى چۆرىدەپ يېتىشتى.

ئىبراھىم قىلدى سۆزنى شۇ بەس،بىلەن
ئارادا سۇردى جىملىق ھۆكۈم بىر پەس.
بىرى شۇنداق سوئالنى قويدى دەرھال،
ئەگەر بولسا دىگەندەك مۇشۇ ئەھۋال:
كى يەنى بۇ ماكان بىر شەھەر بولسا،
ئۇ شەھىرى كەتەك دەپمۇ ئاتالسا.
تارىمىمۇ باشقا ياقلارغا ئىقىپتۇ،
سۇيى يوق قاغجىراپتۇ، چۆللىنىشىپتۇ.
ئەگەر ئاۋات شەھەرلەر بولسا بۇ يەر،
ئۇنىڭ بولماسلىغى قۇملۇق، مۇقەررەر.
كىلىپ قالدى بۇ قۇم ئەمدى قەيەردىن؟
كۆمۈلدى شۇنچە، ھىچ ئىز يوق شەھەردىن؟...
بۇنىڭغا بەرمىدى ھىچكىم جاۋاپنى،
قىزىپ كۆرسە ئەگەر جايى خاراپنى.
ئىچىلغاي سىرى بۇ تەكلىماكانىنىڭ،
بولۇر مەلۇم تىگى قۇملۇق جاھانىنىڭ...
بىرى بەردى تۇرۇپ شۇنداق سوئالنى،
توزۇتۇپ ئاستىغا سالغان پاخالنى.
دىدى: بولىبا بۇ جاي شەھرى كەتەك گەر،
نىمىشقا خەلق ئۇنى تەكلىماكان دەر؟
يىراقتۇر ئىككى ئاتنىڭ ئارىسى بەك،
بىرى تەكلىماكاندۇر، بىرى كەتەك.
سوئالىغا جاۋاپ بەردى ئىبراھىم،
تۇرۇپ ئاستا، قىلىپ سۆزنى مۇلايىم:

www.uyghurkitap.com

پايانسىز قۇمدا ئاۋ قوغلاپ يۈرۈشسۇن.
يانا گۈلخان قېشىغا بىز يانايلى،
قېلىپ قالغان ئوغۇل بالىنى تاپايلى.

يېنىق گۈلخان يېنىدا قالغان ئوغلان،
ئېلىپ ئېسىگە كېچە قۇرغانىنى قاپقان.
سېلىپ ئارقىسىغا ئۇ تايغىنىنى،
كۆرۈشكە كەتتى قۇرغان قاپقىنىنى.
يۈگۈرگىنىچە باردى، كۆردى قاپقان،
ئىدى ئۇ بىر قىزىل تۈلكىنى تۇتقان.
ئوغۇل ئاۋنى كۆرۈپ نايەت سۆيۈندى،
ئۇنى بوشۇتۇش ئۈچۈن قاتتىق بېرىلدى.
بولۇپ كەتكەچ مۇشۇ ئىش بىرلە مەشغۇل،
پۈتۈنلەيلا ئۇنۇتتى ئۆزىنى ئول.
قويايلى ئەمدى ئوغلانىنى شۇ ئېشتا،
تۇرۇپ تۇرغاي ئاۋنى بوشۇتۇشتا...

يۈرۈش قىلغان بۇ ئاۋچىلار توپىدا،
جاپپارمۇ تۇرىتى بۈركۈت قولىدا.
سېزىپ ئاۋ ھىدىنى تەلپۈندى بۈركۈت،
ئۆزىنى سىلكىدى قاتتىق بولۇپ ئوت.
ئېلىپ جاپپار بېشىدىن ياپقۇسىنى،
قويۇپ بەردى ھاۋاغا ئۇ، قۇشىنى.
ياساپ دائىرە كۆككە ئۆرلىدى قۇش،

## 7. بۆركۈت نىمىگە چاڭگال سالدى؟

تۇتۇق بولدى ھاۋا بۈگۈن بۇلۇتلۇق،
تۇمان قىلغان پۈتۈن يۇلتۇزلىنى يوق.
يېغىپ تۈندە ھاۋادىن ئاز-تولا قار،
سوغاق بىر ھەسسە شىددەت قىلغان ئىزھار.
نەچاغ بولغانلىغىنى بىلمىدىلەر،
يۇلتۇز يوق، كېچىنى ئۆلچەلمىدىلەر.
ياۋا خورازلار چىلاشقا كىرىشتى،
تاڭ ئاتقاندىن ئۇلار، بەلگۈ بېرىشتى.
دىمەك، بولدى سەھەر، تۈن بولدى ئاخىر،
تۇرۇشتى ھەممىسى. دەپ: ئاللا، ياپىر!
ئىبراھىممۇ تۇرۇپ مىندى ئېتىغا،
ئوغۇلنى ئالمىدى ئۇ ئۆز يېنىغا.
ئۇنى قالدۇردى گۈلخاننىڭ بېشىدا،
ئالا-تايغان ئىتى قالدى قېشىدا.
چېپىشتى ھەممىسى باشلاپ سۈرەنلەر،
قېچىشقا باشلىدى بوغا-جەرەنلەر.
دەرەخلىقتىن ئۇچۇق قۇملۇققا چىقتى،
تىقىن-تىقماق، چېپىپ قاچتى، ھېرىقتى...
قويايلى ئاۋچىلارنى، ئاۋ قىلىشسۇن،



كېلەلمىگەن تېخى بۇ يەرگە جاپپار،
ئەمەستى باشقىلار ھالدىن خەۋەردار.
دېمەك، ئەھۋال تولىمۇ ئىدى نازۇك،
ئوغۇلنىڭ ئەجىلى پۈتمەپتىكەندۇق.
تۇغۇلدى كۈتمىگەن بىر باشقا ئەھۋال،
ئۆلۈمدىن ئۇنى ساقلاپ قالدى بۇ ھال...

كىچىكلەپ بولدى قۇشقاچ بىرلە تەڭتۇش.
تۆۋەنگە شۇڭغىدى بۇركۇت ئىگىزدىن،
چۇشۇپ بىرنىمىنى ئۇ ئالدى تېزدىن.
كۆرۇپ بۇ ھالنى جاپپار بولدى خوشھال،
ئېتىنى شۇ تەرەپكە چاپتى دەرھال.
چېپىپ كەلگەندە قۇش بار يەرگە جاپپار،
ئۇنىڭغا بولدى چۆللۇكنىڭ ئىچى تار.
كۆرۇڭكىم بۇ قارا قۇشنىڭ ئىشىنى،
قىلىپتۇ ئاۋ بۇ يەردە بىر كىشىنى.
قۇش بىر كىشىگە چاڭگال ئۇرۇپتۇ،
لېكىن، قۇشنىڭ بېشى يوق، ئۇزۇلۇپتۇ...

قويۇپ بەرگەندە جاپپار بۇركۇتىنى،
كىيىپ ئوغلانمۇ سالۋا تۇمىقىنى.
ئېلىپ تۇرماقتىكەن ئاۋنى توزاقتىن،
قارا قۇش بۇنى پايقاپتۇ ئۇزاقتىن.
بۇ ئالغۇر قۇش ئۇنى ئاۋ دەپ تونۇپتۇ،
ئوغۇلغا كۇچ بىلەن ئۆزىن ئۇرۇپتۇ.
سېلىپتۇ رەھىمسىز چاڭگال ئۇنىڭغا،
قاراپ سالۋا تۇماققا، قارا يۇڭغا.
جۇۋا بولغاچ قېلىن ئۆتمەپتۇ تىرناق،
شۇڭا بىچارە ئوغلان قاپتۇ، ئۇ ساق،
لېكىن ئاچ قارا قۇش كەپتۇ غەزەپكە،
تىتىپ تاشلاپ جۇۋىنى ھەر تەرەپكە.

يېتىپ كەلگەچ مۇشۇلارنىڭ قېشىغا،
يىقىلدى قاپ ـ قارا بىر تاغ بېشىغا.
قارا بولدى يورۇق دۇنيا كۆزىگە،
چېچىپ تۇپراق بېشى بىرلە يۈزىگە.
ئۆزىنى ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى،
بالام! دەپ داد ـ پەريات قىلدى، ياتتى.
ئوغۇل كەلدى مۇشۇ ھالەتتە ئۆزگە،
تىلى كەلدى ئۇنىڭ، ئەيتىشقا سۆزگە.
كىشىلەر ھەر تەرەپتىن يىغىلىشتى،
قېنى قۇشنىڭ بېشى، دەپ سۆزلىششتى.
كۆرۈپ، تۇرغىنىنى ھاۋشۇپ تايغان،
ھۆرپەيگەن تۈكلىرى ھەم ئاغزىدا قان،
دېدى ئاۋچىلار بۇ ئىتنىڭ ئىشكەن،
ئۇ بولمىسا بو ئوغۇل ئۆلگەن كىشكەن.
دېيىشتى: ئى ئەسىل جانۋار ۋاپادار،
ئەجەپ قىپسەن ۋاپادارلىقنى ئىزھار.

رۇبائىي

ئاقىل سۆزىنى بۇ ھەقتە سەن ئىشت:
ۋاپاسىز كىشلەردىن ياخشىدۇر ئىت.
ۋاپادا ئارقىدا ئىتتىن قالۇر كىم،
ئۇنىڭ ئىنسانلىقىغا ئەپسۇس ھەم ئىست...

مەئەلقىسسە ئوغۇل تاپتى ھاياتلىق،
كىشلەر كۆڭلىگە يۈزلەندى شاتلىق.

بۇ ئاچ بۈركۈت هاۋادىن شۇڭغىغاندا،
ئوغۇلغا كۈچ بىلەن ئۆزىنى ئۇرغاندا.
ئۆزىگە بىر تىكەننى دالدا ئەيلەپ،
تۇراتتى تايغان ئىت هوشيار دىۋەيلەپ.
قاچانكىم باشلىدى بۈركۈت تىنتىشنى،
ئوغۇل كەيگەن كىيىملەرنى يىرتىشنى،
بۇنى كۆرۈپ چىدالماي كەتتى تايغان،
ئېتىلىپ چىقتى ئوقتەكلا ئۇ شۇئان.
ناهايەت تېز، چېقىندەك ھەملە ئەيلەپ،
قارا قۇشنىڭ بېشىنى ئۈزدى چىشلەپ.
مۇشۇ هالەتتە جاپپار كەلدى ئاتلىق،
قىلىشقا ئاۋ بىرلە ئاغزىنى تاتلىق.
بولۇپ قالدى كۆرۈپ بۇ هالنى هاڭ ـ تاڭ،
خوشال كۆڭلىنى باستى بىر قارا چاڭ.
ئوغۇل هوشسىز، ئۆلۈكتەكلا يېتىپتۇ،
ئۈستىدە قارا قۇش باشسىز تۇرۇپتۇ.
بۇ هالدىن بولدى جاپپار بەكمۇ هەيران،
لېكىن كۆرگەچ تايغاننى ئېغىزىدا قان.
بۇنىڭدىن هالنى بىر ئاز پەهم قىلدى،
پېتىپ غەم پاتقىقىغا ئاتتىن ئىندى.
جاپپارغا ئىت غەزەپ بىرلە ئېتىلدى،
قاۋاپ قاتتىق ئۇنىڭغا هەيۋە قىلدى.
ئىبراهىم ئاگلىغاچ تايغان ئۈننى،
مۇشۇ ئۈن ياغىغا سالدى يولىنى.

ئىدى گۈللۈق مېنىڭ ھەر تاڭ ماكانىم،
شامال سازەندە، بۇلبۇل قىسسەخانىم.
بۇ كۈنمۇ بولدى جايىم شۇ گۈلىستان،
دىلىمدا ئىشتىياق ئاڭلاشقا داستان.
بولۇپ مەپتۇن سەھەرنىڭ كۈلكىسگە،
بېقىپ سىرلىق يېقىملىق چېھرىسىگە.
بولۇپ بۇلبۇل مۇھەببەت مېيىدىن مەس،
ئەگىپ چۇشتى ھاۋانىڭ ئەۋجىدىن پەس.
كېلىپ بىر يېڭى گۈل شېخىغا قوندى،
تاماشاغا جامالىنى تۇتۇندى.
ئۇنى ئىنجىتمىدى گۈلنىڭ ۋىسالى،
يېڭى ئۇت ياقتى مەھبۇبى جامالى.
چېكىپ جان كۆيدۈرەر ئاھ ئاشىقانە،
بولۇپ ئۇ ئۆزلۈگىدىنمۇ بىگانە.
تەسىرلىك ئۈندە سايراپ كەتتى بۇلبۇل،
قونۇپ بۇ گۈلغا بىر دەم، بىر دەم ئۇ گۈل.
بۇ ھالەتتىن كۆڭۈلگە چۈشتى ھەيرەت:
يېتىشتى گۈلغا، كەتتى داغى فۇرقەت.
نىمىدىندۇر يانا بۇنداق ئاھ-زارى،
يېنىدا تۇرسا سۆيگەن ئاينە يارى.
بۇنىڭغا ئىشق بەردى شۇ جاۋاپنى:
مۇھەببەت ئەھلىگە قارىتىپ خىتاپنى.
ھەر ئاشىقكىم يۇرسە ئۇ ۋەسلى ئىزدەپ،
ئۇنى بولماس ھەقىقى ئىشق ئېلى دەپ.

ئارادا قالدى جاپپار دەرتتە غەمكىن،
بۇ ئالغۇر بۇركۇتىنىڭ ئۆلگىنىدىن.
ئۇ دەيتتى، ئايرىلىپ قالدىم قۇشۇمدىن،
ئاۋۇم ئاۋلايدىغان ئەقلۇ-ھۇشۇمدىن.
شۇنىڭ بىرلە ئوغۇلغا ساقلىدى كەك،
ئوغۇلنى بىلدى دۇشمەن ئۆزىگە بەك.
كۆرۈڭكىم مۇشۇ چۆللۈك ئىچرە تەقدىر،
قىلىپ قويدى رەقىپ، ئىككىسىن ئاخىر.
كەل، ئى دوستۇم، جاھانغا كۆپ بېرىلمە،
ئەلەمگە يىغلىما، خوشلۇققا كۈلمە.

غەزەل

پەلەك تاقىغا ھەر تاڭ كەچ، شەپەقتىن خەت يازار دەۋران،
ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇدۇركىم، بۇ كۈن تاڭلا ئەمەس يەكسان.

سولاشقان ۋاقىتسىز قانچە چىرايلىق ياشنىغان گۈللار،
قۇرۇق قاخشال بولۇر ئاخىر باراقسان كۆكلىگەن ئورمان.

باھار، كۈز، قىش ۋە ياز، كۈن، تۈن، سوغاق، ئىسسىق، قېرى، ياشلىق...
مۇشۇنداق ئۆزگىرىشچان بىر مۇھىت ئىچرە ياشار ئىنسان.

كىشى تەدبىر قىلۇر ئەمما، بۇ تەدبىر ھەم يانا چەكلىك،
دىمەك كۆك قەسرى ئاستىدا ھايات سۈرمەك ئەمەس ئاسان.

شۇڭا تاڭغا ئوخشا دەۋراندىن نىمە يۈز بەرسە سەن كۈلگىل،
نەكىم دۇنيا ھەمىشەدۇر ماكانى ئاززۇ-ئارمان.

ئۆلۈمدىن گەرچە بۇ سەئدىن قۇتۇلدى،
لېكىن كۆڭلى ئىبراھىمنىڭ تۇتۇلدى.
ئېلىپ سەئدىننى قايتتى ئاۋنى تاشلاپ،
يېتىپ كەلدى ئۆيىگە ئۇ شاپاشلاپ.
بايان قىلدى ئائىلىغا ئۆتكەن ئىشنى،
دىلىنىڭ تارتمىغانىن ئاۋ قىلىشنى.
ئايال ئاڭلاپ بۇ ئىشنى قالدى ھەيران،
خۇداغا قايتا-قايتا قىلدى شۈكران.
سىلاپ ھەر ئىككىسى سەئدىن بېشىنى،
ئەرتتى يۈز-مەڭزىدىن كۆز يېشىنى.

مۇشۇنداق قانچە كۈنلەر كەلدى، كەتتى،
بۇلارنىڭ تۇرمۇشى تىپ-تىنچ ئۆتتى.
يېتىپ كەلدى باھار، تۈگىدى زىمىستان،
جاھان بولدى پۈتۈنلەي گۈل-گۈلىستان.
چېچەكتىن قويدى شاخلار بېشىغا تاج،
چوكان تالدىن سېلىشتى قىزلار تال چاچ.
يېشىل بەرگلەر ئارا قۇشلار ۋىچىرلاپ،
كېتىشتى ھەممىسى ھەر خىلدا سايراپ.
ئالەم تولدى باھارى نەشئەلەرگە،
ھاۋا سايلاندى ئوخشاپ شىشەلەرگە.
ئاتا، ئانا ئولتۇرۇپ بىر كۈن كېچەشتى،
ئوغۇلنىڭ كەلگۈسىنى ئويلۇشۇشتى.
ئوقۇتماقچى بولۇپ باغلاشتى بەلنى،

ئىشق ئوتتۇر، ۋىسالدۇر مىسلى بىر سۇ،
بۇ سۇ بولسا مۇيەسسەر ئوت ئۆچەر، ئۇ.
ھەقىقى ئىشق ئوتىنىڭ مۇپتىلاسى،
ئۇڭا خوپ ۋەسلىدىن ھىجران ياراسى.
دىمەك بۇلبۇل ھەقىقى بىر ئاشىقتى،
كۆرگەندە مەھبۇبىنى دەردى تاشتى.
يانا تۇردى قىلىشقا قىسسەخانلىق،
دىدى: تاپتى ئوغۇل شۇنداق ئامانلىق.
بۇ ئوغلانىكىم شۇ داستان قەھرىمانى،
كۆيۈپ ئىشق ئوتىدا كۇل بولدى جانى.
ئورۇن ئالغان ئاشىقلار دەپتىرىدىن،
بۇ ئوغلانىنىڭكى نامى ئىدى سەئىدىن.
ئىبراھىمتى ئۇنىڭ مۇشفىق ئاتاسى،
بۇ سەئىدىنتى ئۇنىڭ يالغۇز بالاسى.
تىرىلغۇدىن ئىدى تەئمىن ھاياتى،
پەيزاۋات سۇبھاناللادا تۇراتتى.
كۆرەتتى ئوغلىنى جاندىن ئىزىزراق،
ئۇنىڭغا نايىتىمۇ ئىدى ئامراق.
ئاتا تاپقاندا بارماق ئاۋغا تايىن،
باراي دەپ بىللە، قاتتىق تۇردى سەئىدىن.
ئىبراھىمنىڭ ئىخرى كۆڭلى قىيماي،
دىدى: مەيلى بولۇپتۇ، بارسا بارغاي.
خىيالنى پەلەكنىڭ ئۇ نە بىلسۇن،
ئۇنىڭغا قارىمىغى قۇشنىڭ سىلىنسۇن؟

## 8. شۇ كۆنلەردە قەشقەر

زجان فزائى يو ئابۇ ھەۋايەش پنداری،
كى ئافرننشى روھ از تۇراب كاشغەرەست.
زئەھل فـەزل بەراندەم سۇخەنكى ھەر يەك شاں،
ھازار مەردو يەكى در ھساب كاشغەرەست.
(قەشقەرنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىنىڭ جاننى ئارتتۇرغۇچىلىقىدىن جانىنىڭ يارىتىلىشى قەشقەر تۇپىرىقىدىنكەن دەپ گۇمان قىلىسەن. قەشقەردىكى پەزىلەت ئىگىلىرى — قانداق سۆز سۆرەلەيمەنكى — ئۇلارنىڭ ھەر بىرى قەشقەر ھىساۋىدا بىر كىشى بولسىمۇ، ئەمما بىرى مىڭ كىشىگە تەڭدۇر.)
—— تەجەللى.

قەدىمى بىر شەھەر بولغان بۇ قەشقەر،
ئۇزاقلاردىن بېرىتى ئىلىمپەرۋەر.
راۋاجلانغاچقا ئۇندا ئىلمۇ-ئېرپان،
شۇڭا سانى بۇخارا دەپ ئاتالغان.
ئون ئالتە مەدرىسە مەۋجۇتتى ئۇندا،
ئىدى دارىلئۇلۇملار شۇ زاماندا.
قىرق، ئەللىك ھوجرا بەيتى ھەر بىرىدە،
ئوقۇيتتى سەككىز، ئون تالىپ ھەر ئۆيدە.
تۇرۇپ ھەر مەدرىسىدە قانچە ئالىم،

بىغىشلاشتى ئۇلۇغ يولغا ئوغۇلنى.
ئېلىپ بارماقچى قەشقەرغە بولۇشتى،
تەييارلىقلار قىلىش كويىغا چۈشتى.
بۇ يىل ئون تۆتكە كىرگەن ئىدى سەئىدىن،
سۆيۈندى بىناھايەت بۇ خەۋەردىن.
دىلىغا چۈشتى ئىلمىنىڭ ئىشتىياقى،
خەۋەرسىز نە بولۇشتىن چەرخ چاقى...
نە كۆڭلىتى ئۇنىڭ ئىشقىدىن خەۋەردار،
نە يارۇ، ۋەسلۇ، ھىجراندىن ئەسەر بار.
نە دۈشمەندىن ئۇنىڭ قەلبىدە تەشۋىش،
نە باشىدا ئۇنىڭكى پىكىر ئەندىش...
تۇرۇپ تۇرسۇن مۇشۇ ئەھۋالدا سەئىدىن،
ئاچايلى سۆزنى قەشقەر ھالىتىدىن.

ئون ئۆچىنچىسى ھەيتكا دەپ ئاتالغان.
ئاپاق خوجادا ئون تۆتىنچىسدۇر،
بۇ مەدرىسەلەر پۈتۈن جايلاردا مەشھۇر.
يەنە ئۆستەڭبويىدا ئىككىسى بار،
بىرى كەنجازە، بىرى تۆرە ئەھرار.
دېمەك دارىلئۇلۇملار بولسا شۇنچە،
ئىلىم ئەھلى يىغىلغان بولسا مۇنچە،
توققۇز، ئون مىڭ كىشى بولسا يىغىلغان،
ئوقۇشقا بارلىغى تۇرماي تىرىشقان.
ئىلىم قانداق راۋاجلانغان ئىكەن، كۆر،
نەزەر تاشلاپ بۇ ئەھۋاللارغا بىر قۇر.
نادانلىق دەردىدىن ئىستەپ نىجاتلىق،
ئەمەس يالغۇزلا كەلگەن پەيزىۋاتلىق.
خوتەن، يەكەن، گۇما، پوسكام، يېڭىسار،
كۇچا، ئاقسۇ، قومۇل، تۇرپانلىدىن بار.
بىلىم سۆيگە بولغان تەشنا لەبلەر،
ئېقىپ بۇ جايغا سۇدەك ئىلم تەلەپلەر.
بەش، ئون يىل ياكى ئۇندىنمۇ ئۇزاقراق
ئوقۇپ، دىل ئەينىكىنى قىلىپتى ئاق.
بىلىشىپ ئىلم ئۆگەنمەكنى شاراپەت،
قىلىپ مەدرىسلىدە يىللار ئىستىقامەت.
كېتەتتىلەر تاراپ ئۆز يۇرتلىرىغا،
ئىلم ئۆگۈتەتتى ئۆز ئەۋلاتلىرىغا.
ئىلمنى سۆيگۈچى نۇرغۇن ئاتا-ئانا

تالىپلارغا بېرەتتى دەرس دائىم.
بۇ مەدرىسلەرگە بولغان خاس كېرىمدىن،
بولاتتى مەدرىسە، تالىپلار تەئمىن.
ئۇلار تۇرمۇش غېمىدىن ئىدى ئازات،
بۇ يەردە شۇڭا ئەردى ئىلىم ئاۋات.
بۇنىڭدىن باشقا يۈز ـ يۈزلەرچە مەكتەپ،
باراتتى باللىغا ئىلىم ـ تەئلىم ئەيلەپ.
دىسەم دارىلئۇلۇملارنى ئون ئالتە،
دىمەڭلا قىلدى لاپ سۆز بۇ جەھەتتە.
بىرىنچىسى، چاپان بازىرىدا ئەردى،
ئۇڭا كىرگەن ئىكەنلەر شەيخ سەئدى.
ئىككىنچى، مەدرىسە ساجىيەسىدۇر،
جامال قارشىسىرراھ ئۇندا يېزىپتۇر.
ئىرور ساقىيە مەدرىسەسى ئۇچىنچى،
چاھارسۇ مەدرىسەسى ئۇ، تۆتىنچى.
بەشىنچ، ئالتىنچىسىدۇر كونا ئوردا،
ياسالغانتى بۇ مەدرىسە شۇ ئورۇندا.
بۇلار خانلىق ۋە ۋاكىلىق ئاتىلاتتى،
بىرسى بىرىگە يانداش تۇراتتى.
يەتتىنچىسىنى دەيتتى ئوردا ئالدى،
سەككىزىنچىسى قوناق بازىرىدا قالدى.
ئىدى تاجى ھېكىمبەگنىڭ ئونىنچى،
يانا لاي پەشتاق ئەردى ئون بىرىنچى.
ئون ئىككىنچىسى دۆڭ مەسچىددە بولغان،

نە بولغاي دەپ بۇلارنىڭ، ئاخىر ھالى.
كەل، ئى ساقى ماڭا سۇن سۆيگۈ جامى،
كېلىپ باستى دىلىمنى قايغۇ شامى.
ئىچىپ سۇنغان شارابىڭنى بولۇپ مەست
ئېلىپ بىر دەم نەپەس، ئازات ــ سەربەست.
سۇرەي ئىلھام فىزاسىدا قەلەمنى،
قىلاي تەقرىر بۇ ئىشقى دەرد ـ غەمنى.

قىلاتتى بۇ ئۇلۇغ ئىشنى تەمەننا.
مانا سەئىدىن، ئاتا ۋە ئانىسى ھەم،
ئوغۇل كەلگۈسىنى ئويلاپ، قىلىپ غەم.
ئىبراھىم ئاخىرى ئەكەلدى ئانى،
ساجىيە مەدرىسەسى بولدى ئورنى.
ئوقۇدى قانچە يىل قەشقەردە سەئىدىن،
ئۆگەندى بۇندا تۈرلۈك ئىلىملەردىن.
ئىلىم ئەرباپلىرى بىرلەن تونۇشتى،
يېزىپ شېئىر ھەم غەزەللەرنى سۇنۇشتى.
بۇنىڭدىن باشقا تەتىل ئايلىرىدا،
بولۇپ ئۇ مەدرىسەدىن تاشقىرىدا.
بولۇپ شاگىرت نەققاش، سىرچىغا ئول،
ھۈنەرلەر ئۆگۈنۈشكە بولدى مەشغۇل.
خېلى بىر ئىلىملەر بىلگەندىن سىرتى،
يېتىشتى ئۇ بولۇپ نەققاش بىر سىرچى.
مۇشۇنداق ئىلىم-ھۈنەردە باشقا چىقتى،
مۇھەببەت ئۇنى ئاخىر ئوتقا تىقتى.
يىگىرمە ياشتا ئۇ كەتتى جاھاندىن،
ئىزى قالماي بۆلەك بۇ داستاندىن...
ئامان بولسا ئەگەر بۇ تەندە جانىم،
ئېچىپ بېرىندۇ بۇ ئىشنى داستانىم.
دىدىيۇ گۈل بىلەن خوشلاشتى، كەتتى،
يېشىل ئورمان ئىچىگە كىردى، يۈتتى.
دىلىمدا مۇشۇ ئىشلارنىڭ خىيالى،

ۋاپا، ۋەدىگە قىلمىدى دىمەكلار.
پەلەكنىڭ دەردىدىن ھالىم خاراپتۇر،
جۇدالىق دەستىدىن باغرىم كاۋاپتۇر.
مېنىڭدە يوق ماجال ئەيتىشقا داستان،
تېنىم ئاجىز، دىلىم مۇڭلۇق، كۆزۈم قان...
يېلىنىپ ئۇڭا بولدۇم ئۆلتىجادا،
دىدىم: ئەيت، بولدى قانداق ئىش ئارادا؟
ئاجايىپ داستاننى باشلىغانتىڭ،
كۆڭۈللەرنى ئۇنىڭغا باغلىغانتىڭ.
ئۆزۈڭ بىرنەچچە ئايلاردۇر يوقالدىڭ،
نىمە بولدى ساڭا، نەلەردە قالدىڭ؟
چېكىپ بىر ئاھ ئۇتلۇق ئاشقانە،
بېرىپ ئەھۋالىدىن شۇنداق نىشانە.
دىدى ئۇ: شۇ كۈنى كەتتىم چىمەندىن،
ئايرىلدىم، مۇشۇ ئايرىلماس ۋەتەندىن.
ۋىسالىنىڭ مەيلىرىدىن خوش ئىدىم، مەس،
ئىگىز ئاسمان كۆرۈنۈپ يەر كەبى پەس.
ھاۋا ئەۋجىدە ئۇچتۇم شات، كەتتىم،
ئۆزۈم دانلايدىغان بىر جايغا يەتتىم.
قىلىشقا مۇشۇ ئاجىز تەننى تەئمىن،
چۈشۈشكە باشلىدىم يەرگە ھاۋادىن.
يىمىگەنتىم تېخى بىرنەچچە دانە،
ماڭا كۆرسەتتى زۇلمىنى زامانە.
ئىلىندىم شۇ زامانلا مەن توزاققا،

# 9. بۇلبۇلنىڭ سەرگۈزەشتىسى

كۆڭۈلسىزدۇر ئەجەپ بۇ ئىنتىزارلىق،
يېتەر دىلغا ئۇنىڭدىن بىقارارلىق.
ناھايەت ئىنتىزارمەن تاڭنى كۈتتۈم،
ئاشۇ بۇلبۇل يولىغا كۆزنى تۇتتۇم.
ۋە لېكىن يورۇدى تاڭ، كۈنمۇ چىقتى،
چىمەنگە كەلمىدى بۇلبۇل، كېچىكتى.
گۈلىستان بولدى ھەر تاڭدا ماكانىم،
كۆرۈنمەي كەتتى ئايلار قىسسەخانىم.
كۈتۈپ، كۈتكەنسېرى بولدۇم بىتاقەت،
سىقىلدى زار كۆڭلۈم بىناھايەت.
ئۈمىتسىزلىك ئازابى تەندە-جاندا،
كېتەي. بۇ جاينى تاشلاي دەپ تۇرغاندا،
يېتىپ كەلدى ئېخىر، گۈللۈققا بۇلبۇل،
بۇرۇنقى چاققا ئوخشاشمايتتى ھېچ ئۇل.
ئۆزى ئاجىز ناھايەت، ھالى مىسكىن،
خاراپ، ۋەيرانتى كۆپ قىينالغىنىدىن.
ئەجەپ مۇڭلۇق ۋە كۈچسىز ئۈندە سايراپ،
يولىغا مۇنتەزىر، مەن زارغا قايلاپ.
دېدى: مەندىن ھىكايەت ئىستىمەڭلار،

ئېلەر كۆتەدۇ مېنى، بىلمەيمە تاڭلا...
گۆنايىم يوقلا تارتتىم دەرد ئازار،
چۈشەندىم، چەرختە يوقكەن رەھم، زىنھار...
مۇنى دەپ ئۇ مادارسىزلا قىمىرلاپ،
قاراپ گۈلغا ھال ئەيتىپ زار يىغلاپ.
پۈتۈن مۇڭ، قايغۇسىنى گۈلغا تۆكتى،
ئۆزىنى، باشقىلارنىمۇ ئۇنۇتتى...
كۆرۈپ بۇ ھالنى چوڭقۇر ئويغا پاتتىم،
كۆرۈندى گۈل تىكەن، ھەسرەتتە قايتتىم.

تۆگەتتىم كۆن ۋە تۈننى ئېزىتىراپتا،
خىيالىم قىسسەخان — ھالى خاراپتا.
تاڭ ئاتتى يانا، قايتا سۈبھى كۆلدى،
يۇلتۇزلار ئىنجۇسى كۆكتىن تۆكۆلدى.
يولۇمنى مەن يانا گۈللۈققا سالدىم،
يېتىپ باردىم تۆگۆمەس غەمدە قالدىم.
نە كۆردۈم؟ بۇلبۇلۇم ئولتۇرغىنىچە،
يۇمۇپتۇ كۆز گۈل شېخىغا قونغىنىچە.
ۋۇجۇدۇمنى ئەلەم، غەم چۇلغۇۋالدى،
كى بۇ دەرتلىك ھىكايەت چالا قالدى...

غەزەل

قۇرۇق خوشلۇق مېيىدىن كۆمتۈرۈلگەن بۇ پەلەك جامى،
قارايتۇر ھەر يورۇق سۇبھىنى ئاخىر، قاپ-قارا شامى.

ئۇرۇپ كۆردۇم ئۆزۈمنى ھەممە ياققا.
يۇلۇندى تۇكلىرىم، سۇندى قاناتىم،
مۇيەسسەر بولمىدى ھېچبىر نىجاتىم.
تىپىرلاپ، تەپچىلەپ ماغدۇر ئۈزۈلدى،
ھېرىپ، تەشنا بولۇپ نەپەسىم كېسىلدى.
يېتىپ كەلدى مۇشۇ ھالەتتە ئاۋچى،
مېنى كۆرگەچ سۆيۈندى ئاۋچى نوچى.
مېنى ئاستا توزاقتىن قولغا ئالدى،
قۇۋانىپ ـ سۆيۈنۈپ قوينىغا سالدى.
ئاجايىپ ئىشلار باركەن بۇ جاھاندا،
بىرى جان قورقۇشى ئىچىدە تۇرغاندا.
مۇجۇغداپ مېنى تۇتتى، ئالدى كەتتى،
مېنى سالدى قەپەزگە بەند ئەتتى.
مۇشۇنداق قانچە ئايلار بەند بولدۇم،
گۈلۈمدىن ئايرىلىپ قالدىم، بوغۇلدۇم.
بېشىمغا چۈشتى ھىجراننىڭ بالاسى،
يۈرەكنى ئەزدى فۇرقەتنىڭ ياراسى.
ناھايەت بىر كۈنى بىر ئوغلى ئويناپ،
مېنى قولدا تۇتۇپ ئويناشنى ئويلاپ،
ئېچىپ سالدى قەپەزنىڭ ئىشكىنى ئول،
بۇ چاغدا مەن غېرىپ بىچارە بۇلبۇل،
ئۆزۈمنى بىرلا ئۇردۇم سىرتقا چىقتىم،
تىپىرلاپ، يۇلقۇنۇپ ئۇچتۇم ۋە قاچتىم.
يېتىپ كەلدىم گۈلستانىغا ئارانلا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 10. قىسسەخان ئۈلـگەندىن كېيىن

كەل، ئى سازەندە، سازىڭ تارىنى تۈز،
چېلىپ ئىشق كۈيىگە، ئاچ سۆيگۈدىن سۆز.
نە تاتلىق سىر ئىرور بۇ ئىشق سىررى،
ئىرور بىر دەرد ۋە لېكىن دىلدا مېھرى.
كـۆڭـۈل يوشۇرۇن مۇشـۇ دەرد بىرلە تولـغاي،
ۋە لېكىن جان ئۇنىڭدىن شادلانغاي.
نىمە ئىشق؟ نىمە دۇر مەناسى زادى،
نىچۈك ۋادى ئىرور بۇ ئىشقى ۋادى؟
بولامدۇ ئىشق يالغۇز قىز ـ ئوغۇلدا،
ۋە يا پەرۋانە، شەمئ، بۇلبۇل ۋە گۈلدا؟
ئاشۇلارغىلا خاسمۇ سۆيگۈ سىررى،
شۇلارغىلا چۈشەمدۇ ئىشق نۇرى؟
ئەمەس ئۇنداق! ئىرور بۇ ۋادى بەك كەڭ،
ئۇنىڭ تارتىش كۈچىدۇر بارچىگە تەڭ.
لېكىن سۆز مانا شۇ شەۋق ئىشتىياقتا،
يۈرەر شەۋقى كىشىلەرنىڭ قاياقتا.
بىرىنى كۆيدۈرەر يارنىڭ جامالى،
بولۇر شۇ يول ئارا ۋەيرانە ھالى.
بىرىنى تارتار ئۆزگە ئىلمۇ ـ سەنئەت،

ئۇنىڭ دەۋرىدە ھىجىر رەھىم-شەپقەتتىن ئەسەر يوقتۇر،
يامان، ياخشىغا ئوخشاشلا قۇرۇلغان مىكىرىنىڭ دامى.

نە ئاشىق يار ۋەسلىدىن بولالار بەھرىمەن مەڭگۈ،
نە يەتكەي داغى ھىجراندىن ئۇنىڭغا زەررە ئارامى.

پۈتۈن بارلىق ئۇنىڭ دەۋرىدە يوقلۇقتا ئىرور مەھكۇم،
ئاتالغاندۇر جاپاكار دەپ شۇڭا دائىم ئۇنىڭ نامى.

جاھاننىڭ كار بارىدىن ئەقىللار بارچە ھەيراندۇر،
بىلەلمەي بۇندىكى سىرنى، بولۇپ بەند پىكىر ئىلھامى.



ئالۇرسەن بەھرە شۇ چاغدا چىمەندىن.
ناھايەت مەن مۇشۇ سۆزلەرنى ئەسلەپ،
تىكەندىن چۇچىماستىن گۇلنى قەسلەپ.
تەپەككۇر ۋادىسىنى كەزدىم ئاخىر،

بولۇپ ئاشىق ئۇڭا قويغاي مۇھەببەت،
بىرى ئاشىق بولۇپ مەنسەپ ئورۇنغا،
بېرىلىپ بىۋاپا دۇنيايى دامغا.
بىرى ئاشىق بولۇر تۈرلۈك ھۈنەرگە،
يانا بىرى يانا بىرىنى سۆيەرگە...
بولۇر ئىشقسىز پەقەت جانسىز كېسەكلا،
ئىشقسىزنى بولۇر كېسەك دىسەكلا.
ئىشق ئۆز نۇرىنى كۆڭلۈمگە تاشلاپ،
مۇشۇ مەقسەت تەرەپكە كەتتى باشلاپ.
بۇ بىر قىسسە بولۇپ قالغاچ نىشانىم،
چىمەن بولغان ئىدى ھەر تاڭ ماكانىم.
چىدالماستىن پەلەكنىڭ زولمىغا ئول،
قىزىل گۈلنى قۇچۇپلا ئۆلدى بۇلبۇل.
مانەمدى كىم دىگەي بۇ ۋاقىئەنى،
بايان قىلغاي ماڭا بۇ ھادىسەنى؟
چۈشۈپ قالدىم نىچۈك ئىشق ۋادىسىغا،
كىرىپتۇرمەن تىكەن، گۈل ئارىسىغا.
كۆڭۈلنىڭ ئىشقى دەيدۇ: ئۇشبۇ داستان،
خازانسىز مەڭگۈلۈكتۇر بىر گۈلستان.
قوبۇل قىلماس ئۇنىڭ كۈزنى باھارى،
چاچار خۇش ھىد داۋاملىق لالىزا
تىكەنلىكتۇر مۇئەتتەر گۈل ئومۇمە
تىكەنسىز گۈل قايۇ گۈلشەندە ئۆسكە
ئەگەر گۈلنى دىسەڭ قورقما تىكەندىن

چېچىشىپ بىر بىرىگە، سۇ ئۆزۈشكەن.
بولۇپ كاككۇك بىرسى، بىرى زەينەپ،
نىمەسى بولسا بىللە تالىشىپ يەپ.
ئىشق نامىلىق مۇقەددەس بۇ ئۇلۇغ سىر،
قىلغان ئىكەن بۇلار قەلبىگە تەسىر.
قەلەم بەرمەيدۇ ئالتۇن تاج بۇلەرگە،
چۈمۈلدۈرمەيدۇ زەرباپ تون، گۆھەرگە.
ياساپ بەرمەيدۇ ساختا باغ ئېرەمنى،
تۈزۈپ يۈرمەيدۇ شاھانە ھەرەمنى.
قۇرۇپ بەرمەيدۇ مەرمەرلىك سالاسۇن،
ئاياغى ئاستىغا چاچمايدۇ ئالتۇن.
ئېسىپ قويمايدۇ ياقۇت، لەئلى زۇننار،
قەلەم تۇتمايدۇ بۇنداق يولنى زىنھار.
نەكىم بۇ قىسسە ئويدۇرما ئەمەستۇر،
ئىرور چىن، مۇشۇ چىنلىق ئۇڭا بەستۇر.
گۇۋاھىدۇر بۇنىڭ رابىيە، سەئىدىن،
بولارمۇ ئىشق تەسىرلىكرەك بۇنىڭدىن.
تۇغۇلسا كۆرمىسە ئىشقتىن بۆلەكنى،
يا قاندۇرمىسا ۋەسلىدىن يۈرەكنى.
تۇرالمىسا بۇلار بىر يەردە بىر دەم،
بولالمىسا بۇلار ئۆزئارا ھەمدەم.
كىچىك تۇرۇشۇپ ئىشق دەردىنى تارتسا،
بىرى ئۆلسە، بىرى سۇغا ئۆزىن ئاتسا.
ئەمەسمۇ بۇ مانا، چىن سۆيگۈ سىرى،

ئېلىپ ئۆتتۇم ئېسىمگە بارنى بىر-بىر.
خاتىرلىدىم نازارىنىڭ سۆزىنى،
كۆرۈپ ئۆتتۇم ئۇنىڭكى "خەمسە"سىنى.
توساپ تۇرغان تىكەنلەر بارى سۇندى،
دىمەك داستانغا ئىز-مەنبە تېپىلدى.
مانا مەن ئەمدى بۇ گۈلنى ئۈزەرمەن،
گۈزەل بىر گۈلدەستىنى توپلاپ تۈزەرمەن.
بىرۇرمەن قىسسەگە بىر يېڭى مەزمۇن،
قىلۇر ئىلھامىم ئەمدى مېنى مەمنۇن.
سىيانى مەي، دۇۋەتنى جام ئەيلەپ،
قەلەمنى يار تۇتۇپ مىسرانى كۆيلەپ.
كىرىشتىم يانا داستاننى يېزىشقا،
زامانە بوينىغا زۇننار ئېسىشقا.
مەئەلقىسسە، كى ئىشق بۇ ئىككى ياشتا،
ئەكس ئەتتى، دىيىلدى ئازلا باشتا.
بىرسى رابىيەتى بىرى سەئدىن،
مۇھەببەت زورىلە كەتكەن جاھاندىن.
بۇلار شۇ سۇبھاناللادا تۇغۇلغان،
كىچىكلىكتىن بىللە ئويناپ، بىللە بولغان.
باھاردا بىللە ماماكاپ گۈل تېرىشكەن،
كېپىنەك قوغلىشىپ بىللە يۈرۈشكەن.
قوزا، ئوغلاقنى بىللە يېتىلەشكەن،
گاھىدا يىغلىشىپ، گاھى كۈلۈشكەن.
ئېقىن سۇلارغا بىللە چۆمۈلۈشكەن،

سەبى كۆڭلۈم ئاجايىپ ئىزتىراپ ئىچرە كۆيەر دائىم،
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە ئەكسىڭ جۇلاسى راستمۇ، يالغانمۇ؟

بۇ قاشمۇ يا يېڭى ئاي، يا ئېگىلگەن تاق ۋە ياكى يا،
مېنىڭ بۇ ياش دىلىمنى ئاتقىلى بەتلەپ قويۇلغانمۇ؟

ئىرور كىرپىكلىرىڭنىڭ ھەر بىرى بىر ئوق ھالاك قىلغۇچ،
ئېتىلغاندا بۇ ئوقلار، ئاشىقىڭ ئۇندىن قۇتۇلغانمۇ؟

قىلۇرسەن بىر قاراش بىرلە كۆڭۈللەرنى ئۆزۈڭگە مەيل،
بۇ كۆزمۇ ياكى نەرگىسمۇ، ياكى تاڭ ۋاقتىدا چولپانمۇ؟

يۈزۈڭ بىر كۈنمۇ ياكى ئاي، ياكى تاغدا ئېچىلغان گۈل،
گۈزەللىك گۈلىستانىدا سېنىڭدەك گۈل ئېچىلغانمۇ؟

قىزىل ياقۇت لېۋىڭ، يا لەئل، قىزىللىقلار نەدۇر ئۇندا،
مەگەر ئاشىقلىرىڭنىڭ قانلىرى بىرلە بويالغانمۇ؟

نەفەس، خۇش لەۋلىرىڭ ئىچرە چىشىڭ ئۇ نە دېگەن ئاپپاق،
نەدۇر ئۇ؟ چىشمۇ يا ئۈنچى ۋە ياكى دۇررى مارجانمۇ؟

كۆرۈپ ئاغزىڭنى كۆڭلۈم چەكتى ھەسرەت ئىچىدە پەريات،
ئىرورمۇ پىستە، يا نۇقتە ۋە يا غۇنچە ئېچىلغانمۇ؟

نەدۇر ئۇ ساچمۇ، يا ئەنبەر ۋە ياكى يەلپۈنەر سۈمبۈل،
كۆڭۈل قۇشىنى ئاۋلاشقا تۇزاق قىلىنىپ يارالغانمۇ؟

بۇنىڭدىنمۇ بولامدۇ سۆيگۈ غەيرى؟
قەلەم ئەمدى بۇ قىز ياققا بۇرالسۇن،
پەرىزات قىزنى بۇ جايدا تونۇتسۇن.
سۇ بويىدا خىيال كۆرگەن پەرىزات،
ئىدى ئۇ ئەسلى زاتى ئادىمزات.
يۇرتى پەيزىئاۋات سۇبھاناللا،
تۇغۇلغانتى مۇشۇ يۇرتتا بۇ بالا.
ئۇ، ياقۇپباي دىگەن باينىڭ قىزىتى،
گۈزەللىكتە پەرىزاتنىڭ ئۆزىتى.
ئەگەر ئاي دەي دىسە، بار ئىدى ئاغزى،
ئۇنى كۈن دەي دىسە، مەۋجۇتتى كۆزى.
بويىنى سەرۋ دىسە، ئۇ ماكاتتى،
دىسە ئاغزىنى غۇنچە، سۆز قىلاتتى.
كۆزىن نەرگىس دىسە، تۇراتتى ئويناپ،
لېۋىن لەئل دىسە، تۇراتتى قىمىرلاپ.
يۈزىنى گۈل دىسە، گۈلدىن چىرايلىق،
ساچىنى دەي دىسە، سۇمبۇل، تاراقلىق.
قېشى بەرگى قىياقتى، يا ئىدى يا،
قاتار كىرپىكلىرى ئوق ئىدى گويا.
بۇ قىز تەرىپىدە نە دەيدۇ سەئدىن،
كۆرۈپ ئۆتىلى ئۇنى بىر كەر ئالدىن:

غەزەل

مېنى خوش تالىيىم، ئىشقىڭ ئارا بۇ كويغا سالغانمۇ،
سېلىپ مېھرىڭنى كۆڭلۈمگە، ئۆزۈمگە يار بولغانمۇ؟

www.uyghurkitap.com

لېكىن، كۆڭلى بۇڭا يول قويمىدى ھىچ،
ئىچى پۇشتى، سىقىلدى، بولمىدى تېچ.
بىلەلمەي كەتتى ئۇ يىپىنىڭ ئۇچىنى،
نە كىم ئۇ تۇيمىغانتى ئىشق كۈچىنى.
تېخى ئەمدىلا ئون ئۇچ ياشتا مەسۇم
بۇ قىزغا ئىشق سىرى قايدا مەلۇم؟
لېكىن تارتقان كۆڭۈلدە سۆيگۈ يىلتىز،
ۋە لېكىن بۇنى تۇيمايتتى ئوغۇل، قىز.
بۇ كۈنكى ئايرىلىش خەۋىرى يېتىشتى،
بۇ مەسۇم قىز بۆلەك بىر ھالغا چۈشتى
بۇ ھالەتتىن ئەمەستى خالى سەئىدىن،
قىينىراق ھال ئىچىدە ئىدى قىزدىن.
ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇشى قىزدىنمۇ بەكرەك
تۇراتتى تەلپۈنۈپ بىرلىككە ئۇ بەك.
ۋە لېكىن ئىلىم ئېلىشنىڭ ئىشتىياقى
بىلە كۈچسىزتى بىرئاز يار پىراقى.
ۋۇجۇدى پاكىزەتى روھى ھەم پاك،
ئىدى نەپسى ئەيىنگى توزاندىن ساق.
دىمەككى، بولدى شۇنداق ئاخىر بىر ھال،
ئوغۇلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئاقىل چال.
ئەۋەتمەك بولدى سەئىدىنى ئوقۇشقا،
كىرىشتى سەئىدىنمۇ تېز جابدۇنۇشقا.
سەئىدىنىڭ كۆڭلى قىزدىن كەم ئەمەستى،
ئۇنىڭغا رابىيە بار بولسا بەستى.

ئەجەپ نازۇك بەدەنسەن، سەرۋ قەددىڭگە جاھان ھەيران،
پەرىشتەدۇرمۇسەن ياكى پىرمۇ، ياكى ئىنسانمۇ؟

سېنىڭ سۆيگۈڭ ئوتى قىلدى ۋۇجۇدۇمنى يۈتۈنلەي كۆل،
گۈزەلا ئىشقىڭدا يالغۇزلا بۇ سەئدىن زار ھەيرانمۇ؟

بۇلار بىر يېزا، دىخان باللىرىتى،
ئېرىقلار بويىنىڭ ياش تاللىرىتى.
مۇشۇ بىر يېزىنىڭ قىزىغا تەبىئەت،
گۈزەللىك بەخش قىلغانتى ناھايەت.
شۇ كۈنلەردە ئاجايىپ بولدى بىر ھال،
ھاياتىدا ئۇنىڭ بىر باشقا ئەھۋال.
بۇ ئىشق قۇربانىنىڭ كۆڭلىگە مىڭ داغ
چۈشۈرگەن ۋاقىئە تەپسىلى مۇنداغ:
مەگەر باردۇر ئوقۇچىلار ئېسىدە،
ئوقۇماقچىدى سەئدىن مەدرىسىدە.
بۇنىڭدىن بەك سۆيۈنۈپ كەتكەن سەئدىن،
تارالغان بۇ خەۋەر دوستلارغا تېزدىن.
بۇ سۆزنى رابىيە قىزمۇ ئىشتتى،
غەلىتە بىر سىقىق كۆڭلىگە چۈشتى.
"تولا ئويناپ يۈرۈشكەن قىزى ئوغۇللا،
بۇ سەئدىن كەتسە بارغۇ باشقا باللا —
دەپ ئويلاپ بىرەتتى ئۆزگە تەسەللى، —
ساڭا نىمتى، ئوقۇشقا كەتسە مەيلى."

كۆزىنى ئېقىۋاتقان سۇغا تىكتى،
خىيالىنىڭ قايىنىمىغا چۆكتى، كەتتى.
كۆكۆل ئايىنەسىدە رابىيەلا،
جۇلادىپ تاشلىغان ئەكس تەنھا شولا.
بولۇپ قالدى بۇ ھالەتتىن ئۇ ھاڭ ـ تاڭ،
خىيال قىلدى دەپ ئۇ ئۇلپەتمىكىنتاڭ.
دىلىدا باشقىچە ئوت سەزدى، لېكىن
تۇتاشقان قەلبىگە ئۇ رابىيەدىن.
بولۇپ ھەر ياندا رابىيە ئەكس زاھىر،
كۆرۈنمەي قالدى باشقا نەرسە ئاخىر.

## رۇبائى

دىل ئەينىگىگە چۈشسە ئەگەر ئىشق جۇلاسى،
بولغۇسى پۈتۈن بارلىق ئۇنىڭ مەھۇلىقاسى.
چاچقاندا ۋۇجۇد ئاسماندا شوئلەسىنى ئۇ،
غايىپ بولىدۇ ئۇندا ئەقل، پىكىر ساپاسى.

چۆكۈپ ئوي قايىنىمىغا كەتتى شۇنداغ،
ئىچىدە ئىشق ئوتىدىن بىھساپ داغ.
ئۇزۇن ئويلاپ چېكىپ بىر ئاتەشىن ئاھ،
كۆتەردى باشىنى ۋە كۆردى ناگاھ...
بۇ ياققا كېلىۋاتاتتى بىر پەرىزات،
خىيالغا غەرق بولۇپ بىر سەرۋى ئازات.
يېنىدا ئادىشى، مۇڭداشى زوھرا،

ئېكىنزارنى ئارىلاپ بەللە بولماق،
چېچىپ سۇ بىر بىرىنى سۇغا سالماق.
قۇياشلىق دالىدا سەكرەپ يۈرۈشمەك،
يېشىللىقلار ئارا ئويناپ كۈلۈشمەك.
ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ناخشا ئېيتىپ،
سۆزۈك سۇغا ئېتىپ چالما، لېيتىپ.
ئەجەپ ياخشى تۇيۇلاتتى ئۇنىڭغا،
ۋە لېكىن ئەمدى يوقتى ۋاقت بۇنىڭغا.
ماڭارمىز ئەتە قەشقەرغە دېگەن كۈن،
كۆڭۈل دەرياسىدا باشلاندى دولقۇن.
يېنىغا قوشمايىن دوستى ھەسەننى،
كېزىشكە كەتتى رابىيەلىك ۋەتەننى.
يۈرۈپ كەتتى ئېتىزلىق قىرنى بويلاپ،
رابىيە بىرلە خوشلاشماقنى ئويلاپ.
ياقۇپباي مەلىسگە سالدى يولنى،
ئاۋۇتماقچى بولۇپ بەڭۋاش كۆڭۈلنى.
يولىدا بار ئىدى چوڭراق ئېرىقچە،
يۈرەتتى بويىدا ئىككىسى كۆپىنچە.
ئېرىق بويىدا مەجنۇنتال ئېگىلىپ،
قىلاتتى گويا ئولتۇرماققا تەكلىپ.
بۇ جايغا كەلدى، بىرئاز ئالدى ئارام،
تېنىدە ئىزتىراپ، كۆڭلىدە ئەۋھام.
كېلىپ ئولتۇردى مەجنۇنتال تۈۋىدە،
يېشىل مەخمەلدەك ئوتلۇق سۇ لېۋىدە.

خوش ئەيتاي دەپ كېلىپ سەئىدىن كېتەردە.
هاۋانى ياڭرىتىپ كاككۇك ساداسى،
تۇمۇچۇق، قۇمرى، تورغاي خۇش ناۋاسى.
ئېگىپ يەل ئاستا، لەرزان تال شېخىنى،
ۋىچىرلاپ قوغلىشىپ قۇش بىر بىرىنى.
ئېقىن سۇ چىقىرىپ ئاۋاز شىرىلداپ،
چىقىپ سالقىن شامال يەڭگىل غۇرۇلداپ.
تىلەيتتى بۇلارنىڭ بەختىنى گويا،
نە بىلسۇن قىلدى چەرخ قاي زۇلۇم تەييا.
بۇلار بۇ جايدا قانداق سۆز قىلىشتى،
نىچۇكرەك هال-مۇڭلىرىنى تۆكۈشتى،
قىلىشتىمۇ سېغىنىشلىرىنى ئىزهار،
دېيىشتىمۇ بۇلار ئاھ، ۋاھ، گۈزەل يار...
جاۋاپ: ياق! قانداق ئاچسۇن ئۇلاردىن سۆز؟
ئوچۇق ئىشقىنىڭ كۆكىگە سالماستىن كۆز...
بالىلىق ئادىتىلە مۇڭدىشىشتى،
ئاخىرى ۋاقت ئۇزاردى خوشلىشىشتى.
ۋە لېكىن يالقۇنى سۆيگۈ ئوتىنىڭ
ۋۇجۇدىن قاپلىدى هەر ئىككىسىنىڭ.
پىراقىنىڭ شامىلى ياندۇردى ئوتنى،
پۈتۈن ئۆزگەرتتى ئىككى ياش ۋۇجۇتنى.
شۇ هالەتتە بۇلار قەلبىدە نە بار؟
ئۇنى ئەيلەر تۆۋەنكى غەزەل ئىزهار:

يېقىنلاشتى ئىككىيلەن بارا-بارا.
كۆرۈپ سەئىدىن ئۇلارنى بەك سۆيۈندى،
يېشىل ئوتلار ئارا ياتتى، مۆكۈندى.
ئۆتتۈپ كەتتى رابىيە بۇنى تۇيماي،
خىيال-ئويىنىڭ ئىچىدە كۆزنى سالماي.
ئۆتتۈپ كەتكەچ بۇ ئىككىيلەن هامان شۇك،
كۆرۈپ سەئىدىن دىدى: زەينەپ ۋە كاككۇك.
رابىيە ئارقىسىغا باقتى چۆچۈپ،
كۆرۈپ سەئىدىننى كەتتى ئۇ هولۇقۇپ.
بۇلار قەلبىدە ئىشقىنىڭ تەپتى ئارتتى،
هەر ئىككىسى خىجالەت، تەرگە پاتتى.
تۇرۇپ قالدى قارىشىپ ئۇلار سۆزسىز،
قىزارتتى ئىشق يۈزىنى قالدۇرۇپ ئىز.
مۇشۇ جىمجىت قاراشلار قىلدى ئىزهار،
بۇ ئىككى ياش دىلىدا نىمىلەر بار...
يۈرۈشكەن چاغدا بۇلار بىللە ئويناپ،
كېيىنەكتەك يېشىللىق ئىچرە يايراپ،
ئۆزى ئاشىقلىغىنى تۇيمىغانكەن،
شۇڭا بۇ ۋادىغا پۇت قويمىغانكەن.
مانەمدى كەپتۇ هىجراننىڭ ساداسى،
چۈشۈپتۇ ئارىغا فۇرقەت بالاسى.
بۇلارنى سۆيگۈنىڭ ماگنىتى تارتىپ،
كۆرۈشۈش ئارزۇسى دىلدا ئارتىپ،
تەسادىپ ئۇچرىشىپ قاپتۇ بۇ يەردە،

# غەزەل

ئەستى جىسمى گۈلشىنىدە ئاھكىم يەل باشقىچە،
تەگدى مەھبۇپ كىرپىگىنىڭ ئوقلىرى دەل باشقىچە.

بىللە ئۆسكەن ئادىشىم دەپ خوشلۇشۇشقا كەلسىمۇ،
پايقىيالماي قالدى ئۆزنى، بولدى مەزگىل باشقىچە.

ئايرىلىپ كەتتى، لېكىن كەتتى خىيالى ئۇ بىلە،
باشلىدى كۆزدىن ئېقىشقا ياش بولۇپ سەل باشقىچە.

باغرىدا سەزدى ئۆزىنىڭ، كۈتمىگەن بىر ئۆزگىرىش،
ئىچىدە كەتتى يېنىپ بىر ئىشقى مەشئەل باشقىچە.

كۆڭلىدە مىڭ رىشتە، ھەر بىر رىشتىدە مىڭ-مىڭ تۈگۈن،
تاپتى ھالىنى پۈتۈنلەي بۇندا مۇجمەل باشقىچە.

قايتتى باغرى لالىدەك داغ، كۆڭلى گۈلدەك چاك-چاك،
مۇشۇ ئەھۋال قىلدى ئاخىر، ھالىنى ھەل باشقىچە.

شۇ خوشلاشقان كۈنىنىڭ ئەرتىسىلا،
ئىبراھىم كەتتى تاشلاپ سۇبھانالللا.
بالىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەتتى،
ناچار رابىيەنى سەئدىن تەرك ئەتتى.
نە ئىشلارنى كۆرۈشتى بۇلار ئاخىر،
قىلىنغاي كەلگۈسى بەتلەردە تەھرىر.

## غەزەل

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر غەم،
ۋۇجۇدى گۈللىقىنى چەيلىدى، قىلدى تامام بەرھەم.

ئېقىپ نەرگىس كۆزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە ـ قەترە ياش،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداقكى قوندى دانئى شەبنەم.

دىلىدا ئوت، كۆزىدە ياش ۋە لېكىن شۇ ئاجايىپكىم،
بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى ئارتتى، قۇيۇلغانسېرى كۆزدىن نەم.

گىجەك ساچىغا ئوخشاش كۆڭلىگە مىڭ ـ مىڭ تۈگۈن چۈشتى،
قەيەردە بىر تېۋىپكىم قىلسا ئىشقىنىڭ دەردىگە مەلھەم.

بولۇر ھەر دەرتكە بىر دەرمان ۋە لېكىن سۆيگۈ دەردىگە،
ۋىسالدىن باشقا بىر ئەمچى قىلالمايدۇ ئۇنىڭغا ئەم.

يېتەمدۇ يار ۋەسلىگە، كېتەمدۇ ياكى ئارماندا،
مۇھەببەت ئەھلىگە بۇ سىر ئۈرور سىرلار ئارا مۇبھەم.

بۇ ئۇچراش قىلسىمۇ سەئدىننى مەمنۇن،
بولۇپ قالدى پۈتۈن رابىيەگە مەپتۇن.
بېشىغا، بەس، پۈتۈن سەۋداسى چۈشتى،
ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئاشكارا يېپىشتى.
بېرىلدى رابىيەگە ئەمدى سەئدىن،
تامامەن تەن دىلىدىن ھەم جېنىدىن.

www.uyghurkitap.com

*  *  *

ھەي تۇت ماڭا ساقى، ئىرور گۈل چاغى،
ئاتماقتا چېچەك مېھرۇ-مۇھەببەت باغى.
ئۈمت كى سېنىڭ جام شارابىڭ بىرلە
كەتسە بۇ كۆڭۈل ئەينىگىدىن غەم داغى.

قېنى ئى ساقى، سۇنمامسەن شاراپنى،
سۆيۈندۈرمەمسەن بۇ ھالى خاراپنى؟
ئىچتۈرمەمسەن گۈل رەڭلىك مېيىڭدىن،
ئاشىقلار ئارزۇ قىلغان چېيىڭدىن...
دىسەم، ھەي، ئويلىما، مەيخور ئەمەسمەن،
سېنىڭ مەيخورلىرىڭغا جور ئەمەسمەن.
مەن ئىلھام مەيلىرىنىڭمەن خۇمارى،
ئاشۇ مەيدىن ئىچىشنىڭ ئىنتىزارى.
ماڭا شۇ قەدىرلىك مەيدىن قەدەھ سۇن،
تېنىم تاپسۇن ھوزۇر، كۆڭلۈم ئاۋۇنسۇن.
داۋام ئەيلەي بۇ داستاننى يېزىشتا،
مۇھەببەت ئوتىدىن ئۇچقۇن چېچىشتا.
قەلەم بۇلبۇل بولۇپ، بەت گۈلستانىم،
خۇش بۇي گۈللارغا تولسۇن داستانىم.
سۈزۈك دىللارغا چۈشسۇن ئەكس بۇ گۈلدىن،
كۆڭۈل تارىغا تىترەك چۈشسۇن ئۈندىن.
پىكىر بۇلبۇللىرى بۇ گۈلغا قونسۇن،
شۇ ئۇيغۇر باللىرىنى ئەسكە ئالسۇن.

رۇبائى

كەل، كەل ماڭا تۇت مەينى قەدەھلەپ ساقى،
مەيدىنكى ئۇنىڭ نەشئەسى بولسۇن باقى.
بىر جام مېيىڭ خۇمارىدۇرمەن، چۈنكى
سۆيگۈ ئېلىگە ئەگرى پەلەكنىڭ چاقى.

شۇنڭدەك قىلىشاتتى يىلدا نورۇز،
بۇنىڭدىن مەقسىدىتى ناھايىتى ئۇز.
نورۇز ئۇ، ياز يېتىپ كەلدى دېمەكتى،
تېرىلغۇغا تۇتۇش قىلماق كېرەكتى.
شۇنىڭدەك بولىتى قەشقەردە سەيرى،
يۇقۇرقى رەسىملەردىن ئۆزى غەيرى.
شۇلارنىڭ بىرى ھەزرەت سەيرىسىدۇر،
ئۇنى قەشقەردە ئادەت قىلىشىپتۇر.
باھار بولسا، يېتىپ كەلسە بەشىنچى ئاي،
بۇ قەشقەر بولسا پىشقان مۆڭگە باي.
گىلاس، ئۈژمە، ئۆرۈك ۋە چىلگە پىشسا،
قىزىل گۈل، ئەترەگۈل كۆلسە، ئېچىلسا.
دولان، مەكىت، يېڭىسار، پەيزىۋاتتىن،
مارالۋېشى، يەكەن، يېڭى ئاۋاتتىن.
گۇما ھەم قارغىلىق بىرلە خوتەندىن،
تارىم، موغۇل، يوپۇرغا ھەم يەكەندىن.
ئاقار ئەللەر بۇ قەشقەرگە بولۇپ سەل،
بۇ مەۋسۇمدۇر ئۆرۈكنىڭ پىششىغى دەل.
كېلىشىدۇ ئۇلار بۇندا، تاۋاپ دەپ،
مۇشەققەتلەر چېكىشىپ چاڭ-توزاڭ يەپ.
تاۋاپ دىگىنى ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئاپاق،
ياسالغان ھەشەمەتلىك كاشىلىق تاق.
ئەمەس ئەل سەيرگاھى بۇلا يالغۇز،
مېڭىپ خەلق يول بېسىشىپ كېچە-كۈندۈز.

# 11. قەشقەردە ھەزرەت سەيرىسى

يۇرت بار، رەسمىسى بار،
جاڭگىلى بار، بۆرىسى.
——خەلق ماقالىسى.

ئىرۇر قەشقەركى ئۇيغۇرلار ماكانى،
چىرايلىق رەسم ئادەتلەرنىڭكى كانى.
ئەگەر ئۇيغۇرلار تارىخى كۆرۈلسە،
ئۇنىڭ رەسمى، رەسۇمى تەكشۈرۈلسە،
ئايان بولىدۇ ناھايەت ياخشىلىقلار،
كىشىگە بەخت بېرۋچى ئۇز قىلىقلار.
بۇلارنىڭ بىرى تارتىشماقتۇر ئوغلاق،
بولۇپ مەردانە سەكرەپ ئات چېپىشماق.
بىرى، بىر بىرلىرى بىلەن چېلىشماق،
يىقىلماق ياكى دۈشمەننى يىقىتماق.
بىرىدۇر دائىما ئوقيا ئېتىشماق،
بۇ يولدا زور مۇسابىقىلەر قىلىشماق.
ئويۇنمۇ بۇ؟ ئەمەس! بۇ نە دىمەكتۇر؟
ئۆزىن ئاسراشتا جەڭگىۋار كۆرەكتۇر.
شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق رەسم قىلىشقان،
ئېنىق مەۋسۇمدە مەئرىكىلەر ئېچىشقان.

ئىچۇنكىم ئىلىم پايانسىز دېڭىزدۇر،
دېڭىز قاچقاي قايەردىنكىم، ئىگىزدۇر.
دېڭىز ھاسىل بولۇر ئۇ قەترەلەردىن،
بولۇر دىۋانلار ھاسىل سەترەلەردىن.
ئەگ ئاۋال سۆز، سەۋەپلەردىن ئاچايلى،
بۇ ھەقتە ئاز-تولا يۇنجۇ ساچايلى:
بەزىلەر بارىنى دەيدۇ خۇراپات،
تەرەققىياتقا بۇنداق ئىشلاردۇر يات.
خۇراپاتمۇ بۇ سەيرى ھەممىسى؟ ياق!
بۇنىڭ ئادەت قىلىنغىنىغا قاراپ باق.
كۆپى بۇ سەيرىلەرنىڭ خاتىرىدۇر،
ئۆزىنىڭ شەۋكىتىن ئەسلەتتۇرەدۇر.
ئاچايلى سۆزنى ھەزرەتتىن ئەگ ئەۋەل،
نەكىم باغلىق ئىرۇر بۇ قىسسەگە دەل.
تۆشۈك دەرۋازىسىدىن چىقسا بىر شەخس،
تۇمەنىنىڭ كۆۋرۈگىدىن ئۆتىدۇ، بەس.
قاراپ شەرققە بۇ يەردىن ماڭسا ئازراق،
كىشى كۆرىدۇ ھىساپسىز قەۋرە-تۇپراق.
بۇنى كۆرگەندە دىللار مۇڭغا تولغاي،
ھاياتلىقنىڭ ئاخىرى، ئويغا سالغاي.
نى-نى كىشىلەر كۆمۈك شۇ قەۋرىلەردە،
چىرىپ تۇپراق بولۇپ ياتقان شۇ يەردە.
نە، نە ئاقىل ۋە دانا موللا ئالىم،
نە، نە باي تويمىغۇر ھاكىم ۋە زالىم.

قىلىشىدۇ تاۋاپ ھەزسۇلتانىمنى،
قىلۇرمىز بىز زىيارەت دەپ، خانىمنى.
بۇ زات سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندۇر،
ئۇنىڭ تارىخى بىر شانلىق باياندۇر.
بۇ يەردىن قايتسا ئەلانۇرخانىم بار،
قىلىپ ئەللەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت ئىزھار.
ئۇنىڭ قەۋرىنى ھەم قىلىدۇ زىيارەت،
قىلىشقان خەلق بۇ ئىشنى ئۆزىگە ئادەت.
بۇنىڭدىن باشقا باردۇر بىر تاۋاپگاھ،
شىھىت بولغان ئالى مەقسەت بىلەن شاھ.
بۇ زاتىنىڭ نامى سەئىد ئارسلانخان،
تىلەپ ئۆز خەلقىغە ئىززەت، شەرەپشان.
قىلىپ دۈشمەن بىلەن جەڭ، بۇ ناھايەت،
دۆۋە قۇملۇقتا تاپقاندۇر شاھادەت.
ئۇ يەردە تال-دەرەخ ھەم قەترە سۇ يوق،
پايانسىز دەشت، دۆۋە-دۆۋە قۇملۇق.
ھوشۇر ئىيىغا ئون بولغان ھامانا،
باللىرىنى ئېلىپ ھەر بىر ئاتانا.
يۈرۈش قىلىدۇ بۇ چۆللۈككە، تاۋاپ دەپ،
ئۆزىنىڭ قەھرىمانىنى خاتىرلەپ.
مانا بۇ سەيرىلەرنىڭ ھەممىسىدە،
سەۋەپ بار، ساقلىغان ئەل مىڭىسىدە.
بۇنىڭ ھەممىسىدە تارىخى سەۋەپ بار،
بولۇر بىر قەترە ئىلمىدىن قىلسا ئىزھار.

www.uyghurkitap.com

تىلەشكەن ھاجىتىنى مۇشۇ يەردىن.
راۋا قىلمىش ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى،
بىرەرمىشلەر بەخت ـ سائادىتىنى.
بۇلارنىڭ بارلىغىدۇر بىر خۇراپات،
ئەقىدە ھەم تەرەققىگە ئىرۇر يات.
لېكىن، باشتا بۇنى ئۆتكۈزگەن ئەجداد،
پەقەت دەپلا شۇلارنى قىلمىغان ياد.
نىچۈك بولسۇن ئۇلار خەلقنى يېتەكلەپ،
ئۆزىگە ئىگىدارلىق تۇغىنى تىكلەپ.
قۇرۇپ ئۆزىگە قانداقتۇر بىر ئوردا،
بولۇشقان خەلقنى ئۆزى باشقۇرۇردا.
شۇڭا خەلق يولىغا ھۆرمەت قىلىشقان،
بېشىغا ئاپىرىپ تۇغلار قاداشقان.
ئۆتۈپ بىرقانچە يىللار، كۆپلىگەن ئاي،
بۇ ئالى غايەنى ئەل، ئايرىيالماي
چۆمۈپ كەتكەن خوراپات قايىنىمىغا،
ئۇرۇشقان بېشىنى گۈمبەز تېمىغا.
بۇ يەردە ئازلا تارىختىن يازايلى،
ئاپاقنىڭ قىلمىشىنى، زاتىنى ئاچايلى:
ئۇن ئالتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا،
سەمەرقەنتنىڭكى دەھبىد قىشلىقىدا،
تەسەۋۋۇپ مەسلىگىنىڭ پىشىۋاسى،
مۇشۇ جايدىكى سوپىلار ئاساسى،
ۋاپات بولدى خوجا ئەھمەت كاسانى،

تاۋار كەيسە تېنى ئاغرىر گۈزەللەر،
ئۇلۇغمەن دەيدىغان نادان ئىسللەر،
قىلىشقاندۇر مۇشۇ ۋەيرانىنى جاي،
قاراڭغۇ گوردا يالغۇز، ۋايسىيالماي.
گورىستانلىقتا زارى قايغۇ ماتەم،
ئۆلۈكنى ئەسلىشىپ يىغلاپ كۆزى نەم.
سوزۇلغان قەۋرىلەر ئارىسىدا چوڭ يول،
تۈگەيدۇ ئاپىرىپ بىر قۇببەگە① ئول.
بىنا بولغان بۇ گۈمبەز بەكمۇ ئالى،
گوياكى بىر كىچىك ئەھرام② مىسالى.
ئىچى ھەممە تېشىدۇر، يەس، پۈتۈن كاش،
ئۇنى تۈزگۈچى ئۇيغۇر ئۇستا نەققاش.
بۇنى قىلغۇچى ئۇيغۇر ئۇستاسىغا،
مۇشۇنداق بىر بىنانى قۇرغۇچىغا،
تەشەككۈر دەيسە شۇئان ئىختىيارسىز،
كېتىپدۇر دەپ، ھاياتىدىن قويۇپ ئىز.
بۇ، ئاپاق خوجانىڭكى دەپنەگاھى،
ئۇنى ئەللەر قىلىشقان سەيرگاھى.
خۇراپاتلىق مانا شۇ جايدا بولغان،
كىشىلەر بۇ تاۋاپتا يولدىن ئازغان.
كۈتۈشكەن يوق نىمىلەرنى بۇلاردىن،

① قۇببە — گۈمبەز.
② ئەھرام — پىرامىدا.

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ، چوڭ خوجىمىز كەلدى مېھمىنى،
بىلىشىپ ئۇنى بىر بەخت ـ سائادەت،
قىلىشتىلەر، دىگەن سۆزنىگە ئىتائەت.
لېكىن سەئىدىيە ئىسلام دۆلىتىنىڭ
خېنى ئابدۇلكېرىمخان ئېتى ئانىڭ.
كىرىشكە بەرمىدى قەشقەرغە ئۇ يول
خوجىدىن ئېھتىياتلار ئەيلىگەچ ئول.
خوجا ئىسھاق قىرغىزلارغا كەتتى،
ئۇلارنىڭ ئاراسىدا دىن تاراتتى.
تارىخ بىر مىڭ بەش يۈز توقسان بولدى،
ئاخىر ئابدۇلكېرىمخان ئاغرىپ ئۆلدى.
ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى خان مۇھەممەت
چىقىپ ئولتۇردى، بولدى ۋارىسى تەخت.
بويۇن ئەگدى ئۇنىڭغا قەشقەرىيە،
مۇھەممەتخانتى، خانى سەئىدىيە.
بۇ خان قىلغاچ خوجا ئىسھاققا ئەقىدە،
بۇ خاننىڭ بۇندا خانلىق كۈنلىرىدە،
ئىسھاق خوجا كېلىپ قەشقەردە تۇردى،
بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئۇلىنى قۇردى.
كېيىن ئۇ، يۇرتىغا قايتماقچى بولدى،
ئۆز ئوغلى خوجاشادى بۇلدا قالدى.
سەمەرقەنتكە يېنىپ كەتتى بۇ يەردىن،
بۇ يەردە قالدى كۆپ تەسىر ئۇلاردىن.
قويۇپ ئەمدى سەمەرقەنتتە ئىسھاقنى،

ئاتايىتتى مەختۇم ئەزەم نامىلە ئانى.
بۇ زاتنىڭ ئىككى نەپەر ئوغلى بولغان،
بىرسى دوست مۇھەممەت دەپ ئاتالغان.
مۇھەممەت ئىمىن ئەردى بىرىگە نام،
ئىمىش "مەنا"نى مەختۇم قىلغان ئىنئام.
بۇنىڭكى نەۋرىسىكەن ھەزرەت ئاپاق،
قۇرۇلغانىكەن ئۇڭا ھەزرەتتىكى تاق.
بۇگۈن ھەزرەتتە بولغان ئاشۇ گۈمبەز،
دىيىلسە ئۇ ئاپاقنىڭ توغرا كەلمەس.
مۇھەممەت يۈسۈپ ئاپاقنىڭ ئاتاسى،
ئىدى ھەم سوپىلارنىڭ پىشۋاسى.
سوپىلار بۇ كىشىگە قەست قىلىشتى،
زەھەر قوشتى ئىچىشغا، ئۆلتۈرۈشتى.
ئۇ ھازىرقى جايغا دەپىن قىلىنغان،
ئاپاق ئۆلگەندىمۇ شۇندا قويۇلغان.
مۇھەممەت يۈسۈپ ئەمدى ئۇنۇتۇلدى،
بۇ گۈمبەز ھەزرەت ئاپاق دەپ تونۇلدى.
يەنە بىز ئارقىمىزغا بىر يانايلى،
بۇ تارىخنى يەنە ئەسلەپ ئۆتەيلى.
ئىدى تارىخقا بىر مىڭ بەش يۈز ئەللىك،
كېلىپ بۇندا خوجا ئىسھاق نەسەبلىك،
ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتى،
نوپۇزى بۇ كىشىنىڭ ھەددىدىن ئاشتى.
پۈتۈن خەلق بۇ كىشىگە قول بېرىشىپ،

تۇتۇشتى ھەر بىرى بىر سوپىنى پەر،
قىلىپ بۇ پىرقىلەر، بەلگۇ ئىشىغا.
كىيىشتى ئىككى خىل نەرسە بېشىغا.
ئاپاق كەيدى بېشىغا ئاق تۇماقنى،
ئىسھاقلار كىيىشتى قارا تاقنى.
تاقىيە باش كىيىمگە نام ئەرەپچە،
ئىككى پىرقە بۇنى قىلدى بۆلەكچە.
قىلىشتى ئۆز گۇرۇھىنىڭ نىشانى،
قارا، ئاق تاقىيە مۇشۇنىڭ بايانى.
كېيىن بۇ تاقىيەنى دىدىلەر تاغ،
بۇنىڭدىن چىقتى ئاق تاغ ھەم قارا تاغ.
بۆلۈپ خانلار بىرى ئاقتاغقا مەنسۇپ،
يەنە بىرى قارا تاغنى كۆرۈپ خوپ.
ناھايەت كۆپ ئۇرۇش، جاڭجال قىلىشتى،
ئارادا كۆپلىگەن قانلار تۆكۈشتى.
ئاپاق ئاقتاغ تەرەپكە مەنسۇپ بولغاچ،
رەقىبىنى يېڭىشنى قەست قىلغاچ،
تولا قىلمىغۇلۇق ئىشلارنى قىلدى،
نەتىجە: دۆلىتى سەئىدىيە يىقىلدى.
ئىدى مىڭ ئالتە يۈز ئاتمىش ۋە توققۇز،
بولۇپ ئابلاخان ئۇ كەشمىردە ساقسىز.
ھاياتلىق ئالىمدىن يۇمدى كۆزنى،
قارا يەرنىڭ تېگىگە ئاتتى ئۆزنى.
ئۇنىڭ ئۆرنىغا ئىسمائىل خان بولدى،

يازايلى ئەمدى بىر ئىككىنچى ياقنى.
مۇھەممەت ئىمىن، ئىسهاق ئىدى تۇققان،
مۇھەممەت ئىمىن ئۇ، تۆرت ئوغلى بولغان.
مۇھەممەت يۇسۇپ ئىدى چوڭى نامى،
ئۇنىڭغا قەشقەردىكى خەلقنىڭ تامامى —
بولۇپ سوپى، ئۇنىڭغا قول بېرىشتى،
مۇرىدى، مۇخلىسى، سوپى بولۇشتى،
ئون ئىككى ياشلىق ئوغلى ھىدايىتۇللا،
بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ئىدى ھەمرا.
مۇشۇ ئوغلان مانادۇر ھەزرەت ئاپاق،
ياسالغان قەۋرىسى ئۈستىگە زور تاق،
ئاپاق ئاتىسى بىلەن كەلگەن زامانى،
بۇ ئىسلام دۆلىتى "سەئىدىيە" خانى،
ئۆزى يەكەندە، ئابدۇللا ئىدى خان،
يەنە ھەر بىر شەھەردە بىر خان بولغان.
ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ يەردە دىن ھۆكۈمەت —
بولۇپ بىر، چىك ئىدى بىر بىرىگە نىسبەت،
قايدا ئىشانىكى كۆپ، بولسا مۇرىدى
بولاتتى خانمۇ، شۇ ئىشان مۇرىدى.
شۇڭا خانلار ئىشانغا ئىبسلاتتى،
سىياسەتكە ئىشانلار ئارىلىشاتتى.
مۇھەممەت ئىمىن، ئىسهاقلار بۆلۈنگەچ،
بۇلارغا خانلار مۇھتاج ھەم يۆلەنگەچ،
بۇ يۇرتتا ئىككى پىرقە بولدى زاھىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇشۇكتۇ بىرلە ئاپاق يول بېسىپ تېز،
ئىسمائىلخان ۋە بارلىق تابىئاتى —
نى قىلدى ئىلىغا سۈرگۈن، يوقاتتى.
"سەئىدىيە" ئاتالغان بۇ ھۆكۈمەت،
تۇرغان بىر يۈز ۋە يەتمىش يىلچە بىر ۋاقت.
يوقاتتى ئۇنى ئاخىر ھەزرەت ئاپاق،
ئېلىپ قالماقلاردىن ياردەم، قاراپ باق.
ئۆزۈڭ قىلغان قىلىقلارغا باھا بەر،
ديانەت، ئەقىل ـ ئىنساپلار نىمە دەر؟
بۇنى تارىخ قىلۇر ئادىل ھۆكۈمنى،
ئۇ تۇتقان ئۆزگە رەھبەر نەپسى شۇمنى.
ئىكەن ئاپاقنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق،
چۈشۈرگەنىكەن ئىشانلىق شەنىگە داغ.
نىچۈن قەشقەر ۋە يەكەن ئام بىلەن خاس،
ئۇنىڭغا بۇ قەدەر باغلاپتۇ ئىخلاس؟
سەۋەپ شۇكى، ئۇنى خەلق بىلگەن ھامى،
ئۇ بەرگەن خەلققە ئۆز ئىگىلىك تامامى.
ئاۋام خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ تونىشىچە،
يۈزەكىلا قاراپلا چۈشىنىشىچە،
تۇتۇپ بەرگەن ئۇ خەلقلەرگە دىنىنى،
ئۇ قىلدۇرغان ئىدارە ئۆز ئۆزىنى.
ئۇلار باشتا بۇنى قىلغان تاۋاپ دەپ،
قىلىش ئۇنى زىيارەت، بىر ساۋاپ دەپ.
كېيىن بارغانسېرى ئۇ بولدى ئادەت،

قارا تاقىيەلىكلەر غالىپ بولدى.
مۇشۇ جەڭ ۋە جېدەللەرگە سەۋەپكار،
ئاپاق خوجالىغى بوٚلغاچقا ئاشكار،
ئىسمائىل خان مۇشۇنداق قىلدى بۇيرۇق:
"ئاپاق خوجىغا قەشقەردە ئورۇن يوق.
چىقىپ كەتسۇن ئۇ، دەرهال مۇشۇ يۇرتتىن"
ۋەگەرنە چىققۇسى روهى ۋۇجۇتتىن.
بۇ يارلىقنى كوٚرۇپلا هەزرىتى ئاپاق،
بالالاردىن جېنىم بولسىدى دەپ ساق.
چىقىپ كەتتى ناچار قەشقەرنى تاشلاپ،
يېقىن سوپى ۋە يارانلارنى باشلاپ.
شۇ چىققانچە يۇرۇپ لەنجۇغا يەتتى،
سالادا ئاز تۇرۇپ لاساغا كەتتى.
قىلىپ دات ئۇ، سەئىدىيە خېنىدىن،
سورىدى ياردەم دالاي لامادىن.
دالاي لاما ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوللاپ،
بۇشۇكتۇ خانغا بىر خەت بەردى يوللاپ.
بۇشۇكتۇ جۇڭغارىيىگە ئىدى خان،
ئىدى قەشقەرنى ئالماق ئۇڭا ئارمان.
بۇشۇكتۇ لامانىڭ مەكتۇبىنى ئالدى،
هايال قىلماي قوشۇننى يولغا سالدى.
ئاپاقمۇ كەلدى بىللە "نەئرە" تارتىپ،
دىلىغا تەختىنىڭ ئۇممىدى ئارتىپ.
ئىدى مىلڭ ئالتە يۈز يەتمىش ۋە سەككىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 12. ھەزرىتى سۇلتانىم سەيرىسى

ئاتۇشنىڭ بازارى بار،
يولىدىن ئازارى بار.
يىتىمچىنى قوللايدۇ،
ھەزسۇلتان مازارى بار.
——خەلق ناخشىسى.

تۇرۇپ ئارىلاپ، بەدىئى گۈل - گۈلستان،
كېتىپ بېرىپ يېزىپ، بىر ئىشقى داستان.
ئېچىشقا باشلىدۇق تارىخ بېتىنى،
بۇراپ سالدۇق قەلەمنىڭ تىزگىننى.
قەلەم تارتىلدى بۇ ياققا ئىمىشقا،
تارىختىن ئۆتتى ئىچۈن، دۇر تىزىشقا.
سەۋەپ شۇكى ئوقۇلغاندا، بۇ قىسسە،
قوشۇلسۇن ئۇنىڭا تارىختىن بىر ھەسسە.
ئىچۈككىم، ئالسالەر زەۋقى مۇھەببەت،
تارىخىي ئىزلىدىن ھەم ئالغاي ئىبرەت،
ئۇلار ئەجداتلىرى ھالىنى بىلسۇن،
شۇلاردەكلا يارامىلىق كىشى بولسۇن.
بۇنىڭدىن قەست، كىشى بولغىل دىمەكتۇر،
لايىق شەنىگە بىر ئىش قىل دىمەكتۇر.
كىشىكىم يىسە ئۇ ئەلنىڭ غېمىنى،

سەۋەپ بولدى يامان ئىشقا ناهايەت.
سۇرۇشتۇرگەندە ئەسلىنى بۇ ئىشنىڭ،
مۇشۇنداق سەيرىنى ئادەت قىلىشنىڭ،
ئاساسەن باشچىسىنى قەدىرلەشتى،
ئۆزى ئۆزىگە ئىگىلىكنى يۆلەشتى.
شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر سۇلتان سۇتۇقمۇ،
قاراپ باقىلى، بۇنى ياد قىلغۇلۇقمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلىق بىلەن يۇغۇرۇلدى جىسمى،
قوبۇل قىلغاندا ئۇ ئىسلام دىنىنى،
ساتۇق ئابدۇلكېرىم دىدىلەر ئېتىنى.
ئىچۆن ئەل قىلدۇ، بۇ جايدا سەيرى،
ئەمەس بۇ جايدا ئەسرار باشقا غەيرى.
دىلدا ساقلىماقتىن باشقا ئەرمەس،
شۇڭا قىلدۇ تاۋاپ ئەل، ھەر يىلى بەس.
بۇ خانىنىڭ ھالىنى ئاز ئېيتىپ ئۆتمەك،
تارىخنىڭ بەتلىرىنى كۆرۈپ كەتمەك.
ئۇنىڭدىن يېتىدۇ قەلبلەرگە ھىسسە،
تاپۇر زىننەت ئۇنىڭدىن مۇشۇ قىسسە.
قاراخانىلار سۇلالىسىدە بازىرخان
ئىسىملىك ئۆتتى شۇ ۋاقىتلاردا بىر خان.
ساتۇق ئاشۇ بازىر شاھزادىسىتى،
ئۇ شاھلىق ئورداسىدا تۇغۇلۇپ ئۆستى.
ئون ئىككى ياشلىرىدا بۇ شاھزادە،
يۈرىتى ئاۋ قىلىپ بىر كۈن ئازادە.
مۇشۇ ۋاقىتتا ئەبۇ نەسرى سامانى،
مۇسۇلمانلىققا دەئۋەت قىلدى ئانى.
قوبۇل قىلدى ئۇنى شاھزادە يوشۇرۇن،
ئۇ ئىسلام دىنىدىن بەك بولدى مەمنۇن.
ئۇ، ئوردا ئىچرە مەخپى دىنىنى يايدى،
مۇسۇلمانلار سېپى ئارتىپ كېڭەيدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئارادىن، ئۆلدى بازىر،

خىيانەت قىلمىسا، بولسا ئېمىنى.
ئۇنى خەلق ئۇنتۇماي مەڭگۇ يادلار،
ئۇلار يادى بىلەن كۆڭلىنى شاتلار.
شۇلاردىن بىرسى ھەزسۇلتانىمدۇر،
شەرەپ-شانى بۇ زاتنىڭ نايىتى زور.
مۇشۇ تارىخىمىزدىن مىڭ يىل ئەۋۋەل،
بۇگۇن شىنجاڭ ئاتالغان يەرلىدە دەل.
يانا بىرمۇنچە يۇرت، ئەللەر قوشۇلۇپ،
چوڭايغان ئىدى چوڭ دۆلەت قۇرۇلۇپ.
قاراخانىلار دەپ شۆھرەت قازانغان،
ئۇلارنىڭ شاھلىرى "قاراخان" ئاتالغان.
سۇلالە ئۇچ يۈز ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق
تۇتۇپ قولىدا قىلىچ، نەيزە بىلەن ئوق.
تاجاۋۇزكارلىدىن ۋەتەننى ساقلاپ،
ئۆتتۈشكەن ئۆزلىرى تارىخنى ئاقلاپ.
مانا بۇ دەۋر ئۇيغۇر تارىخىدا،
بۇ يۇرت تارىخى تومىرىنىڭ بېتىدە،
بولۇپ تۇرماقتادۇر، گۇللاپ نامايان،
تەرەققى قىلغان ئۇندا ئىلمۇ-ئېرپان.
كىشىكىم ئەل ئاتار، ھەزسۇلتانىم دەپ،
يۈرۈرلەر چۆرىسىدە سەير ئەيلەپ.
ئىرۇر بىر خانى ئۇشبۇ خانىدانىنىڭ،
ئۇنتۇلماس بۈيۈك كىشىسى زامانىنىڭ.
ئۇنىڭ سۇلتان ساتۇقدۇر ئەسلى ئىسمى،

ئۇنى ئەللەر ئۇلۇغ جاي دەپ تونۇپتۇ.
قىلىپ كەپتۇ بۇ جاينى سەيرگاھى،
ئۇنى دەپ خانىمىزنىڭ بارگاھى.
خەلق ھەر يىلى مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا،
يىراقلاردىن كېلىپ بۇ جايغا ھەتتا،
ئوقۇپ سۇلتان ساتۇق تەزكىرەسىنى،
ئىشتىپ شۇ ئۇلۇغ خان دەۋرەسىنى.
كى تا ھازىرغىچە كەلمەكتە ئەسلەپ،
خاقانلىرىنى ئۇنۇتماسلىقنى قەستلەپ.
ھەقىقەتەن ساتۇق سۇلتان زامانى،
ئۇلۇغۋاردۇر ئۇنىڭ تارىخىي شانى.
قاراخانىلار خان بولغان زاماندا،
ھۆكۈمرانلىق ئۇلار كەڭ بىر ماكاندا.
شۇڭا خەلقلەر خاتىرىلەپ شۇ زاماننى،
قىلىشىپ سەير خېنى ياتقان ماكاننى،
يىراقلاردىن بۇ جايلارغا كېلىشكەن،
تاماششالەر قىلىپ، ئويناپ كۈلۈشكەن.
ئۆگەمدۇ سەيرگاھلار بۇ بىلەن؟ ياق!
خاھى ھەزسۇلتانىمدۇر، خاھ ئاپاق.
بۇ ھەر ئىككى ئورۇندۇر خۇش ھاۋا جاي،
گۈزەللىككە قالۇر، كۆز كۆرسە تويماي.
قىلۇر بۇ جاي ئۆزىگە جەلپ كۆڭۈلنى،
ئۇ يەردە سەير، ئاچۇر ھەر چاغدا دىلنى.
ھەزرەت ئاپاق بولسۇن ياكى مەشھەت،

ساتۇق بولغاچ كىچىك، خان بولدى قادىر،
ئوغۇلچاق دەيتىلەر قادىر ئېتىنى
قولىغا ئالدى ئۇ، شاھلىق ئىشىنى.
نايىپ خان ئورنىدا تەخت ئۆزرە چىقتى،
قىلىپ قەشقەرنى مەركەز، ئۇڭا كۆچتى.
ئەبۇ نەسرى سامانىنىڭ قولىدا،
مېڭىشقا باشلىغان ئىسلام يولىدا.
يوشۇرۇنچە ئاتادىن ئېيتقان ئىمان،
بولۇپ بىر چىن مۇسۇلمان، بۇ قاراخان.
ئوغۇلچاقنى يېڭىپ چىقتى ئۇرۇشتا،
بولۇپ خان، باشلىدى ئىسلام قۇرۇشتا.
ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن قەشقەر زىمنى
ئۆزرە تارقالدى تېزلا ئىسلام دىنى،
توققۇز يۈز قىرىق مىلادى يىلىدا،
ھەزرەت سۇلتان ساتۇقنىڭكى قولىدا،
ئىككى يۈز مىڭ كىشى بىر يولى ئىمان —
نى ئەيتىپ بولدىلەر چىندىن مۇسۇلمان.
بۇ زات توققۇز يۈز ئەللىك بەش مىلادى،
سوغۇنچازا دىگەن بىر جايدا ئۆلدى.
بولۇپ ئوتتۇز ۋە يەتتە مىڭ كىشى جۇغ،
مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ جەۋلان قىلىپ تۇغ.
ئۇ ئاتۇشتا يەرگە دەپن ئېتىلدى،
بۇ جاي شۇندىن بېرى، مەشھەد ئاتالدى.
بۇ ئىشلارغا مانا ئون ئەسىر ئۆتۈپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

غۇبارىن كۆزلىرىگە سۈرمە ئەيلەپ،
ئۇرۇشۇپ نەئرەلەر، دەپ "ئوردا خانىم"
كى يەنى ئوردايى خان پادىشايىم.
ئېتىدۇر سەئد ئېلى ئارسلانخان،
ئۆزى شۇ دەۋردە قەشقەردىكى خان.
ماچىنلىقلار بىلەن بولغان سوقۇشتا،
چېكىنىپ ئۇ، شۇ قۇملۇققا، ئۇرۇشتا،
تا ئاخىرقى نەپەس، تەسلىم بولماي،
نەچە مىڭ جەڭچىسىدىن بىرى قالماي،
بارى ئىچكەن شەھىدلىك شەربىتىنى،
مۇشۇ قۇملۇقتا قالدۇرغان تېنىنى.
شۇڭا خەلقلەر بۇ ئۇلۇغ زاتنى يادلاپ،
بۇ چۆللۈككە كىرىپ قۇملارنى ئاتلاپ،
يېتىپ قۇمغا كېزىشىپ بىر جاھاننى،
تاۋاپ قىلىدۇ شەھىد بولغان بۇ خاننى.
مانا شۇنداق ئىدى سەيرلەرنىڭ ھالى،
ئۇلۇغ مەقسەتلىدىن ئەمەستى خالى.
ئۆتۈپ، لېكىن زامانلاردىن-زامانلار،
ئارىلاش تولۇشىپ ياخشى-يامانلار.
ئاياغ ئاستى قىلىنىپ ياخشى مەقسەت،
تۇغۇلۇپ قانچە-قانچە ئىش ۋە بىدئەت،
خۇراپات تونىنى ئالدى بۇ ئادەت،
سائادەتلىك ئادەت بولدى شاقاۋەت.
ئېلىمىز ئۆتمىگەن شاھلارنى يالغۇز

سۈزۈكتۇر سۇلىرى گويا زۇمرەت.
يېشىل ياشناپ، گۈزەل كۆكلەپ سۇۋادان،
ئۆسۈپ كەتكەن تامام رەت-رەت باراقسان.
پۈتۈن ئەتراپى كەتكەن كەڭ ئېكىنزار،
تامامەن باغ ۋە بوستان، گۈل ۋە گۈلزار.
تىزىشىپ قۇشلار ئۇندا ئاشىيانە،
چالۇر شاخلار ئىچىدە شادىيانە.
مۇناسىپ سەيرگاھ بولغان تۇپەيلى،
قىلىپ كەتتۇ خالايىق سەير، دەيلى.
لېكىن بىر سەيرگاھ بار، چۆل ئىچىدە،
بۈيۈك تەكلىماكان قۇمىنىڭ چېتىدە.
ئۇ يەردە نە كىشى بولسۇن نە هايۋان،
نە بولسۇن ئۇندا مايسە، دەرەخ-ئورمان.
كىشى گەر ماڭسا قەشقەردىن پىيادە،
مېڭىش لازىمدۇر ئۈچ كۈندىن زىيادە.
ئۇ جايدا تامچە سۇ يوق ئىچكىلىمۇ،
نە مەنزىل يوق قونۇشۇپ ئۆتكىلىمۇ.
هوشۇر ئايىغا ئون بولغان هامانا،
ئۆيىدىن قوزغىلىپ هەر بىر ئاتانا،
نەچە كۈنلۈك يىمەكلىرىن قىلىپ تەل،
مۇشۇ قۇملۇققا سەلدەك ئاقىدۇ ئەل.
تۇرۇپ ئۈچ كۈن قىلىشىپ يىغىنزارى،
ئوقۇشۇپ مەرسىيە، بۇ هەقتە بارى،
ھىساپسىز رەنج تارتىپ، چاڭ-توپا يەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زوھورىدىن ھېكىمنىڭ كاتىبى ئۇل،
ئىلىمنىڭ گۈللىقىدا بىر گۈزەل گۈل،
بۇنىڭغا بىر يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتتۈپتۇ،
ئالىمنى ئەل داۋام يوقلاپ تۇرۇپتۇ.
شۇنىڭدەك زور ئەدىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
ياسالغان ئۇستىگە قۇببە ئاجايىپ.
كىشىلەر ئايمۇ-ئاي، ھەپتىمۇ-ھەپتە،
زىيارەت قىلىشىپ سۆزلەپ بۇ ھەقتە،
بۇ زات بىرلە ئاجايىپ پەخىرلىنەتتى،
ئۆزىگە پېشىۋا، رەھبەر بىلەتتى.
ئىدى قۇببەسى ئەلقابىلەرلە ① تولغان،
ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ بېيىتلەر يېزىلغان.
لېكىن ئەپسۇس، بۇ قىممەت يادىكارنى،
ئۇيغۇرلار تارىخىدا بىر ئىپتىخارنى،
ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى،
يوقاتتى، قالمىدى ھەتتا خارابى.
ئۇنىڭ ئورنىغا سېلىندى بىر مەكتەپ،
قالۇرسەن بۇنى كۆرگەندە ئەجەپ يەپ.
تۇرۇپتۇ چۆرىسىدە كۆپ يەرلەر بىكار،
نىچۈن مەكتەپكە بۇ جاي بولدى دەركار؟!...
دىمەك، بۇ خاتىرە گۈمبەز بۇزۇلدى،
بۇ زاتنى يوقلىشى خەلقنىڭ ئۈزۈلدى.

---

① ئەلقاب — ياخشى دەپ ماختالغان سۆزلەر.

خاتىرلەپلا، قىلىپ ئۇ ھەققىدە سۆز.
ئەدىب، ئالىملىرىن ھەم ياد ئېتىشكەن،
بېشىدا سەيرگاھلارنى تۈزۈشكەن.
بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنى،
كۆمۈلگەن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ يېرىنى،
قىلىپ كەلگەن ھەمىشە سەيرگاھى،
تونۇپ ئۇ يەرنى ئىلىمنىڭ بارگاھى.
بۇ داستاننى يېزىش ئەسناسىدا مەن،
بولۇپ بۇ جاينى بىر كۆرمەككە زوقمەن،
زىيارەت قەستىدە چىقتىم ئوپالغا،
كۆزۈم چۈشتى ئۇ جايدا ئىشكتە، شالغا.
ئىكەن ھەر ياقىغا نۇرغۇن خەت يېزىلغان،
بولۇپ ساق بەئزىسى، بەئزى بۇزۇلغان.
ئىشىكنىڭ شېلىدا شۇ خەت كۆرۈلدى،
ئۇنى دەپتۇ "غېرىبى"دىن يېزىلدى.
ئۆچۈپ كەتمەي تۇرۇپتۇ خەت ئۆزى ساق،
غېرىبى يازمىسىنىڭ ئەينى مۇنداق:

ئۈمت بىرلە كېلىپمەن، دەرگاھىڭغا پادىشاھىم دات،
بۇ پەقرۇ-زارى بىرلە ئەرز قىلدىم، قىلمىغىل بەربات.
1254. موللاتۇردۇش ئاسى كاشغىرى.

"غېرىبى" كىم؟ تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى،
زامانەسىنىڭ ئىجاتكار بىر ئەدىبى.

www.uyghurkitap.com

## رۇبائى

مەقسەت مەيدىن تۇتسا قەدەھنى ساقى،
نەشئەسى ئۇنىڭ قالغۇسى مەڭگۈ باقى.
كۆڭلۈڭدە ئەگەر قەسدە مۇقەددەس بولسا،
بولمايدۇ بۇزۇق، بۇزۇلسىمۇ كۆك تاقى.

لېكىن ئەل ئالىمى ئۇنتۇلدىمۇ؟ ياق!
بۇزۇلغان قۇببە ئورنىغا قاراپ باق.
كۆتەردى قەد يەنە بىر قۇببە ئالى،
ئىلىمنىڭ سىمۋولى، ھۆرمەت مىسالى،
دېمەك، خەلقنىڭكى رەسىم ئادەتلىرىدە،
مۇقەددەس ئارزۇسى بار دىلىدە.

### قىتئە

ياخشىلارنى ئۇنتۇماس خەلق، مەڭگۈگە پەرۋانەسى،
يانتاق ئۈنگەن دەپىنگاھىنى بىلۇر، كاشانەسى.
دائىما يادلار بۇلارنى، خەلق كۆڭلى باغىدا،
بىر كۈنى بىخلاپ ئۈنەر دەپ، ساقلىغان بۇ دانەسى،

قەلەم كەل بەك ئۇزاقلاشتۇق ئىشاندىن،
كىرىپ كەتتۇق تارىخقا، داستاندىن.
ئېلىپ قالسۇن كىشىلەر ئاز-تولا ئەپ
دىگەن مەقسەتتە قالدۇق بۇنى سۆزلەپ.
بۇ ھەقتە سۆزنى تارىخقا قويايلى،
ئىشق جامىغا سۆز مەينى قۇيايلى.
مۇھەببەت مەيىدىن، زوق ئىستىگەنلەر،
دىلى ھىجران ئوقىدىن زەخم يىگەنلەر،
بۇ ئىشق خۇمخانەسىدىن بەھرە ئالسۇن،
خۇمارىنى كېسىپ بۇ مەيگە قانسۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قارا! ئۇستۇڭدىكى نىل رەڭ بۇ ئۆگزە،
كى تۇرماس بىر نەپەس، بىر ھالدا، لەھزە.
ئەمەس بىر ئۆگزە، بىر ئەينەك ئىرۇر ئۇ،
يامان، خاھ ياخشى بولسۇن، كۆرستەر ئۇ.
كىمىكى ياخشىلىق يولىنى تۇتتى،
يولىنى ياخشىلىق بىرلە يورۇتتى.
بۇ ئەينەكتىن ئۆزىگە تاپتى ئەكس، ئۆز،
جۇلاداپ ئۆتتى ئۇ، گويا كى يۇلتۇز.
ئۇلكى قىلدى كەسپ، ئۆزىگە يامانلىق،
ئۇڭا ھىچ بەرمىدى تارىخ ئامانلىق.
زامانلاردىن-زامانلار ئۆتسىمۇ گەر،
ئۇنى تارىخ يامان دەپ ياد ئەيلەر.
گەر ئۇن سەككىزىنچى ئەسرىنىڭ بېشىن ئالسا،
پەلەك ئەينىگىدە قەشقەر قارالسا،
ئېتەر ئەكس ئازغىنا بىر خىل يورۇقلۇق،
ئۇنىڭغا يانا بىر زۇلمەت قوشۇقلۇق.
دىمەك، پىتنە-پاسات بىرلە يېغىلىق،
بۇ يۇرتلارنى خاراپ ۋەيران قىلىغلىق.
مۇشۇنداق خانە ۋەيرانلىق ئىچىدە،
بىرئازراق ياخشىلىقلار بار چېتىدە.
دىمەك بۇ، ۋاقلارنىڭ قىلغان ئىشىدۇر،
قاراڭغۇ ئىچرە نۇرنى ئىستىشىدۇر.
ئۇلار گەرچە يامانلارنىڭ قورالى،
ئەمەستى بەزى ياخشى ئىشتىن خالى.

## 13. 18ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر

بەگى ئەزگۈ بولسا بوزۇن بارچا تۈز، 887
بولۇر قىلقى ئەزگۈ يورىقلارى ئۈز،
ياقىن تۇتسا بەگلەر كۆر ئەزگۈ كىشىگ، 888
ئېسىز بارچا ئەزگۈ قىلۇر ئول ئىشىگ.

يەشمىسى: بېگى ياخشى بولسا، پۈتۈن خەلقى تۈز —
بولۇر ھەم قىلىقى يۈرۈشلىرى ئۈز.

يېقىن تۇتسا بەگلەر، قارا، ياخشىنى،
يامانلارمۇ ياخشى قىلار ئىشىنى.

ئېسىز ئۆگدى ئۇرما ئەي ئەلچى بۆگۈ، 1459
ئېسىز بولسا بولماز ئاژۇنوغ يېگۈ،
ئېسىز ئۆگدى ئۇرسا ئۆزى ئۆز ئۆزىن 1460
ئېسىز قۇزتى ئاتىن ئۆزىندە كېزىن.

يەشمىسى: يامان تەرتىپ ئورناتما، ئەي بەگ ھېكىم،
يامان بولسا قانۇن، بولالماس ھاكىم،

يامان تۈزسە قانۇن كىم ئۆز دەۋرىدە،
يامان ئات قويار ئۇ ئۆزى كەيىندە.

——«قۇتادغۇبىلىك».

ھەرەمگە كەتتى ئابلاخان قويۇپ تەخت،
ئىسمائىلخان تېپىپ ئۇندىن كېيىن بەخت.
ئون ئىككى يىل بۇ يۇرتنىڭ خېنى بولدى،
ئېخىرى ئۇمۇ دۇنيادىن يوقالدى.
ئۇنىڭدىن سوڭ بولۇپ مەممەت ئىسمىخان،
ئۇ ھەم بولدى قارا يەر ئىچرە پىنھان.
كېيىن خوجىلار كېلىپ بۇ يۇرتنى ئالدى،
خەلقلەر كۆپ ئېغىر بىر ھالدا قالدى.
كېلىپ خەلقنى تالاپ كۆپ ئالدى قاچتى،
خاراپلىق ئىشىگىنى ئەل ئۆزرە ئاچتى.
بۇلاندى ئەل، تۆكۈلدى ياش، ئېقىپ قان،
بولۇپ كەتتى ئاھالە خانەۋەيران.
ئىش بىلگۈچى ئاقىللار بولدىلەر خار،
ئىش بىلمىگەن نادانلار بولدى سەركار.
بولۇپمۇ خوجىلار بولغاندا ھاكىم،
ئۆزىنى كۆرسىتىپ مۇخلىسلا ھەركىم،
چىقىپ ئالدى يامانلار ئىش بېشىغا،
قولىنى سۇندىلەر خەلقنىڭ ئېشىغا.
ئامانلىق تاپمىدى خەلق مالى، جانى،
پەلەككە چىقتى ئادەملەر پىغانى.
ناھەقلىققە تولۇپ بۇ يۇرت ناھايەت،
يىغىلىقتىن قۇتۇلماي، كۆردى ئاپەت.
شۇلاردىن يەتتە ئادەم جەم بولۇشۇپ،
يوشۇرۇن ھالدا بىر مەجلىس قۇرۇشۇپ.

زامانەسىدە يامانلىق ئىدى گەرچە،
قىلاتتى ياخشىلىقلار ئانچە ـ مۇنچە،
ئۇلارنىڭ بەزىسىتى ئىلىمپەرۋەر،
بۇ يۇرتلار ھۆكمىگە بولغان مۇسەخخەر.
بولۇپ ئىلىم ۋە ئەدىپ ئېلىگە مەدەتكار،
خېلى نۇرغۇن كىتاپلار قىلدى تەييار.
يانا بىرمۇنچىسى قىلدى يامانلىق،
يامانلىق بىرلە سورىدى يۇرتتا ۋاڭلىق.
بۇ يۇرت تارىخىدا ۋاڭلار زامانى،
ئالاھىدە ئورتالىقنىڭدۇر نىشانى.
كۆرۈنۈشتە ئىدى بۇلار يېرىم خان،
خېلى كۆپلەپ ھوقۇقنى قولغا ئالغان.
بۇ ۋاڭلار نە سەۋەپتىن بولدى پەيدا،
ئۇنى دەپ ئۆتسە بولماس ئۇ بىپايدا.
بولۇپ ئۆتتى ناھايەت كۆپ يېغىلىق،
تولۇپ كەتتى بالا ـــ ئاپەتكە يۇرت لىق.
بولۇپ كەتتى ناھايەت تولا جاڭجال،
يامانلاشتى بۇ يۇرت ئەھلىگە ئەھۋال.
پېتىپ كەتتى تېچلىقنىڭ قۇياشى،
تالان ـ تاراجدا قايدى خەلق باشى.
قويۇقلاشتى توپىلاڭنىڭ تۇمانى،
كېسىلدى باش، تۆكۈلدى خەلق قانى.
دىمەك، ھىجرىيە مىڭ سەكسەن يىلىدە،
يولۋاسخاننى قىلىپ خان ئۆز ئېلىدە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى بۇخان ئۆزى خوشلۇققا ھەقلىق،
كېرەكتى قىلمىقى شۇنداق بىتەھقىق!
بۇلارغا قوشتى كۆپ چېرىكنى خاقان،
ئۇلارنى كەلدى باشلاپ يەتتە ئىنسان.
خاقان چېرىكلىرى قوزغالدى ماڭدى،
ئۇرۇشماستىنلا يەتتە شەھەرنى ئالدى.
ھىلىقى يەتتە ئادەمنى ئۇلۇغلاپ،
بۇلارغا نام، ئۇنۋانلەر بېغىشلاپ،
بېرىپ ۋاڭ، گۇڭ ۋە بەيلى، بەيسى مەنسەپ،
ئۇششاقتالدا بۇلارغا رەسىم تىكلەپ،
ئالاھىدە بۇتخانا ئۆيىنى ياساتتى،
بۇلارنىڭ ھەيكىلىن، ئۇندا بېكىتتى.
"ئۇلۇغ ئۆي" قويدى ئۇ ئۆينىڭ ئېتىنى،
دىدى يەتتە شەھەر ئىگىسى، ئۇلەرنى.
كىمىكى چىقسا ئىچكىرىدىن بۇ يەرگە،
قىلاتتى باش ئۇرۇپ، تەئزىم ئۇلەرگە.
دىمەك تارىخقا مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز،
ئەمەستى ھۆكۈمران خانلارلا يالغۇز.
ھىلىقى يەتتە ئادەم باللىرىدىن،
شۇ مەۋلاتنىڭ ئاتالغان ۋاكىلىرىدىن،
بۇ يۇرتلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى،
ھوقۇقلۇق ھالدا خەلقلەرنى سورايتتى.
ھوقۇقنى بۇلارغا بەرگەنتى خانلار،
ئۆلۈمدىن باشقىنى سورىمايتتى ئۇلار.

دىيىشتىكىم، بۇ يۇرت ـ ئەل بولدى ۋەيران،
تۆكۈلۈپ كەتتى ھەقسىز بەك تولا قان.
قىلىپ كەتتۇق يىغىلىقتىن قۇتۇلماي،
زۇلۇم دەستىدىن قالدۇق دەم ئالالماي،
كىتىۋەرسە مۇشۇنداق تىچلانماي،
قالۇر ئەۋلاتلىرىمىز ياشىيالماي.
بىرىپ چىن خانلىقىغا ھالنى دەيلى،
بۇ يۇرتقا ئۇلارنى تەكلىپ ئىتەيلى.
ئۇلار شۇ خىلدا بىر مەسلىھەت قىلىشىپ،
يىتەرلىك پۇل يىمەكلىكلەر ئىلىشىپ.
يوشۇرۇنچە ئۆتۈشۈپ سەددىچىندىن،
ئۇرۇن ئالدى بىرىپ خان ئىشىكىدىن.
يۈرۈپ، بىشىنى ئۇرۇپ ئاخىر كۆرەشتى،
خاقانمۇ بۇلارنىڭ سۆزىنى ئىشتتى.
ئۇلارنىڭ سۆزىدىن خان بىلدى ئەھۋال،
بولۇپ خوشال ئۇ، لەشكەر قوشتى دەرھال.
نىچۈك خوش بولمىسۇن شۇنچە گۈزەل يەر،
كى ھەر بىر سۈيى بال، تۇپراقى گەۋھەر،
بۈيۈك ئۇيغۇر ئىلىنىڭ تۈپ ماكانى،
ئالىپ ئەرتۇڭانىڭكى خاندانى،
جاھان مەدىنىيىتىنىڭ تۈپ بۆشىگى،
غەرپ دۇنياسىنىڭ مەشھۇر ئىشىگى،
ئۇڭا تۇرسا ئىگىپ باش ئىختىيارى،
مۇسەخخەر بولسا بۇ ئۇيغۇر دىيارى؛

www.uyghurkitap.com

دىسەم بۇنداق، چىقۇر بەزىلەر قارشى،
ئەمەس ياخشى، نىمىشقا دەيسە ياخشى؟
تارىخ بېتىدە بۇلار تۇرسا يېزىلغان،
بۇ ۋاقىت دەۋرىدە قانداق ئىش قىلىنغان،
قىلىنغان قانچىلىك داستانلار ئىجات،
ئىتىلىپ تەرجىمە بولغان كۆكۆل شات.
پەلەك ئايىنەسىدە ئەكسى تۇرسا،
بولامدۇ ياخشى ئىشقا تەنە ئۇرسا؟
زوھورىدىن بولۇپ تۇرغاندا ئامبال،
شۇ چاغدا بولدى بۇندا، شۇنداق ئەھۋال:
خەلق قوزغالدى ۋاقىتغا قارشى چىقتى،
ھۆكۈمەت تۇغىنى يەرگە يىقىتتى.
ئۇلار قەشقەرنى تارتىپ ئالدى مەغرۇر،
زوھورىدىن قېچىشقا بولدى مەجبۇر.
ئىلاجىسىز تۇتتى ئەركەشتام يولىنى،
ئېلىپ ئەنجانغا تەسلىكتە ئۆزىنى.
مەلۇم ۋاقىت روسىيە يېرىدە تۇرغاچ،
ئۇ جايلاردا مۇساپىرلىقنى تارتقاچ،
ئاخىرى ئۇ ئىلى چېگرىسىغا كەلدى،
ئۆزىنى ئۇ، ئۇرۇمچى ياققا ئالدى.
شۇ ۋاقىتنىڭ دۇدۇسى① بىرلە كۆرۈشتى،
ئۇنىڭ ئالدىدا بارلىق ھالىنى يەشتى.
دۇدۇ قوشتى تۇمەنلەپ چېرىكىنى،

① دۇدۇ ــ چىڭ دەۋرىدە ئۆلكە باشلىقى.

ۋە لېكىن ئاستىدىن بۇ خانىدان زات،
قىلىپ خانغا تولا نەرسىنى سوغات.
بېشىنى خان ئىشىكىگە ئۇراتتى،
بىرىگە يۈزنى خەلقلەردىن ئالاتتى.
شۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە،
قەدىمى شەھەر بۇ قەشقەر يېرىدە،
زوھورىدىن ھاكىمنى سۈلى ئامبال،
ئىدى ئۇ ياخشى ئامبال قەدىرئەھۋال.
ئۇ بىرئاز مەئرىپەتپەرۋەر كىشىكەن،
تولا ۋاقتىدا ئالىملار يولدىشىكەن.
كېلىپ قەشقەردە بىر دىۋان تۈزۈپتۇ،
نازارىنى كاتىپ باش تۇرغۇزۇپتۇ.
نازارى ۋە غېرىبى ھەم زىيائى،
بولۇپ بۇ ئۈچ كىشى بىر بىرىگە يارى.
مۇشۇ دىۋاننى ئۇلار باشقۇرۇپتۇ،
نەچە خىل ياخشى ئىشلار كۆرۈلۈپتۇ.
ئېچىلىپتۇ نەچچە جايدا بىنام يەر،
بۆلۈپتۇ چاپقىلى ئۈستەڭنى رەھبەر.
قىلىپتۇ نەچچە داستانلارنى ئىجات،
بولۇپتۇ دىل ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن شات.
ئەمەس يالغۇز زوھورىدىن ئۆزىمۇ،
قومۇل، لۈكچۈن، تۇرپان ۋاڭلىرىمۇ،
ئىلىم ئەھلىگە تەربىيەلەر قىلىپتۇ،
كىتاپلار يازدۇرۇپ تەرجىمە قىلدۇرۇپتۇ.

قاداپ بېشىغا ئۆلۈمنىڭ خان ئوقىنى.
ئىگىز دارغا بولۇپ، سەئىدىننى ئاسماق،
قۇرۇلغان دار، ئېسىلغان ئۇندا سىرتماق.
شۇڭا قەشقەر سېپىلىدىن سۆز ئېچىلدى،
قەلەمگە يازغىلى پۇرسەت بېرىلدى.

### قىتئە

ئى قەشقەر سەن كۆچۈردۈڭ كۆپ، بېشىڭدىن بىھساپ دەۋران،
سېپىللار قۇردى خەلقىڭ تەر تۆكۈپ بولۇپ قۇرۇق ئۇسقان.
سېپىل ئىچرە قۇرۇپ قەسرلەر، خاتىرجەم ياشىدى ئەغيار.
ئۇلارنىڭ پايدىسىغا بەردى، خەلقىڭ بىھساپ قۇربان.

زوھورىدىن يانا كۆتىرىپ تۇغىنى،
كېلىپ قەشقەرنى قايتا ئالدى قولغا،
ھۆكۈمرانلىق ئىشنى سالدى يولغا.
خەلقلەر قوزغىلاڭنى قىلدى قانداغ،
سوقۇش بولدى ئارادا، قانچىلىك چاغ،
زوھورىدىن يېڭىلدى ئۇ، نىمىشقا،
نىچۇن كۈچ تاپمىدى ئۇ، جەڭ قىلىشقا.
ئارادا قانچىلىك جەڭ بولۇپ ئۆتكەن،
مۇشۇ جەڭلەرگە قانچە ۋاقىت كەتكەن،
بۇلار ھەققىدە سۇرمەيمىز قەلەمنى،
ۋاراقلاردا قارايتمايمىز رەقەمنى.
بىرىپ بەلگۇ ئۆتتۇش، بولغان ئۇرۇشتىن،
زوھورىدىن قورقۇپ قاچتى دىيىشتىن،
سېپىل سوقماق سەۋەپلىرىنى بىلىشتۇر،
سوقۇلغانلىق سەۋەبىنى يورۇتۇشتۇر.
سېپىلنىڭ نە ئالاقىسى بار بۇ ئىشقا،
ئۇنى ئىشق داستانىغا قويۇشقا،
قەلەم ئاشكارا قىلماققا بۇ يەردە،
بۇ ئىشنى قەيت قىلىپ بۇندا ئۆتەردە،
بولۇپ تۇرماقتادۇر بۇ ئىشقا مەجبۇر،
نەكىم سەئدىن سېپىلدە ئىشلىگەندۇر.
ئۇنى جابىر سېپىل ھاشىرىغا تۇتقان،
رەقىبىنى يىگىت شۇ جايدا ئۇرغان.
دىيىلگەن: تۇتمىغان خان بۇيرۇغىنى،

ئوقۇپ كۇندۇزدە، ئاھ تارتىپ كېچىدە.
ئۆتۈپ كەتتى ئارادىن ئىككى-ئۈچ يىل،
يېزىشتى خەت بۇلار، بىر بىرىگە ھەر خىل.
كۆرۈشۈپ تۇردى بارغان چاغلىرىدا،
ياقۇپ بايىنىڭ چېچەكلىك باغلىرىدا.
شۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئىشق ئۆستى، ئارتتى،
بۇلار كۆڭلىدە كۈچلۈك رىشتە تارتتى.
چېچەكلەپ باشلىندى مېۋە بېرىشكە،
لېكىن ئۇلگۇرمىدى مېۋە ئۈزۈشكە.
چېچەكلەپ مېۋە بەردى ھەممىسى غەم
پىراقۇ، رەشك، ھىجرۇ، ئاھ، ماتەم.
مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە نە يېزىشتى؟
كۆرۈشكەن چاغلىرىدا نە دېيىشتى؟
تۆكۈشتى ھال مۇڭىنى ئۇلار قانداغ؟
ئىشق سالدى دىلىغا قانچىلىك داغ؟
بۇلارنىڭ بارىنى يازماق ئىرۇر تەس،
"بۇلار ئايلاندى چىن ئاشىققا" شۇ بەس...
ئۈچىنچى يىل ئوقۇشتا ئىدى سەئىدىن،
ئۆتۈندى رابىيە كۆپ، ئانىسىدىن.
بېرىشنى سورىدى ھەزرەت سەپىرىسىگە،
كۇتۇپ مەجنۇن كۆرۈنسۈن لەيلىسىگە.
بېرىپ لەيلىمۇ كۆرسۈن مەجنۇنىنى،
كى يەنى رابىيە ئۆز سەئىدىنىنى.
ئاتا-نا رابىيە پىكرىگە كۆندى،

## 14. سوُنوُق گوٗمبەز ئىچىدە

ئاشۇ كوٗنى ئېقىن سوُنىڭ لېۋىدە،
باراقسان لەيلى مەجنوُنتال تۈۋىدە،
كۆرۈشۈپ، خوشلۇشۇپ رابىيە، سەئىدىن،
جۇدا بولۇشتى تۇنجى بىر بىرىدىن.
ئېلىپ ئاتىسى ئۇنى قەشقەرغە كەتتى،
بۈيۈك ئۈمىت بىلەن مەنزىلگە يەتتى.
ساجىيە مەدرىسەدىن ھوجرا تۇتتى،
ئىلىم شەۋقى بىلەن دىلىنى ئاۋۇتتى.
بىلىمنىڭ گۈلشەنىگە كەلدى، قوندى،
گۈزەل گۈللارنى ھىدلاشقا تۇتۇندى،
ئۇنى مەس قىلدى گۈللارنىڭ جامالى،
لېكىن بولدى چۇۋۇق پىكرى-خىيالى.
تىرىشىپ باشلىدى ئۇ دەرس ئوقۇشنى،
بىلىم دېڭىزلىرىدىن دۇر سۈزۈشنى.
ۋە لېكىن كۆيدۈرۈپ باغرىنى بىر ئوت،
ئۇنىڭدا باشقا بىر ھال قىلدى مەۋجۇت.
كۆڭۈلدە ئىلىم ئېلىشنىڭ ئىشتىياقى،
يەنە بىر ياندا مەھبۇبىنىڭ پىراقى.
مۇشۇنداق ئىككى تۈرلۈك ھال ئىچىدە،

تۆشۈك داۋزىسدا بولغان قىيامەت.
ئاقاتتى كوچىدا ئادەم بولۇپ سەل،
ماگاتتى ھەزتى ئاپاقنا قاراپ دەل،
ھۆكۈم سۈرەتتى ئۇ جايدا كۆپ قىزىق ھال،
كۆرۈنەتتى ئاجايىپ ھال ـ ئەھۋال.
ئىبادەت بىرلە تائەت ۋە تىلاۋەت،
پالاكەت ھەم ھاقارەت ھەم جاھالەت.
پەلەككە ئۆرلىگەن بىر ياقتا ماتەم،
يىغى ـ زارى مۇسىبەت ئۈستىدە غەم.
بىرى بىر قەۋر يېنىدا زار يىغلاپ،
كۆزىدىن ياش تۆكەر يېقىننى يادلاپ.
يەنە بىر ياقتا سازچىلار ساداسى،
ئۇرۇلغان داپ بىلەن نەغمە ـ ناۋاسى.
يۈرۈيدۇ ئەنە دىۋانە ـ قەلەندەر،
سوزۇشۇپ قوللىرىنى "ماگا نان بەر".
گادايلار دەيدۇ "ھەق يا شەيئىلللا
بېشىگلار سەدىقىسى نەرسە بېرىگلا".
"يامان چۈشۈگلىگە بولسۇن كاپارەت،
ئەزىز كۆرگەن بالاڭ تاپسۇن سائادەت".
يېتىم باللار، خوتۇنلار كۆپ، تىلەمچى،
سېتىپ يالغاننى، سۆز قىلماقتا رەمچى.
يەنە بىر ياندا تارتىپ نەئرە مەدداھ،
يىغىپ چۆرىسىگە ئەلنى، ئۇرىدۇ ئاھ،
قۇرۇلغان قانچە يۈز جايدا ساماۋەر،

ئانا بىرگە ئېلىپ بارماقچى بولدى.
قوشۇلدى بىللە سەئىدىن ئائىلىسى،
سەھەر تۇردى مېڭىشتىلەر ھەممىسى.
ئېلىپ ماڭدى بۇلارنى يارىيارى،
رابىيە كۆڭلىدە بولدى باھارى.
دىلىنىڭ گۈللىقىدا گۈل ئېچىلدى،
پۈتۈن تېنىسگە خۇش پۇراق چېچىلدى.
كېتىپ بارىدۇ بۇلار قەشقەر يولىدا،
باراقسان دەل-دەرەخلەر ئوڭ-سولىدا.
يېشىل ياپراق ئارا سايرايدۇ كاككۇك،
قىلىپ قويىدۇ ئۇچۇپ پاختەكلەر گۇ-گۇك.
ئۆسۈپ كەتكەن تەرەپلەردە تېۋىلغا،
گۈزەل ئاھاڭدا سايرايدۇ تورۇلغا.
ھاۋانىڭ ئەۋجىدە قىلماقتا پەرۋاز،
قاتار تىزىلىپ تۆگىدەك بىر گۇرۇھ غاز.
ئېتىپ موللاق ھاۋا ئەۋجىدە كەپتەر،
ئۇچۇشماقتا بولۇپ بىر بىرىگە ھەم پەر.
جەنۇپ ياقتا يۆلەپ ئاسماننى مۇزتاغ،
جۇلاداپ تۇرىدۇ گويا كۈمۈشتاغ.
مېڭىپ تۇرسۇن بۇلار، يولدا قويايلى،
ھەزرەتنىڭ سەيرىسىنى بىر كۆرەيلى.
ئىدى ئۇرتالىرى ئالتىنچى ئاينىڭ،
پىشىپ ئۈژمە، كۈنى تۇققان گادايىنىڭ.
كىشى كۆپ، تىقما-تىقماق بىر ئالامەت،

ئۆتۈپ چۈش، كۈن ئـدى بىرئاز قىيـشايغان،
پۈتۈن ئۆپچۆرە ئادەملەرگە تولغان.
كىشى دېڭىزى ئارا، ھەر يان سېلىپ كۆز،
يۈرەتتىم بىر يىگىت بىر جايدا يالغۇز،
مانا بۇ، ئاختىرۇچى ئىدى سەئىدىن،
خەۋەر تاپقاچ ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن.
يۈرەتتى ئاختىرىپ ھەر ياننى ئىزدەپ،
كېلىپ قالدىمىكىن بۈگۈن ئۇلار، دەپ،
شۇ چاغدا كۆكچى ياقتىن كەلدى مەپە،
يەنە بىر يارىيار ئۈستىدە لەپە،
ھەسەن، سەئىدىننى كۆرگەچ يەرگە چۈشتى،
ئېسەنلەشتى ئۇنىڭ بىرلە كۆرەشتى،
كۆرۈپ سەئىدىن ئاتا ــ ئانىسىنىكىم بار،
بۈيۈك ھۆرمەت سالامى قىلدى ئىزھار.
ئوغۇلنىڭ يۈزىدىن ئۆپتى ئاناسى،
سالاملاشتى قۇچاقلاشتى ئاتاسى.
يارىيار ھارۋا توختىغان بۇ يەردە،
كېلىپ بىر مەپە تۇردى ئاچتى پەردە،
مەپە توختىلىپ، ھېچقانچە قالماي،
تۇغۇپ چىقتى ئىچىدىن بىر تولۇن ئاي،
رابىيە بىلەن سەئىدىن كۆز تىكىشتى،
باراۋەرلا بولارنىڭ رەڭگى ئۆچتى،
يۈزى قىزىرىپ قىزىل گۈل رەڭگىنى ئالدى،
خىجىللىقتىن بېشىنى پەسكە سالدى،

بولۇشۇپ ئۇندا ئۇلپەت، دوست ھەم پەر.
بولۇپ توپ-توپ، ئىچىشىپ قەن سىلىپ چاي،
ساما سىلىشىپ دېيىشىپ ھاي-ھاي-ھاي،
دۇتار، ساتار، راۋابۇ، نەي ھەم تەمبۇر،
ياڭرىتىپ ناخشىنى سازغا قىلىپ جۇر.
ئۇسۇلغا تارتىشىپ بىر بىرىنى زورلاپ،
يۇرۇشەتتى مۇشۇنداق سەيرى ئويناپ.
بىرسىنىڭ ئالدىدا كۆپ ناز-نېمەت،
بىرسىنىڭ قارنى ئاچ، بېشىدا كۇلپەت.
بىرسىنىڭ ئەڭ باھالىق تون بەدەندە،
بىرى ئۈستىدە جۇل-جۇل كونا جەندە،
بىرى يىغلاپ تۇرۇپ قىلىدۇ تىلاۋەت،
بىرى قىلغان يامان ئىشلارنى ئادەت،
بىرى نەشە چېكىپ كەتكەن خىيالغا،
بىرى ئويناپ قىمار يەتكەن زاۋالغا،
مۇشۇنداق خىلمۇ-خىل ئىشلار ئەلھاسىل
بولاتتى سەيرىنىڭ دەۋرىدە ھاسىل...

ھاۋا بەكمۇ سۈزۈلگەن كۆك دېڭىزدەك،
تومۇز كىرگەن ھاۋا قىزىغان ئىدى بەك،
چاچاتتى ئوتقا ئوخشاش تەپت ئاپتاپ،
ساتاتتى دوغچىلار دوغىنى ماختاپ.
تۆمەن دەرياسىغا كەلگەچكە كەلكۈن،
ئۇنىڭ دولقۇنلىرى چىقىراتتى شاۋقۇن،

چۇشەر جايىنى سۇرۇشتۇردى ئۇنىڭدىن،
سوئال بىرلە ئۆزىگە كەلدى سەئدىن،
يىغىپ ھوشىنى، ماڭدى ئۇنى باشلاپ،
ئورۇنلاشتى بېرىپ يوك ـ تاقىنى تاشلاپ.
بۇلار شۇ كۈنى چۈشكەن ئۆيدە ياتتى،
كېچە تۈگىدى، يەنە قايتا تاڭ ئاتتى.
يېرتتى نۇر قولى تۈن كۆڭلىكىنى،
يوقاتتى كېچىنىڭ زۇلمەت تۈنىنى.
بۇلار بىرلىكتە چىقتى ئايلىنىشقا،
كىرىشتى ھەر تەرەپ سەيرى قىلىشقا.
پەلەك قەسرىدە ئوتلۇق شار چېچىپ نۇر،
قىلاتتى قارلار، مۇزتاغ ئۆزرە پار ـ پۇر.
دىمەك، كۈن نۇرى قارغا ئۇرۇلاتتى،
ئۇيۇل قار بېرلىيانتتەك يالتىرايتتى.
تاۋاپچىلار يېشىل گۈمبەزنى بويلاپ،
يۈرۈشەتتى كۆلۈشۈپ ياكى يىغلاپ.
خالايىق توپىدىن ئاڭلاندى بىر ئۈن،
چېچى مۇرىسىگە چۈشكەن نەچچە "مەجنۇن"
ساپايى قولىدا، ئۇستىدە جەندە،
قۇرۇق سۆڭەك، پەقەت ئەت يوق بەدەندە،
ئۇرۇپ چەرخ ئايلىنىپ سوقۇشۇپ ساپايى،
تۆۋەندىكىلەرنى دەپ قىلىشتى سازايى:

يىل ئارقىسىدىن يىلنى قوغلاپ ئۆتىدۇ يىللار،
نەتىجىدە قېرىپ كېتىدۇ ياپ ـ ياش باللار.

تۇتۇپ ئالدى بۇلارنى ئىشقى تىترەك،
ئۆزىنى قانچە تۇتتى، بولدى بەكرەك.
ھەسەن، زوھرا بۇلار سىرىنى بىلگەچ،
بۇلاردا ئۆزگىرىش بولغاننى كۆرگەچ،
بۇلاردىن ھال سوراپ ئەھۋالنى ياپتى،
ئۆزىنى توختىتىپ ئارامنى تاپتى.
ھىلىقى ئىزتىراپ بىرئاز بېسىلدى،
پەرىشان دىلى ئىزغا چۈشتى، تىندى،
قاراپ سەئىدىنىگە قىز قىلدى تەبەسسۇم،
ئىدى ئاغزى گويا بىر غۇنچە، مەلۇم.
ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزىمۇ كەتتى ئويناپ،
مۇھەببەت ئوتى كەتتى، كۆزدە چاقناپ.
بولۇپ قاشلىرى ياچاق، كىرپىكى ئوق،
يىگىتنىڭ ئەقىل ھۇشىن ئەيلىدى يوق،
بولىۋىدى دىمەكچى ھال سوراپ سۆز،
لېكىن بويسۇنمىدى ئۆز ئەركىگە ئۆز.
چىقىپ كەتتى دىلىدىن ئوت كەبى ئاھ،
يېنىپ كەتكەچ مۇھەببەت ئوتى ناگاھ.
يېقىن ئەردىكى ئۇ ھۇشسىز يىقىلغاي،
ئۆزىنىڭ ئىشقىنى ئۇ پاش قىلغاي.
لېكىن ئىلىمنىڭ نۇرى كۆڭلىنى باستى،
ئاتاندىن ئۇيۇتۇپ، ئۆزىنى تۇتتى.
ھەسەن كەلدى شۇ ھالەتتە قېشىغا،
مەدەتكار بولدى ھالسىز يولدىشىغا.

قەلەندەرلەر قىلىپ شۇنداق سازايى،
قولىدا ھەر بىرىنىڭ قوش ساپايى.
سوقۇپ قاتتىق ئۇنى ئوقۇيتتى ھىكمەت،
ئىچىدە ھەم تېشىدا، داغى كۆلپەت.
يۇردى رابىيە، سەئدىن خېلى ۋاقتقىچە،
ئېچىلماي كەتتى قارنى كۆكسى ئانچە.
بۇلارنىڭ كۆڭلى بولغاچ لالىدەك داغ،
ئۇلارنى قىلمىدى سەيرى خوشال چاغ.
ئەمەستى رابىيەنىڭ قەستى، ئادەت،
ئىدى قەستى ئۇنىڭ ئىشقى زىيارەت.
ئاخىرى تاپتى ئىككى باغرى پارە،
تۆكۈشكە دەردىنى بىر بىرىگە چارە.
ئاتا ھەم ئاناسىدىن ئايرىلىشتى،
يىقىلغان بىر سۇنۇق گۇمبەز تېپىشتى.
ئۇلار خالى بۇ گۇمبەزگە كىرىشتى،
ئېچىپ ئىچ قارنىنى كۆپ مۇڭدىشىشتى.
بۇلار سۆزلەشتى تۇتتى پاكلىقنى،
ئېسىگە ئالمىدى بىپاكلىقنى.
قىلىشتى ئۇلار شۇنداق ئەھدۇ پەيمان،
تېنىدە بولسىلا شىرىن ئەزىز جان،
ئەبەددىن تا ئەبەت بىللە ئۆتۈشكەي،
ئەگەر ئۆلسە بىرى، بىللە ئۆلۈشكەي.
ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىشق ئىزھار قىلىشتى،
دىلى بىر بىرىگە قاتتىقراق يېپىشتى،

تاپالمايسەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۇ ئۆمرۈڭنى،
خەجلىسەڭمۇ سېكۇنتىغا مىڭلاپ تىللا.

ئاتا-ئاناڭ ئۆلۈپ كەتتى بىلمىدىڭمۇ؟
نۆۋەت ساڭا كېلىپ يەتتى تۇيمىدىڭمۇ؟
ئەنە قارا گورۇستانغا، شۇنچە كىشى
چىرىپ ياتىدۇ، ئۇنىدىن ئىبرەت ئالمىدىڭمۇ؟

خەلق دىلىنى ئاغرىتقانلار دۇنيانى دەپ،
تويمىغانلار خەلق مېلىنى ئويلىماي يەپ،
قارا يۈرەك ئى ئىنساپسىز شاياتۇنلار،
ئويلىمايسەن قەۋرىستاننى ئۆزۈڭ ئەجەپ.

ئاجىز، يېتىم، تۇل خوتۇنلار قىلىدۇ زارى،
ھېچبىرىڭنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يوقتۇر كارى.
ئىت ئىنجىقى يەردە قالماس دېگەن ئاقىل،
كىمنىڭ ئەزىز بالىلىرىدۇر كىمنىڭ خارى؟...

ئۇلار بىزگە ھاقارەتلەپ قارىشىدۇ،
ساراڭ، مەجنۇن قەلەندەر دەپ كۈلۈشىدۇ.
قوي بۇلارنى مەيلى كۈلسە كۈلۈۋەرسۇن،
ئاخىرىدا قىلغىنىنى كۆرۈشىدۇ.

گۇنا قىلىپ تونىمايدۇ گۇنايىنى،
شەيئىلىللا دېسە تۇرىدۇ چىرايىنى.
دىۋانە دەپ قەلەندەرگە پەس قارايدۇ،
ئۇر، قەلەندەر قاتتىقراق، ئۇر ساپايىنى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 15. شائىرلار بەزمىسىدە

4394 ياتىغ يىنچكە سۆزلەر ئۇقايىن تەسە
بۇلاردىن ئەشىت سۆز، ئۇقۇلغاي باسا
يەشمىسى: نەپىس ھەم تىرەن سۆز دىسەڭ ئۇقايىن،
بۇلاردىن ئىشىتكىن، ئۇقۇلۇر كېيىن.
4395 تەگىزكە كىرۈر كۆرسە كۆڭلۈن تۆكەل
گوھەر يىنچۈ ياقۇت چىقارۇر مەسەل
يەشمىسى: كۆرەرسەن، دېڭىزگە كىرۇر كىشىدەك
گۆھەر، ئىنچۇ، ياقۇت چىقارۇر، دىمەك.
—— «قۇتادغۇ بىلىك».

ئاچايلى يەنە قەشقەر ھالىدىن سۆز،
ئىدى تارىخقا مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز.
زوھورىدىن ئىدى قەشقەرغە ھاكىم،
كېيىن يازىمىز بۇ تارىخلارنى بەلكىم.
بولۇپ ئۇ مەرىپەتپەرۋەر بىر ئادەم
ئالىم، شائىرنى چۆرىسىگە قىلىپ جەم.
قەيەردە بولسا ئالىم ياكى شائىر،
كىمىكى بولسا بىر سەنئەتتە ماھىر،
بۇلارنى توپلىدى ئۆز ئوردىسىغا،
خاتىرجەم قىلدى، ئالدى دالدىسىغا،
نازارى كىم ئېتى ئابدۇرەھىمدۇر،

قىلىشتى بىر ھايات سۇرمەكنى ئىستەك،
پىراقسىز بىر ۋىسال لە بىللە ئۆتمەك.
نە بىلسۇنلەر ئۇلار، چەرخ نە خىيالدا؟
بۇلارنى قىلغۇسىدۇر قايسى ھالدا؟
تۇتار، قانداق زەھەر قوشقان شارابنى،
نە ھالدا كۆيدۇرەر باغرى كاۋاپنى.
كەل، ئى پادىچى، نىيىسكنى بىر نەپەس چال،
كۆيۈكنى بىناۋالىق كويىغا سال.
ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئۈنىگە جان تەلەپكار،
نە تاڭ بولسا ئۇ، ئىلھامغا مەدەتكار.
ئىلىم ئەھلى بىلەن بىر بەزم قۇرسام،
ئۇلارنىڭ گۇللىرىدىن خۇش ھىد ئالسام،
بولۇپ خوشلۇق چىمەنلىرىدە غەزەلخان،
ئەدىپلىك سەنئىتىن قىلسام نامايان.

كىتاپلار ئوقۇشۇپ شېئىرلار يازاتتى.
بۇلارنىڭ سۆھبىتى قىش ۋاقتلىرىدا،
بولاتتى مەدرىسە ھوجرالىرىدا،
باھار ۋاقتى كېلىپ كۆلگەندە لالە —
تولۇپ تۇرغاندا شەبنەمگە پىيالە،
ئېچىلغان چاغدا باغدا خىلمۇ-خىل گۈل،
خوش ئاھاڭ بىرلە سايراشقاندا بۇلبۇل،
قۇراتتى باغ ئارا شاھانە بەزمى،
ئېجات قىلىشاتتى ھەر خىل شېئىر-نەزمى.
ئۇلار قىلىشاتتى چاخچاق شائىرانە،
ئوقۇيتتى شېئىرلارنى ماھىرانە.
مۇشۇنداق بەزمىلەر بولغاندا سەئدىن،
قىلاتتى ئۇلىنى خىزمەتلە تەمىن.
بۇ ئۈچ يىل ۋاقتىداكىم قەشقەردە تۇردى،
ساجىيە مەدرىسەدە ئوقۇدى.
مۇشۇنداق كۆپ كىشىلەرلە تونۇشتى،
ئۇلارنىڭ بەزمىسى، چېيىدا بولۇشتى.
ئۆزى چاققان، چىرايلىق، ئاقىل بولغاچ،
بۇيرۇغان ئىشنى ئوبدان يولغا سالغاچ،
بۇ شائىرلار ئۇنى ھەمرا قىلاتتى،
ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشقا سالاتتى.
بىلىپ سەئدىنمۇ بۇ چاغنى غەنىمەت،
قىلاتتى بەك سەمىمى ھالدا خىزمەت.
مۇشۇنداق بەزمىلەرنىڭ بىرى ئەمدى —

ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىباھادۇر.
زىيائىي ئىسمىلىرىدۇر موللا نورۇز،
ئەدىپلىك ئاسمىنىدا نۇرلى يۇلتۇز.
غېرىبى‌كىم، ئېيتىدۇر تۇردى نازىم،
قەلەمكەش بىر مۇسەننىپ، شائىر، ئالىم.
يەنە شائىر ئىمىر ھۇسەين سەبۇرى،
ئىدى ئۇ شېئىرىيەتنىڭ تاجى، نۇرى.
يەنە قەشقەرلىق ئالىم موللا سادىق،
ھەقىقى تەرجىمان ئىسمىغا لايىق.
قىلغاچ تەكلىپ زۆھۇرىدىن بۇلەرگە
كېلىپ ئوردا ئارا خىزمەت ئۆتەرگە،
غېرىبى ۋە زىيائىي ھەم نازارى،
قىلىشتى مىرزىلىقنى ئىختىيارى.
زوھورىدىنغا كاتىپلىق قىلىشتى،
قىممەتلىك كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىشتى.
قوبۇل قىلمىدى خىزمەتنى سەبۇرى،
ئۆتۈپ قالىدۇ، دىدى ئىشتا قۇسۇرى.
قوشۇلۇپ موللا سادىق قەشقەرى ھەم
ھاياتىنى ئىلىمغا بەردى ھەر دەم.
مۇشۇ مەشھۇر شائىرلار، ئالىملار،
قۇرۇپ سۆھبەت قىلاتتى بەزم، ئۇلار.
قاچانكىم بۇلارغا يار بەرسە پۇرسەت،
قۇرۇپ بەزم بىر بىرىگە بولۇپ ئۇلپەت.
ئىلىمنىڭ دېڭىزىدىن سۆز ئاچاتتى،

بويىدا ياشنىغان نەرگىس ۋە سۇمبۇل.
سۈزۈك سۇ بىرلە تولغان كۆل لەبالەپ،
ئۇراتتى گۈللار سۇدا، ئەكس ئەيلەپ.
گۈزەل بىر مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى،
كۆڭۈلنى ئەڭ نازۇك ھىسقا سالاتتى.
بۇ كۆل بويىغا شاھ سۇپپا ياسالغان،
خوتەننىڭ قىپ-قىزىل گىلىمى سېلىنغان.
گىلەم ئۈستىدە ئەتلەستىن يېكەنداز،
كېپىنەك گۈل ئارا قىلماقتا پەرۋاز.
مۇئەتتەر گۈل-چېچەكلەر لالە، رەيھان،
ئارام باغنىڭ ئىچى خۇش ھىدلە تولغان.
ئۈرۈك، ئۈژمە، گىلاس پىشقان، تۆكۈلگەن،
ئالۇ-بالۇ ۋە غەينالۇ سۈزۈلگەن.
ياقۇتتەك يالتىراپ تۇرغان جىنەستە،
قۇۋانۇر دىل كۆرۈپ، تېخى يېمەستە.
قارا ئۈرۈك ۋە ئالمىلار قىزارغان،
قوتۇر ئامۇت بىلەن ئەنجىر ساغارغان.
پىشىپ يەرگە تۆكۈلگەن چىلگە شاپتۇل،
قىزىل توغاچ تولۇپ بولغان قارامتۇل.
بولاق ئالما شېخى يەرگە ئېگىلگەن،
ئۈزۈمنىڭ ئالدى ئەمدىلا چېكىلگەن.
شۇ تاپتا باققا كۆز سالغۇچى ئادەم،
كۆزگە ئۇچرىشاتتى ئۇندا ھەر دەم:
يېشىل شاخلارغا كەيدۇرگەن تەبىئەت

يارى قايتقان ۋاقىتقا توغرا كەلدى.
كېيىن ئۇندىن، نېچۇك ئىشلار كۆرۈلدى؟
نېچۇكرەك ئىلمىي سۆھبەتلەر قۇرۇلدى؟
بۇنى قىلىدۇ تۆۋەنكى بەتلەر روشەن،
بۇ بەتلەردۇر ئۆزى بىر ئىلمىي گۇلشەن.
نىلۇپەر رەڭگە كىرگەن چەرخ تاقى،
بۇلۇتسىز ساپ ئىدى ئاسمان راۋاقى.
قۇياش شەرقتىن يېڭىلا باش كۆتەرگەن،
قارا تۈننىڭ قارا پالاسىنى تۈرگەن،
پامىرنىڭ چوقچاسى مۇزتاغدىكى قار،
قۇياش نۇرى ئېتىپ ئەكس ئۇڭا ئىزھار،
تۇراتتى بىرلىيانتلەردەك جۇلاداپ،
ھاۋانى بەك گۈزەل قىلغانتى ئاپتاپ.
مۇشۇ چاغدا تۈمەن دەريا بويىدا،
ئارامباغ نام نازارىنىڭ بېغىدا،
ئۆزى چاققان يىگىرمە ياش بىر ئوغلان،
ئىدىش بىرلە سۇپۇرگە قولدا تۇتقان.
سۇپۇرۇپ يەرنى پاكىزە، چېچىپ سۇ،
قىلاتتى تازىلىق، دىققەت بىلەن ئۇ.
ئىدى ئۇ، مۇشۇ داستان قەھرىمانى،
قىلىپ شائىرغا ھۆرمەتنىڭ نىشانى،
قىلاتتى بەزم ئۈچۈن ئۇ باغنى تەييار،
ئۇلۇغ مېھمانغا ئىززەت ئەيلەپ ئىزھار.
ئىدى باغ بەك چىرايلىق ئورتادا كۆل،

قاتارغا قوشدۇ ئۆز باچكاسىنى.
بۈگۈن بۇ باغ مۇشۇنداق ئىدى كۆجۈم،
شۇڭا، بۇ باغدا قۇشلار كۆپ ئىدى ئۈم.
نازارى سالدى سايراشقا قۇلاقنى،
ئۇنىڭ تۇيغۇسى سەير ئەتتى ئۇزاقنى.
گۈزەل كاككۇك كۈلۈپ كەتتى قاقىلداپ،
تورۇلغا كەتتى سايراشىپ بۇقۇلداپ،
قىلىپ كۆكتالغۇ نازۇك ئۇندا مەرغۇل،
قىزىل گۈلغا قاراپ سايرايتى بۇلبۇل،
مەگەر كۆڭلىگە ئىلھام يەتتى بولغاي،
پىكىر ئەينىگىدە ئەكس ئەتتى بولغاي،
قەلەم، قەغەزنى دەرھال قولغا ئالدى،
ئۆزىگە گۈل شېخىنى دالدا قىلدى.
بېرىپ ئولتۇردى بىر قىرنىڭ بېشىغا،
تۆكۈشكە باشلىدى سىر يولدىشىغا.
شۇ ھالەتتە ئۇ، بارلىقىنى ئۇنۇتتى،
گويا بارلىقتىن ئۇ يوقلۇققا ئۆتتى.
ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەندە سەئىدىن،
تەئەججۈپلەندى، ئويلاندى بۇنىڭدىن:
دېدى، بەكمۇ قىزىق نەرسە بۇ ئىجات،
ئىجاتچى كۆڭلى ئىجاددىن بولۇر شات.
ئىجاتچىغا، ئىجاددىن كەلسە ئىلھام،
ئۇنى تا قىلمىغۇنچە ئالماس ئارام.
مانا شۇنچە گۈزەللىك، شۇنچە كۆپ گۈل،

نەچە خىل رەڭدىكى ئازادە خىلئەت①.
تىزىلغان ئۇندا زۇمرەت ئەچرە ياقۇت،
بۇ ياقۇتلار يەنە ھەر خىلدا مەۋجۇت.
ئېسىلغان نوتا شاخقا كەھرابالەر،
گويا ئاسقان سىرىق مارجاننى دىلبەر.
ھۆكەر② يۇلتۇز ئۆزى ئاسماندا بىرتى،
لېكىن بۇ باغدا مىڭ-مىڭلاپ تۇراتتى.
پۈتۈن باغدا مۇشۇنداق ناز-نېمەت،
تولۇپ تاشقان چىپچىپ ئۇ خەير-بەركەت.
شۇ ھالەتتە كىرىپ كەلدى نازارى،
كۆچۈردى جاينى بارمۇ دەپ قۇسۇرى.
كۆرۈپ سەئدىننى ئېيتتى باركاللا،
ساڭا ئوغلۇم ئاتا ئەجر قىلسۇن ئاللا.
نازارى كەزدى باغنى گۈل ئارىلاپ،
ئېگىلگەن مىۋىلىك شاخلارغا قاراپ.
ئۇنى جەلپ قىلدى قۇشلارنىڭ ساداسى،
ئۇ قۇشلارنىڭ ئۇنى ھەمدە سىماسى.
قەيەركىم ياپ-يېشىللىق ھەم باراقسان،
شۇ يەرگە توپلىنىپ قۇشچاقلار ھەر يان.
ئۇلار تىزىدۇ شۇ يەردە چاڭگاسىنى،

---

① خىلئەت — تون.
② ھۆكەر — ئۆزۈمگە ئوخشىتىلغان.

زامانەسىنىڭ ئىجاتكار بىر ئەدىبى.
قوشۇلدى بۇلارغا ئەمدى نازارى،
بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر ئىپتىخارى.
بۇ بەش شائىر قىلىشقان ئىدىلەر ئەزم،
قۇرۇشقا بۇ كۈنى خاس، ئۆزلىرى بەزم.
بۇلارغا نىمە دوستانلار سىلىشتى،
يەنە قانداق غىزاللارنى يىيىشتى؟
ئۇنى ئېيتىشقا مەن مايىل ئەمەسمەن،
قوساقتا بەندە بىر جاھىل ئەمەسمەن.
تىلەك ـ غايەم مېنىڭ بەكمۇ ئېگىزدۇر،
تەپەككۇر دائىرەم چەكسىز دېگىزدۇر.
شۇڭا، ھەرقانچە يەتسە ماڭا توسقۇن،
پەسەيمەس پىكرى ئىلھامىمدا دولقۇن.
چۇمۇپ پىكرى دېڭىزىگە يۇنجۇ سۆزمەك،
بىر ئەل تارىخىدىن زۇننار تۈزمەك.
تىلەش كىشىلەرگە مەڭگۇ بەخت ـ سائادەت،
بۇ ئاجىزنىڭ ئىرۇر، غەرىزى ناھايەت...
كېتىپ قالدى قەلەم بۇرۇلۇپ قاياققا،
بۇرالدىڭسەن ئى ئىلھام سەن نىمىشقا؟
بۇ سۆزنى قوي شائىرلار بەزمىگە قايت،
نە بولدى ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرى ئەيت.
زىياپەتنى شائىرلار يەپ بولۇشتى،
ئۆزى يازغانلىرىدىن سۆز ئېچىشتى.
سەبۇرى باشلىدى بۇ سۆزنى ئەۋۋەل،

ئۇنى جەلپ ئەتمەدى، ئالدى قەلەم ئول.
ئۇنىڭ قەلىمى ئىچۇك دۇر چاچىتكىنىتاك،
ئىچۇك بىر غەزنە ئىشكىن ئاچىتكىنىتاك.
مۇشۇنداق پىكىرگە سەئىدىن ئورالدى،
ئىشكىنىڭ ئالدىدىن بىر ئۈن تارالدى.
بىرىلدى بەلگۈ ئىشك ئالدىدا شۇئان،
بىلىندۇردى يېتىشىپ كەلدى مېھمان.
نازارى قوپتى، ماڭدى، ئىشككە چىقتى،
باغ ئالدىدا ئۇلار بىرلە يولۇقتى.
سالاملاشتى ئوچۇق يۈز دوستانە،
مۇتايىبەلەر① قىلىشتى شائىرانە.
كىرىپ شاھ سۇپپا ئۈزرە ئولتۇرۇشتى،
ئادەتتىكچە دۇئا تەكبىر قىلىشتى.
بۇ كەلگەنلەر ئومۇمەن ئىدى تۆرت شەخس،
نازارى بىرلە بەش تەن بولدىلەر بەس.
بىرسى موللا سادىق قەشقەرىتى،
ئۇلۇغ ئالىم مۇسەننىپىنىڭ بىرىتى.
ئىككىنچىسى ئىدى شائىر سەبۇرى،
ئۇ قەشقەر خەلقىنىڭ ئىلمى غۇرۇرى.
ئۈچىنچىسى ئۇنىڭ ئەردى زىيائى،
شائىر خۇشخەت ئىدى ئۇ ئىنتىھائى.
ئىدى تۆرتىنچىسى شائىر غېرىبى،

① مۇتايىبە ــ ئىلمىي چاقچاق.

www.uyghurkitap.com



شۇنىڭدىن سوڭ نازارىغا تىكىلدى،
نازارىمۇ ئۇلار قەستىنى بىلدى.
قولىغا ئالدى بىر دەپتەر كۆلۈمسەپ،

سۆزى چۈشتى ئۇلارنىڭ پىكرىگە دەل.
بېرىلدى موللا سادىققا شۇ تەكلىپ:
"نەيەرگە يەتتىكىن قىلغان ئۇ تەسىنىپ"
جاۋابىغا تىلىنى ئاچتى ئالىم،
دىدى ئەمر ئەتتى ئىسكەندەرۋاڭ ھاكىم.
چۇۋەيرى تەبرى تارىخىغا قول،
سېلىپ تەرجىمىگە چۈشكەنتى مەن قول.
چېكىپ ئۈچ يىل جاپا مېھنەت پۈتتۈردۈم،
«تارىخ ئىسكەندەرىيە» دەپ نام قويدۇم.
بۈگۈن تاڭدا ئېلىپ قولغا قەلەمنى،
تۈزۈپ چىقتىم مانا بۇ بىر رەقەمنى.
ئۇرۇق، ئاجىز قولىن قويىنىغا سالدى،
چىرايلىق پارچە بىر قەغەزنى ئالدى.
شائىرلار كۆز يۈگۈرتۈشتى بۇنىڭغا،
يېزىلغانكەن شۇ مىسرالار ئۇنىڭغا:

"كونجى خىلۋەت ئىچرە بولدۇم قىلمىدىم سەيرى چىمەن،
بوستانۇ ـ باغنى كۆرمىدي، سەرۋىلەرنى نە شەجەر①.
جەھد قىلدىم ئۈچ يىل ئىچرە، ئەيلىدىم سەئىي بىلىغ،
شۇكرەلىللاھكىم تامام بولدى خەلەلسىز بىخەتەر..."

نە زور ئىجادىيەتتۇر بۇ، دىيىشتى،
ئالىمنى ھەممىسى تەقدىر قىلىشتى.

① شەجەر — دەرەخ.

غەرق ئېتىپتۇر پەيكىرىمنى① بەسكى بۇ گىردابى غەم،
كىم سالامەت قالغۇسى ئالەمدە بۇ تۇغيان بىلە.

زۇلپى قەللابىغە② بۇ جانۇ كۆڭۈل بولدى ئەسىر،
تەلبە قۇشتەك تەلپىنۇر، ھەردەم ناۋا ئەپغان بىلە.

زار مەجنۇنغا ۋىسالى بولسا مۇمكىن نەئەجەپ،
مەرھەبا قىلسا نىگارى لۇتپ ئىلە ئېھسان بىلە.

مانا بۇ بىر غەزەل مەجنۇن تىلىدىن،
يېزىلدى بۇ غەزەل لەيلى دىلىدىن:

قالدى جان كەتتى كۆڭۈل ئارام جانىم قايداسەن،
ئىشق ئارا بولدۇم ئەدەم③ جانۇ-جاھانىم قايدا سەن.

ئايرىلىپ گۈلدەك يۈزۈڭدىن بولدى ئەھۋالىم خاراپ،
گۈل ئارا بۇلبۇل مەسەللىك ھەم زابانىم قايداسەن.

چەرختىن تۈرلۈك بالا جانىمغا يەتتى سەن ئۈچۈن،
ئەيلىگىل دەرمان كېلىپ ئى مېھرىبانىم قايداسەن.

---

① پەيكەر — جىسىم.
② قەللاب — چاچنىڭ گىجەك ھالقىلىرى.
⑧ ئەدەم — يوقلۇق.

دىدى ئۇ ئاختۇرۇپ دەپتەر ۋەرەقلەپ.
تۇگەتتى لەيلى ـ مەجنۇننى كەمىنە،
قىلىپ چىقتى ئۇنى يېڭى بىر خەزىنە.
مانا بۇ، شۇ خەزىنە دۇرلىرىدىن،
ئۇنىڭا بەرمەك باھا ھەر بىرلىرىدىن.
شېرىنلىكتە خىجىل قىلغان ھەسەلنى،
ئوقۇپ چىقتى مانا ئۇشبۇ غەزەلنى:

ئىزدىدىم كۆڭلۈمنى جانان گۈلشىنىدە جان بىلە،
قانچە ئاختارسام كېتىپتۇر بۇ كۆڭۈل جانان بىلە.

ئاھ نەيلەي جان بىلە قالدى بەدەن، كەتتى كۆڭۈل،
كىم قالىپتۇر بۇ جاھاندا مەن كەبى ئەرمان بىلە.

خەنجەرى ھىجران ۋۇجۇدۇمنى قىلىپتۇر زەخمناك،
كۆز يولىدىن جارى ئەيلەپ قاننى يۈيمەن قان بىلە.

ئىشق ۋادىسىدا پۇيە① ئەيلىدىم چۇن گىردباد②،
رەشكىدىن ھەردەم ئۇچاشتىم چەرخ سەرگەردان بىلە.

تىرى بارانى مەلامەتكە ھەدەف③ بولدى بېشىم،
باشنى باشقۇرماق بېسى مۇشكۈلكى بۇ باران④ بىلە.

---

① پۇيە — يۈگۈرمەك.
② گىردباد — قۇيۇن.
③ ھەدەف — نىشانە.
④ باران — يامغۇر.

www.uyghurkitap.com

## مەجنۇن غەزىلى

مۇھەببەت تارىدىن ئوت ياقتى ئول ئاي خەستە جانىمغا،
كى ھجران شوئلىسى نەيلەي تۇتاشتى خانىمانىمغا.

ئۇنىڭ كويىدىكى ئىتلارغا قىلسام ئاشنالىق بەس،
بېرىپ كۆڭلۈمنى قىلسام مېھربانلىق مېھمانىمغا.

كۆڭۈلنىڭ تەختگاھىدا خىيالى پادىشا بولمىش،
ناۋا يەتكۈزدى ئول شاھ تەن ئارا، روھى راۋانىمغا.

جاپا تەركىن تۇتۇپ ئى چەرخ زالىم بىر تەرەھھۇم قىل،
جاھان كۆل بولغىدەك بولدى، مېنىڭ بۇ ئاھۇزارىمغا.

قۇرۇتتى سەرسەرى① ھىجران ۋۇجۇدۇم ئەيلىدى خاشاك②،
چۇشۇپ ئوت ئاھىدىن ھەر دەم خازانلىق بوستانىمغا.

مۇيەسسەر بولسا ئول ئايغا بۇ جانىم ئەيلىسەم قۇربان،
كى داغ بولسا ئەجەپ يوقكىم بويالسا لالە قانىمغا.

پەلەك ئەشكىن تۆكۈپ ھەر سۇبھە ھالىغا تۇتار ماتەم،
كۆلەر خۇرشىد قىلىپ تەنە بۇ چەھرە زەئفرانىمغا.

① سەرسەر — بوران.
② خاشاك — چاۋا - چاتقال.

ئشق ئەۋجىدە تولۇق ئەيلەپ سۇھەيل دەك① سالدى نۇر،
جۇملەئى ئۇششاق ئارا ساھىپقرانىم قايداسەن.

بىر كۆرۈپ بىچارەلىك بىرلە بولۇپ مەجنۇن سىپەت —
يۇرگەن ئەۋارە بولۇپ بىخانىمانىم قايداسەن.

بىر نەزەردە ئەيلىدىڭ بىتاپلىق رەسمىنى پاش،
دەپ نىگارىم ئىستەگىز ئى ناتىۋانىم قايداسەن.

ئەمدى يۇزلەندى بەلىيەت② تاغىغا جانۇ - كۆڭۈل،
كىم شىكار ئەتمەككە كەلگىل ناتىۋانىم قايداسەن.

لەيلى باشىغا بالا ياغدۇردى بۇ لەيلۇ③ - ناھار④،
چۆل پانا بولماققا ئەي دارۇلئامانىم قايداسەن.

پاساھەتلىك غەزەل دەپ قىلدى تەھسىن،
ئوقۇپ كۆردى شائىرلار ئۇنى بىردىن.
نازارى دىدى باردۇر ئىككى مەزمۇن،
يېزىلغان، دىدى دەپ لەيلى ۋە مەجنۇن.
دىيىشتى بەزم ئەھلى ئۇمۇ ئوقۇلسۇن،
ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن دىللار خوش ئولسۇن.
تەبەسسۇم بىرلە دەپتەرنى نازارى
ئېچىپ قىلدى غەزەلنى تىلغا جارى:

---

① سۇھەيل — نۇرلۇق بىر يۇلتۇز.
② بەلىيەت — بالالەر.
③ لەيل — كېچە.
④ ناھار — كۈندۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يارنى تاپماق تەمەنناسىدا بولدۇم ئىسرۇلال①،
ئىندىلىپ② يەڭلىغ چېكىپ يۈز نالە ئەپغان بۇ كېچە.

ئى پېلەك، كەجرەۋلىغىڭ قويى بىر زامان ھالىمغا باق،
غۇنچىدەك كۆڭلۈم بولۇپتۇر تە-بىتە قان بۇ كېچە.

ياردىن كەلدى نەسىمى تازە جان تاپتىم داغى،
ئۆلكى بولغايمۇ ئىكىن جان ئىچرە مېھمان بۇ كېچە،

لەيلىنىڭ ھالى زەبۇندۇر يار ئۈچۈن لەيلۇ-ناھار،
ئەيلىگىل يار دەپ ماڭا مۈشكۈلنى ئاسان بۇ كېچە.

ئىشتكەچ مەجلىس ئەھلى بۇ غەزەلنى،
دىيىشتى، تەسىرى ئالدى كۆڭۈلنى.
تىزىلغان نەزم يىپىغا ئۈنچە-مارجان،
گۈزەللىكتىن كۆڭۈللەر قالدى ھەيران.
قىلىپ تەھسىن زىبائىنى تۇتۇشتى،
قېنى؛ ”كەلتۈرسىلە“ دەپ چىلىڭ يېپىشتى.
شائىرلار ئۇڭا قويغاچ بۇ تەلەپنى،
نورۇز ئاخۇن زىبائى ئاچتى لەبنى.
دىدى: مەن نەچچە ئايلاز رەنج چەكتىم،
گۈزەل گۈلشەن ياساپ گۈل ھىدى چاچتىم.
ۋامىق-ھۆزرا ھىكايەسىنى تاماملاپ،

① ئىسرۇلال — بەك مالال بولۇش.
② ئىندىلىپ — بۇلبۇل.

باياۋانى مالالەتتە ئۇنىڭ دەردى بىلەن قالدىم،
پىيامىمنى سابا يەتكۈز مېنىڭ شىرىن زابانىمغا.

بولۇپ مەجنۇن جاھاندا يارنىڭ يادى بىلەن ھەيران،
نىتاڭ رەھم ئەيلىبان ئول يار ھەمدەم كەلسە قاشىمغا.

## لەيلىنىڭ غەزىلى

ئۇتلۇق ئاھىمدىن بولۇپ شەمئى شىبىستان بۇ كېچە،
ئىشق ئۇچقۇنى قىلىپ كۆكنى گۇلىستان بۇ كېچە.

رەھم ئېتىپ مەن ناتىۋان ھالىغا كىردى كونج① ئارا،
پەردەسىن يايىپ جاھانغا ماھى تابان بۇ كېچە.

ياردىن تاپماق نىشان بىزگە مۇيەسسەرمۇ ئىكىن،
ئاھىم بولغايمۇ يار دەپ ۋەسلى جانان بۇ كېچە.

كەتتى كۆڭلۈم يار ئۇچۇن ئەرزىنى ئەئيان② ئەتكىلى،
ئەرگىشىپ كۆڭلۈمنى چىقتى تەندىكى جان بۇ كېچە.

ئىشق تۇغيان③ ئەيلىبان بىچارىنى زار ئەيلىدى،
دەشتى ھىجران ئىچرە قىلدى بىزنى ھەر يان بۇ كېچە.

① كونج — بۇلۇڭ.
② ئەئيان — ئاشكارا.
③ تۇغيان — ھەددىدىن ئېشىش.

ھەمە كار ـ بارلىق ئىرۇر ناتامام.
نە بولغاي فاناسارى قويساڭ قەدەم،
ۋۇجۇدىڭدىن بولسا تەكەببۇر ئەدەم.»

شائىرلار شېئىرنى تەھسىن قىلىشىپ،
تېگىشلىك ئىلمىي تەھلىللەر بېرىشىپ،
بۇلار بارى سەبۇرىغا قاراشتى،
قېنى يۇنجۇلنى تۆكسىلە دېيىشتى؛
سەبۇرى پىكىر ياقىستىن باش كۆتەردى،
جاۋابىنى مۇشۇ بېيتلەرلە بەردى:

غەزەل

كېتەر ساقى قەدەھكىم ئاپتابى ئالەم ئارادۇر،
زېمىن سەبزۇ، ھاۋا جانبەخش، گۇلشەن راھەت ئەفزادۇر.

پەرىشان ئولماكىم گۇلبەرگىدەك ھالا بۇ گۇلشەندە،
نىشاتو تەيش ئۈچۈن ئەسبابى جەمىيەت مۇھەييادۇر.

ئېچىلدى غۇنچە، كۈلدى لالە، كەلدى ئىشرەت ئەييامى،
زابانى ھالى سەبزە، ئىشرەت ئىماسىغا گويادۇر.

قىلىپ بىخۇتلۇغۇم ئىزھارىن ئەيتاي دەردى پىنھانى،
دىلوجان سەبئەسەييارە پۇتۇنلەي كار پەرمادۇر.

قەلەم قۇرىدى، قەغەز قويۇلدى قاتلاپ.
مانا بۇ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىدىن،
ئوقۇي بىرقانچىسىنى بېيتلىرىدىن.
ئېلىپ يانجۇقىدىن دەپتەرنى ئاچتى،
ئېغىزىنىڭ ھۇققەسىدىن دۇرلار چاچتى:

"كىشىكىم ئۇرۇر ئىشقىدىن بىخەبەر،
ئۆزى ئەكسىدىن تاپماس ھەرگىز ئەسەر.
بىراۋ سىنەسى ئىشق ئوتىدا كۆيەر،
دىل ئاينەسىدە ئۆز ئەكسىن كۆرەر.
ئۆز ئەكسىدىن ھەركىمكى ئاگاھدۇر،
گادادۇر، ھەقىقەتتە ئۇ شاھدۇر،
كىشى ئىشقىدىن زەررە ۋاقىپ ئەمەس،
ھەقىقەت ئېلى ئۇنى ئىنسان دىمەس،
ھاۋاتابىدىن بولدى خەففاشىدۇر①،
تىرىكلىكتە مەنزىل ئاڭا بولدى گور.
زىيائى سەن ئول ئىشقىنىڭ تالىبى.
بولۇپتۇر ساڭا نەپس شۇم تالىبى.
ۋاپاسىز جاھان ھەرسىدىن بول يىراغ،
كە ئاگاھ بولماي، كېتەر بولدى چاغ.
ساڭا قىلسا تەڭرى تائالا كەرەم،
ئەگەر ئىشقىدىن زەررە بولسا بىھەم.
پۇشايمانلىق، بولساڭ كۆزۈڭ ياشلىق،
ھالاك بولسا نەپسىڭ نەچە ياشلىق.
تەسەۋۋۇرلار ئەتسەڭ ئىشك تورپە خام،

① خەففاش — يىراق.

ئىچكىرەك ياشنىتىلدى گۈل ۋە گۈلزار،
قويۇپ ئۆتكەيلا بولغايمىز خەبەردار.
زامانەسىنىڭ ھەققى بۇ ئەدىبى،
دىدى مەنكىم غېرىبلارنىڭ غېرىبى.
ماڭا ئەمر ئەيلىگەچ ھاكىم زوھورىدىن،
ئەسەر يازدىم ھۈنەرۋەنلەر تىلىدىن.
بۇ مىسرالار ئىرۇر ئۇشبۇ كىتاپتىن،
قىلاي ئازراق ئايان مەن شۇ خىتاپتىن:

"بار ئەردىم مەنى چۈغز ۋەيران نەشىن،
ھەمىشە ئۆلۈم ئەھلىگە ھەم نىتىن.
ئۆلۈم ئەھلىگە كەپىش بەدار ئىدىم،
جاھان ئەھلىدىن ئىسرو بىزار ئىدىم.
جاھان ئىچرە غۇربەتتە ھالىم تىئەپ،
ئىدى تۇرەى ئىسمىم، غېرىبى لەقەب.
دىدى تەئلىق ئەتكىل بۇ يەگلىغ كىتاپ،
خالايىق دىماغىغا يەتكۈز گۈلاپ،
داغى ئەيلىگىل بىرنەچە مەئرىپەت،
شەرىئەت باياننى ھەم زاھىر ئەت،
جاھان ئەھلى مەككارلىق قىلمىسۇن،
ھۈنەر ئىچرە غەددارلىق قىلمىسۇن.
ھاۋا ۋە ھەۋەسلەرنى تەرك ئەيلىسۇن،
ھەمىشە شەرىئەت يولىن ئىزلىسۇن.
بۇ يەگلىغ ماڭا ھۆكۈم قىلدى ئەمر،
بىرىپ كۆرستىپ سۆزنى گوياكى دۇر.
ئىشىتتىم بار ئەمر - پەرمانلىرىن،
بايان ئەيلىدىم ھەممە ئەيتقانلىرىن.

كەل ئى بەھرام ۋاقتىم ۋاقىپ ئول تەقدىر ھالىمدىن،
بۇ كۇن ئىقلىم ئەۋۋەلدىن مۇساپىر نۇكتە پەيمادۇر.

ئاگاگەر ئارزۇدۇر سۆزلىمەك بەھرامى ئالدىدا،
ماگا ھەم ئۆز شەھى بەھرامىم ئالدىدا تەمەننادۇر.

غەزەل

پەلەك ئاشۇبىدىنكىم مەن كەبى زارۇنەزار بولغاي،
جاھان زۇلمى ئۇلۇس بىدادىدىن بىئېتىبار بولغاي.

زەھى ئازادەدۇرمەن ئىشق ئارا مەجنۇن ئەمەس ھەمرا،
نە مەندە خانىمانو، نە ماگا يارو دىيار بولغاي.

جاھان ئەھلىدىن ئەتمەك مۇددىئا مېھرو ۋاپا رەسمىن،
دىمەكتۇر مەرگ زەھرىدىن ھاياتىم ئۇستىۋار بولغاي.

پانادەشتى ئارا چۇشمىش سەبۇرى دوستلار زىنھار،
دىسەڭكىم ئىختىيار ئەتمىش، ئاگا نە ئىختىيار بولغاي.

سەبۇرىنى بۇلار تەقدىر قىلىشتى،
شوئۇرلۇق شېئىرلار دەپ نام بېرىشتى.
شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىلمي بەزمىدىكىلەر،
تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىغا دىدىلەر:
قېنى پىكىر قۇشلىرى نەلەردە ئۇچتى،
نىچۇك مەئني ۋە ئەسرارلەرنى قۇچتى؟

ئەگەرچە قالسمۇ ياخشى يېزىلماي.
ئېلىپ دەپتەرنى مەلۇم بەتنى ئاچتى،
مۇھەببەت ئوتىدىن ئۇچقۇنلار چاچتى.
ئېلىپ ئۇ، توختوتۇپ، ئۆزىنى بىر پەس،
ئوقۇپ چىقتى تۆۋەندىكىچە مۇخەممەس:

دىل ئەينىگىدە جىلۋە قىلىپ ئەتتى ئەكس يار،
ھۆسنۇ-جامال گۈللىرىلە تولغان لالە زار،
كۆرگەچ كۆڭۈلدە قالمىدى ھېچ سەۋر ئىختىيار،
قانداق نەپىس گۈزەللىك ئىرۇر بۇ؟! دېدىم، دېدى:
گەر ئىشقىنىڭ بۇلبۇلىسەن! باھارىڭ ئىرۇر سېنىڭ.

مەن زار بولۇپ ئۇنىڭكى جامالى شارابىغا،
ئىچكەنسېرى يولۇقتۇم خۇمارى ئازابىغا،
قالدىم چۈشۈپ تەشنا بولۇش ئىزتىرابىغا،
قانمايدىغان ئىچسە يۈرەك نەمەيدۇر؟! دېدىم، دېدى:
قاندۇرمىغان مەيىمگە خۇمارىڭ ئىرۇر سېنىڭ.

رەھم ئەت ماڭا! قاچانغىچە ساڭا تەلمۈرەي،
ئاشۇپتەھال، تەلۋە بولۇپ چۆل ئارا يۈرەي،
سەندىن ئۈمىت قانداق قىلىپ ئەمدى مەن ئۈزەي،
بىلەلمىدىم نىچۈك ھالغا چۈشۈپمەن؟! دېدىم، دېدى:
ئىشق ئەھلى سىن شۇ ھالەت شۇئارىڭ ئىرۇر سېنىڭ.

جاھان ئىچرە بولغاي كىتابى ئەجىپ،
ئاڭا ئىسىم قويدۇم كىتابى غەرىپ"

نەخوش مەئنا ئىرۇر دىدىلەر بۇنىڭغا،
قىسىشتى ئاپىرىن گۇلىنى ئۇنىڭغا.
مۇشۇ سۆھبەت داۋامى ئىچرە سەئدىن،
تۇرۇپ چەتتە ئالاتتى زەۋق بۇلاردىن.
بۇ چاغدا ئۇنى قىچقاردى نازارى،
دىدى: كەل بۇ، ئىجادىيەت باھارى.
قىنى پىكرىڭ ئىچىلدۇردى نىچۇك گۇل،
شېئىر بولسۇن ۋە ياكى نەسىردۇر ئول.
ئۇنى قوي ئورنىغا ھىدلاپ كۆرەيلى،
نىچۇك گۇل دەستىلەر تۈزدۈڭ بىلەيلى.
نازارىنىڭ مۇشۇنداق دىيىشىدىن،
چىقاتتى باخەبەرلىك يېزىشىدىن.
نەكىم سەئدىن نازارىنى تۇتۇپ پىر،
يازاتتى گاھى-گاھىدا غەزەل-شېئىر.
نازارىغا ئۇلارنى كۆرسىتەتتى،
دىمەككى ئۇ، بۇنىڭ يېزىشىن بىلەتتى.
ئۇيالغان ھالدا ئاستا كەلدى سەئدىن،
چىقاردى دەپتىرىنى ئۆز يېنىدىن.
دىدى، يازغان ئىدىم بىر ئەرزىمەس شېئىر،
ئوقۇشقا ئەرزىمەيتتى بۇندا ھىچبىر.
قىلىندى ئەمر ئۇنى قىلمايدۇ بولماي،

دېدى: ئىشققا نېچۇن سىرداش تېپىلماس؟
دېدى: ئىشقنى كىشىلەر تونىيالماس.
دېدى: ئىشق دەردىنىڭ بارمۇ داۋاسى؟
دېدى: دورا ئەمەس ئىشق مۇددىئاسى.
دېدى: نېچۇن داۋا بولمايدۇ دەرتكە؟
نېچۇن دەرتمەن داۋا كۈتمەيدۇ دەرتكە؟
دېدى: بۇ دەرت قوبۇل قىلماس داۋانى،
ئاشىق ھەم كۆزلىمەس بۇ مۇددىئانى.
دېدى: بولسا ئەگەر بۇ مۇددىئاسى؟
دېدى: ئۇ، ئىشق ئېلى ئالدىدا ئاسى.
دېدى: ئاشىق نېچۇن ئىشقتىن كېچەلمەس؟
دېدى: ئۆز ئىختىيارى ئۆزدە ئەرمەس.
دېدى: ئىشق غايەسى تاپماق ۋىسالمۇ؟
دېدى: ئىشققا ئىرۇر زىت مۇشۇ ھالمۇ؟
ئىشقنىڭ قۇدرىتىدۇر دەرت ــ ھىجران،
تىلەپ مەشۇقنى چەكمەك دائىم ئەرمان.
ئەگەر بولسا مۇيەسسەر يار ۋىسالى،
بولۇر ئەسرارى ئىشقتىن جىسىم خالى.

قىتئە

ئىشق ئۇ، نەدىمەك، ئەسلى ئۇنىڭ ھىجر پىراقتۇر،
گەر بولمىسا ھىجر ئاشىق ئاتىلىش بەكمۇ ئۇزاقتۇر.
ئاشىققا ئەگەر ۋەسل مۇيەسسەر بولسا،
ئىشق ئوتى ئۆچەر، ئىشق كويىدا بۇ ياخشى سىناقتۇر.

دانە يۈزىدە خالى، چاچلىرى تورزاق،
دىللار ئۇنىڭ نەرگىسىنىڭ ئەسىرى ئىزۇر بىراق،
قاتىل ئىزۇر ۋە لېكىن يوق ئۇڭغا سوراق،
شۇنداقمۇ ئىش بولامۇ جاھاندا؟! دېدىم، دېدى:
ئارى بولۇر كويۇم — مازارىڭ ئىزۇر سېنىڭ.

بۇلار شاگىرت شېئىرىنى ئىشىتتى،
ئۇنى ماختاشتى، تەھسىنلەر قىلىشتى.
بۇ مىسرالاردا بولغان ئىشقى مەزمۇن،
ئۇستاتلارىنىڭ بارىنى قىلدى مەمنۇن.
شائىرلارنىڭ سەممى ئىلتىپاتى،
يىگىت كۆڭلىدە ئىلھامنى ئويغاتتى.
تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن ئۇ، رۇخسەت ئالدى،
مۇشۇنداق بىر سوئال ئۆرتىغا سالدى.
سوئالغا جاۋاپ بەردى نازارى،
بولۇشتى باشقىلار شائىرغا يارى.
دېدى سەئىدىن: ئىشق ئۇ نە دېمەكتۇر؟!
نازارى ئەيتتى: ئۇ ئۇتسىز كۆيمەكتۇر.
دېدى: ئىشق نە ئۈچۈن ھەر دىلغا چۈشمەس؟
دېدى: ئۇ دۇغ كۆڭۈللەردە كۆرۈلمەس.
نىچۇككىم ئايىنەگە قونسا چاڭ - توز،
كۆرەلمەس ئۇندا ھېچبىر ئەكسىنى كۆز.
دېدى: ئىشق دىلدا ھېچ يوشۇرۇن قالۇرمۇ؟
دېدى: ئۇتنى يوشۇرماققا بولۇرمۇ؟

سۈزۈك بىر نۇر ئۇ ئاشىقنىڭ دىلىغا،
لېكىن ئۇ توساقتۇر ئىدراك يولىغا،

## غەزەل

مۇھەببەت نۇرى دىلنىڭ ئەينىكىدە ئەكس قىلغاندا،
ئەقىل ئىدراك پۈتۈنلەي تۈيغۇدىن خالى قالۇر ئۇندا.

قولىدىن ئىختىيارىنىڭ تىزگىنى كەتكەي چىقىپ ئاخىر،
خىيالىنىڭ ئاغمىغىنى باشقۇرالماس تازا چاپقاندا.

ماگار يولىنى كۆرمەكتىن قالۇر ئەقل ئۇ ئۆزى ئاجىز،
نىچۈككىم خىرە بولغاي كۆز، قۇياش نۇرىغا باققاندا.

ئىشقىنىڭ سىررىنى ھۇشنىڭ كۆزى بىرلە تاماشا قىل،
كىلىپ پەرۋانە ئۆزىنى چىراق نۇرىغا ئۇرغاندا.

ئەقل ھەيران قالۇر سۆيگۈ ئەسىرى بۇ كىچىك مەخلۇق،
پىرىلداپ ئايلىنىپ شەمئىنى، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغاندا.

ھەقىقى چىن مۇھەببەت بولسىلا ئەرزىر سۆز ئاچماققا،
قەلەم تەگلىك چېكەر يالغان مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقاندا.

بۇ ئىزاھتىن كېيىن شۈكلەشتى سەئدىن،
قانائەت تاپتى بولغاي كۆڭلى ئاندىن.
ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتتى يىراققا،
ئۇيۇق بويلاپ كۆزىن تىكتى ئۇزاققا.

دىدى: شۇنداق ئىكەن ئاشىق نە قىلسۇن،
داۋا بۇ دەرتكە ئۇ، قەيەردىن ئالسۇن؟
ئىشقتىن قۇتۇلالماس بولسا ئاشىق،
ۋىسال ئىشق شەنىگە كەلمىسە لايىق،
مۇشۇنداق چاغدا بۇ ئاشىق بىچارە،
قەيەردىن تاپىدۇ دەردىگە چارە؟
مۇشۇ دەرت بىرلە زار ئۆلسۇنمۇ ئاخىر،
جاھاندىن بىمۇرات كەتسۇنمۇ ئاخىر؟
دىدى شۇندا نازارى بىر چېكىپ ئاھ،
ئاشىقنىڭ ھالى مۇشكۇل خاھ، ناخاھ.
كىشىكىم ئىشق گىردابىغا چۈشتى،
ئۇنىڭغا ئىشقنىڭ دەردى يېپىشتى،
بىپايان بىر دېڭىزگە چۈمدى گويا،
بولالامدۇ خالاس گىردابىن ئايا.
نىچۈك دولقۇنلار ئۇنى غەرق قىلغاي،
نىچۈك ئاپەت لەھەڭكى ئۇنى يۇتقاي.
كېمەسى نەدە بولغاي پارە-پارە،
قىلالامدۇ بۇ ئاپەتلەرگە چارە؟
بالا دىسەڭ، ئاشىق دەيدۇ ئۇنى بەخت،
دىسەڭ زىندان، بۇلار دەيدۇ ئۇنى تەخت.
دىسەڭ تور دەيدۇ ئاشىق ئۇنى بىر نۇر،
ئەگەر نۇر دەي دىسەڭ، ئۇ بىر يامان تور.
ئۇنى نۇر دەي دىسە ئازدۇرغۇچى يول،
لېكىن ئىشق ئەھلى دەيدۇ توغرا بىر يول.

ئۆنىڭدىن كەلسە بارلىق ئىپتىخارىم.
ئۆنى سانىماي سائادەت دەپ ئۆزۈمگە،
غۇبارىن سۈرمە قىلماستىن كۆزۈمگە،
قىلاي قانداقمۇ تاقەت مەن كېمىنە،
ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كەرمەي بۇ سىنە.
ئۆتۈپتۇ يۇرتىمىزدا ئىككى ئاشىق،
ئاشىقلىق نامىغا ھەقلىق ۋە لايىق.
يازاي تارىختا نامى مەڭگۈ قالسۇن،
ئاشىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالسۇن.
نە ھاجەت لەيلى-مەجنۇن دەپلا يۈرمەك؟
ۋە يا پەرھادى شىرىننى كۆتەرمەك؟
ئۆزۈڭنىڭ ئاشىقنى ئويلىمامسەن؟
ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىنى كۈيلىمەمسەن؟
ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئويلايمەنكى شولدۇر:
ئۆزى ۋە نەرسە سىلە بولسا مەغرۇر.
ۋاپاسىزدۇر جاھان ئۇ ياخشى ئۇقساڭ،
كېتەرسەن، ئاخىرى ھەرقانچە قىلساڭ.
ئۆلەرسەن تاشلا دۇنيانى دىمەيمەن،
تىرىش، ياخشى ياشا دۇنيادا، دەيمەن.
مېنىڭ پىكرىم ۋە قەستىم شۇ ئەزەلدىن،
لېكىن دەيمەنكى ئەۋۋەلرەك ئەجەلدىن.
ئۆزۈڭدىن قالدۇرۇپ كەت ياخشىراق ئىز،
يوقاپ كەتمە جاھاندىن، ئۆزۈڭ ئىزسىز.
شۇڭا كۈيلەپ ۋەتەننىڭ ئاشىقىنى،

ئۆزى بىلدى ئۆزىكەن ئىشق ئەسرى،
بىلەلمەس ئۇ ئىنچۈك بولغاي ئېخىرى.
تىرەن بىر ئوي دېڭىزى ئىچرە پاتتى،
خىيالى ئۇنى بىر گىردابقا ئاتتى.
قارىدى شۈبھە بىرلە بۇ ھاياتقا —
ئېخىرى يوقلۇق ئولغان كائىناتقا...

قەلەندەر، كەل! ساپايىڭنى جاراڭلات،
دىلىمنى داغى غەپلەتتىن يىراقلات.
ئىرۇرمەن بىر ھەۋەس لېيىغا پاتقان،
بولۇپ غاپىل ماڭار يولىنى يوقاتقان.
نە بىر خىزمەت قىلالمىدىم ئېلىمگە،
نە بىر ھەسسە قوشالمىدىم بىلىمگە.
توغۇلۇپمەن ھەجەپمۇ شۇم پىشانە،
مالامەت تېشىغا بولدۇم نىشانە.
ۋەتەن گۈلزارىغا بىر قۇيمۇدۇم سۇ،
مېنىڭدىن رازى بولماس، بىلىمەن ئۇ.
قىلالمىسامىمۇ خىزمەت ئۇڭا گەرچە،
دىلىمدا ساقلىدىم مېھرىنى شۇنچە.
ئىنچۈك ئۇنۇتاي، مېنى تۇققان ئانامنى،
ماڭا ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانامنى.
تۇرسا كىندىك قېنىم شۇندا تۆكۈلگەن،
پۈتۈن ئەجداتلىرىم ئۇندا كۆمۈلگەن.
ئېچىلغان تۇرسا ئۇندا نەۋ باھارىم،

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم خسراۋ نىزامى،
بېدىل، ھازىق، فىردەۋسى، ۋە جامى.
ھاپىز، سەئدى، فۇزۇلى ۋە نازارى،
غېرىبى ۋە زىيائى ھەم سەبۇرى.
يانا شۇنداق شائىرلار كۆپ ناھايەت،
مېنى بۇ پىكىردە قىلدى مالامەت.
ئۇلار ئېيتتى: نىچۈن يازدۇق بىلەمسەن؟
نىچۈن تارتتۇق جاپا ـ مېھنەت ئۇقامسەن؟
نىمە مەقسەت مۇشۇنداق قىينىلىشتىن؟
پىكىرنىڭ كاننى تۇرماي قېزىشتىن؟
بۇنىڭدىن قەستىمىز ئىلمىي ئىجاتتۇر،
دىلىمىز، قىلا ئالغانلىقتا شاددۇر.
بىلۇرسەنكىم كۆكۈش بۇ چەرخ تاقى،
ئىچىدە قالمىغاي ھېچكىشى باقى.
پەقەتلا قالغۇسى باقى بۇ ئىجات،
زامان مەڭگۇ قىلۇر ئىجاتچىنى ياد.
شۇڭا بىز قىينىلىپ ئىجات ياراتتۇق،
ئۇنۇتماس ئىز قويۇپ بىر نام تاراتتۇق.
ئېچىلدۇردۇق خازانسىز بىر گۈلىستان،
قىلالمايدۇ ئۇنى يوق ھېچ زىمىستان.
سىنىڭدە يوقمۇ بۇنداق ئالى غايە؟
ھاياتىڭدۇر بىلىپ قوي مىسلى سايە!
سايەڭ قانداق يوقالسا، كەتسە ئىزسىز،
ئۆزەڭمۇ شۇڭا ئوخشاشلا تۇراقسىز.

قىلاي دەپ ئۇنۇتۇلماس تارىخىنى.
چۇمۇپ پىكىر دېڭىزىنىڭ قايىنىمىغا،
ئۇلاپ تاڭنى شۇ تاڭنىڭ ئاخشىمىغا.
گۈلۈ-گۈلشەن تاماششاسىنى تاشلاپ،
قەلەم قولدا، نەدەي دەپ باشنى قاشلاپ،
كېتىپ بارارمەن تۈزۈپ قۇرلارنى بەتتە،
قالاي خىزمەت قىلىپ دىگەن نىيەتتە.
نە يانىمدا مېنىڭ بىر غەمگۇزارىم،
مۇڭۇمنى تۆككىلى نە مۇڭ گۇسارىم.
پەلەكنىڭ زۇلمىدىن باغرىم ئېزىلگەن،
تۈز ئوقتەك قامىتىم يادەك پۈكۈلگەن.
ئىپاردەك باشلىرىمغا ياققان ئاق قار،
قېرىلىق قۇدرىتىنى قىلغان ئىزهار.
ئېغىز هوققە① يوقاتقان يۇنجۇسىنى،
ئەجەل ئاچقان كىرىشكە رەخنەسىنى②.
گاهى دەيمەن قىلۇرسەن نىمە ئانچە،
نىمە قىلىسەن چېكىپ مېهنەتنى شۇنچە.
چېكىپ شۇنچە جاپا، ساڭا بۇ نىمىتى،
بۇ خىل قىينالمىساڭمۇ كۈن ئۆتەتتى.
مۇشۇنداق چاغلىدا مەشهۇر ئەدىپلەر،
كۆز ئالدىمدا كۆرۈنۈپ جىلۋە ئەيلەر:

① هوققە — قاپچۇق.
② رەخنە — شورا.

www.uyghurkitap.com

# 16. قىز سورىتىش

564 بۇ مۇنداغ كىشلەر بولۇر ئېزى قىز①
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز
ياشمىسى: مۇشۇنداق كىشلەر بولۇر بەكمۇ قىز،
بۇ قىز قىزلىغى قىلدى قىز ئاتى قىز.
—— «قۇتادغۇ بىلىك».

بىلەلمەيمەن يارالغان كىشى قانداغ،
ئۇنى كۆل قىلمىدى بۇ يوشۇرۇن داغ؟
سەئدىن بولغاچ مۇشۇ داغقا گىرىپتار،
بۇ داغنىڭ دەردىدىن كۆپ چەكتى ئازار.
تۆگەندى ئاخىرى سەبرۇ قارارى
ئېشىپ، كۆرمەككە يارنى ئىنتىزارى.
مۇھەببەتنىڭ ئوتى كۆڭلىدە ئارتىپ،
ئاتا-ئانىسى قېشىغا كەلدى قايتىپ.
سۆيۈندى كەلگىنىدىن كۆپ ئاتا-نا،
دىيىشتى شۇ مۇقەررەركىم هامانا.
قويۇرمىز ئەمدى ئۆيلەپ بۇ ئوغۇلنى،
بۆلەيلى ئەمدى بۇ ئىشقا كۆڭۈلنى.

① قىز — قىس. يەنى تېپىش. قىزنىڭ ئەسلى مەنىسى قىس.

مۇشۇ سۆزلەرنى ئويلاپ توغرا تاپتىم،
ھىلىقى ئويلىرىمدىن يانا قايتتىم.
شۇڭا ئالدىم يانا قايتا قەلەمنى،
سىزىشقا باشلىدىم بەتكە رەقەمنى.

## رۇبائى

بىر گۆھەر ئىرۇر، باھاسى يوق، بۇ ئىجادە
ئىجاتچىنى قىلۇر زامان، مەڭگۈ ياد.
ئىجادى ئىرۇر مەڭگۈ، ئەمەس مەڭگۈ كىشى،
ئىجادنىڭ ئىلە تونۇر سېنى بىل، ئەۋلات.

ئېتى ياقۇپ، ئىدى مەلۇم خىيالى،
لايىق چىقسا ئەگەر باي ئۆز مىسالى.
ئېلىپ چوڭ توي قىزىنى ئۇڭا بەرسە،
خالايىق بايلىقىنى، كۈچىنى كۆرسە.
پىسەنت قىلمايتتى ئۇ ئىلمۇ ئەدەپنى،
پەقەت ئىستەيتتى بايلىق، نام، نەسەپنى.
كۆرۈنەتتى ئۇنىڭغا خار يوقسۇل،
پۈتۈن پىكرى خىيالىلا ئىدى پۇل.
ئىبراھىممۇ ئەمەستى بەكمۇ ناچار،
ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق تۇرمۇشى بار.
سېرىقتال بىر ھايات ئىچىدە ياشايتتى،
دېيىلسە تۇرمۇشى ئوبدان، يارايتتى.
ئەمەستى ئېھتىياجلىق ئۇ كىشىگە،
ئۆزى قادىر ئىدى ئۆزىنىڭ ئىشىگە.
ئەگەر ياقۇپتا بولسا ئىدى ئىنساپ،
قارا بولماي دىلى، بولسا ئىدى ساپ.
بۇنىڭدىن ھىچقاچان ئۇ چۈچىمايتتى،
بۇ توينىڭ ئىشىغا ئۇ ئاقسىمايتتى.
لېكىن ياقۇپتا بارتى بىر تەبىئەت،
قىلاتتى باي، ئەمەلدارلارلە ئۈلپەت.
يارانمايتتى ئىبراھىمنى مۇقەررەر،
ئۆزىنى كۆرىتتى دارا، ئىسكەندەر.
ئىبراھىم شۇڭا، قاتتىق ئويغا پاتتى،
نىمە قىلىشنى ئويلاپ بېشى قاتتى.

ئۇنىڭغا جۈپت بىر مۇنس تاپايلى،
گۈزەل بىر گۈلغا ئۇنى قوندۇرايلى.
ئۇلار شۇندىن بېرى ھەر ياقتا چاپتى،
نەچچە جايدىن نەچچە قىزلارنى تاپتى.
ئۇلار يارىتىپ نەچچە جاينى قىلىپ پەرز،
بۇلارنى قىلدى ئەۋۋەل ئوغلىغا ئەرز.
بۇلارنىڭ بارىنى رەت قىلدى سەئدىن،
ئاتا-نا بولدى كۆپ مەئيۇس بۇنىڭدىن.
بۇلارنىڭ بېشى قاتتى بولدى ھەيران،
نە كىم بولدى پۈتۈن ئۆي-پىكرى ۋەيران.
ئاخىر دوستى ھەسەننى سالدى ئىشقا،
ئوغۇل كۆڭلىدىكى سىرنى ئۇقۇشقا.
ھەسەن ئەردى بۇ ئەسراردىن خەبەردار،
بىلەتتى دوست كۆڭلىدە نىمە بار.
بۇ سىرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۆكتى،
ئىبراھىم ئۇنى ئاڭلاپ بەك ھولۇقتى.
گۈلىكىم، ئۇنى سۆيگەن ئىدى ئوغلى،
كېتىپ قالغان ئىدى ئۇ گۈلغا مەيلى.
قولى يەتمەس ئىگىز شاخنىڭ گۈلىتى،
مۇشۇ يۇرت بايلىرىدىن بىر كىشىتى.
ياشايتتى مەست بولۇپ دۇنياغا مەغرۇر،
تۇتاتتى ئۆزىنى ئۇ ھەممىدىن زور.
رابىيەدىن بۆلەك پەرزەنتى يوقتى،
پەقەت شۇ بىرلە كۆڭلى خوش ۋە توقتى.

راببيه بىرلە خوشلاشقان يېرىدە،
خىيال دەريالىرىغا چۆمۈلەتتى،
مۇھەببەت دەشتىدە ئۇيغا كېتەتتى.
ھەسەن يېڭىلىشمىغانتى ئۆز ئويىدا،
دىگەندەك ئىدى سەئدىن سۇ بويىدا.
قولىدا خوجا ھافىزنىڭ دىۋانى،
ئوقۇيتتى مۇڭلۇق بىر ئۈن بىرلە ئانى.
قىلاتتى ئۇ مۇشۇ بېيتلەرنى تەكرار،
غەزەل تىلىدا، دىلىدا ياد قىلىپ يار:

ئالايا ئەييۇھەسساقى ئەدىركە ئىسەن ۋە ناۋلىھا،
كى ئىشق ئاسان نەمود ئەۋۋەل، ۋەلى ئەپتادەمۇشكىلھا.
(ئەي ساقى قەدەھنى دەۋر قىلدۇر ۋە ئۇنى بەرگى، ئىشق
باشتا ئاسان كۆرۈنۈۋىدى، لېكىن مۇشكۈللۈكلەر توشۇپ قالدى)

مەرادەر مەنزىلى جانانەچەئەمنو ئەيش‌چۈن ھەر دەم،
جەرەس فەرياد مى دارەدكى، بەر بەندىد مەھمىلھا.
(قوڭغۇراق يۈكلىرىڭلىنى تېڭىڭلا دەپ پەرياد قىلىپ تۇرغاندا،
جانانىڭ مەنزىلىدە ماڭا قانداق خاتىرجەملىك ئەيش بولسۇن؟)

ھەمە كارەم زخودكامى، بى بەدنامى كەشىد ئاخىر،
ناھان كەي مانەد ئان رازى كېزو سازەندەمەھفىلھا.
(ئۆز مەقسىدىمنىلا كۆزلىگەنلىگىمدىن ئاخىرى ھەممە ئىشىم
يامان ئاتلىققا تارتىپ ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ ئۇستىدە مەجلىسلەر
قىلىنىۋاتقان سىر، قاچاندا ئاشكارا بولماي قالالايدۇ؟).

ئاتا ـ نا ئىككىسى كۆپ ئويلىدى ئوي،
بالا بولدى بولارنىڭ بېشىغا توي.
ياقۇپقا قويىلى ئەلچى، دېيىشتى،
ۋە لېكىن يانا بۇ ئويدىن يېنىشتى.
ئەگەر قويغاندىمۇ ئەلچى هامانا،
قىلىپ ياقۇپ، يوق ئىشلەرنى باهانا،
قوبۇل قىلمايدۇ ئۇ ھەرگىز، بۇ ئىشنى،
ئۇ مەنسىتمەيدۇ بىزگە قىز بېرىشنى.
ئوغلىغا نەسىھەت قىلماقچى بولدى،
ھەسەننى ئارىغا سالماقچى بولدى.

تۇمان باسقانتى بۇ كۈن ساپ ھاۋانى،
كۆرۈپ بولمايتتى نىلى كۆك سامانى.
يېغىۋاتاتتى يامغۇر سىمسىمارى،
ئاياقلاشقانتى قەشقەرنىڭ باهارى.
تومۇز كىرگەنتى، سايرىمايتتى كاككۇك،
شامال يوقتى، يوپۇرماقلار ئىدى شۈك.
چېقىن چاقناپ تۇراتتى گاھ ـ گاھى،
گويا تېزلىكتە ئاشىق ئوتلۇق ئاھى.
ھەسەن سەئىدىننى كۆپ ئاختۇردى، ھاردى،
ناھايەت شۇ ئېرىق باشىغا باردى.
ھەسەن بىلەتتى شۇنى، كۆپ چاغدا سەئىدىن
ئالاتتى جاي شۇ مەجنۇنتال تۈۋىدىن.
سەھەر ئاخشام ۋە يا كۈندۈزلىرىدە،

دىدى، ئۇنى كۆپ ئىزدەپ يۈرگىنىنى،
كېلىپ بۇ جايدىن ئاخىر تاپقىنىنى.
ئۇنىڭدىن سورىدى سەئىدىن: نە بولدى؟
نېمىشقا مۇنچە ئىزدەشلەر تۇغۇلدى؟
ھەسەن سۆز باشلىدى ئەۋۋەل يىراقتىن.
دارىتما جۈملىلەر قىلدى پىراقتىن.
ئاتا-ئانىسى دىگەن سۆزلەرنى ئەيتتى،
ئۆزىمۇ پىكرىنى قوشتى، بېيىتتى.
دىدى: سىز بىر گۈزەل گۈلنىڭ ئەسىرى،
كۆڭۈلنى ئوراپ ئالغان يادى مېھرى.
ئىدى ساپ قەلبىڭىز گوياكى كۆزگۈ،
ئۇنىڭغا ئەكس سالغاندۇر بۇ سۆيگۈ.
ئەكسىنى كۆزگۈدىن ئالماق ئەمەس تەس،
بۇ ئەكس سالغۇچى كەتسە يوقۇلۇر بەس.
ئۇ گۈلكى كۆڭلىڭىزگە ئەكس سېلىپتۇر،
قىلىپ مەپتۇن بۇ ھالغا چۈشۈرۈپتۇر.
ئېلىپ تاشلانسا كۆزگۈدىن ئاشۇ گۈل،
يوقالغاي سۆيگۈ نامىلىق ئەكس ھەم ئول.
ئاتا-نا پىكرى بۇدۇر ئويلىغايلا،
كۆڭۈلنى دەپلا يولدىن ئازمىغايلا.
گۈزەللەر، نازىنىنلار كۆپ جاھاندا،
نىمە كۆپ، قىز تولا، ئۇشبۇ زاماندا.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ سەئىدىن تۇرۇلدى،
ئاران تۇرغان دىلى قاتتىق بۇزۇلدى.

ئوقۇيتتى بۇ غەزەلنى ئاشقانە،
ئۇنۇتقان ئۆزىنى، گويا دىۋانە.
ھەسەن سەئدىنىڭ ھالىن كەتتى ئويلاپ،
خىيالى ئۇچتى سۆيگۈ يولى بويلاپ:
دىدى: ئاشققا "ئىشقتىن يان" دىمەك تەس،
بۇ خىل سۆزلەردىن ئاشىق، يەر ئازار، بەس...
ئۇنىڭغا پەند ئىشقتىن يان دىمەكتۇر،
ئۆزۈڭنىڭ سۆيگىنىڭدىن تان دىمەكتۇر.
قىلاي قانداق؟ ئۇنىڭ قىشىغا بارايمۇ؟
ۋە ياكى مىنى كۆرمەستە يانايمۇ؟
زۆرۈر تاپتى بىرىشنى يەنە ئاخىر،
قەدەم دوستنىڭ يىنىغا قويدى بىر-بىر.
قىشىغا كەلدى، قىلدى ئەسسالامنى،
كۆڭۈلدىن بىلدۈرۈپ، چىن ئىھتىرامنى.
ئۇنى قىلغان ئىكەن مەست ئىشق شارابى،
تولۇپ تاشقان ئىكەن دىل ئىزتىرابى.
سالامنى ئىشتىپ كەلدى ئۆزىگە،
كۆرۈندى دوستى شۇ چاغدا كۆزىگە.
سۆيۈنۈپ كەلگۈچىنى قارشى ئالدى،
لىكىن ئۆز قىلمىشىدىن كۆپ ئۇيالدى.
قىزاردىيۇ ۋە لىكىن ئاچمىدى سۆز،
تىكىپ ئولتۇردى ئۇ، چىن دوستىغا كۆز.
ھەسەن دەسلەپ قىلىپ جىملىقنى بۇزدى،
گۈزەل ئەتراپىنى ماختاپ سۆزنى تۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆر سايەڭنىكىم، كۈن نۇرىدىن ھاسىل بولغاچ،
رەڭلەر ئۆزى بولدى تامامەن يوق، ئۇل.

ئۇلارغا ئېيت مېنى ھالىمغا قويسۇن،
يېنىشقا نەدە قۇدرەت، مەندە بولسۇن؟
چېكىن، دىسەلەر، ئەمەس بۇ ئىختىيارىم،
بولۇپتۇ مەڭگۈگە بۇ ئىشق يارىم.
چۈشۈپ قالدى بېشىمغا ئىشق بالاسى،
كۆڭۈلدۇر ئىشق دەردى مۇپتالاسى.
قۇتۇلماقنىڭ ئىلاجى بارمۇ مەندە
ۋە ياكى قۇتقۇزۇشقا چارە سەندە؟!...
ھەسەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئويغا پاتتى،
بۇ دوستىنىڭ سۆزىدىن بېشى قاتتى.
ھاۋا ئاۋالقىدىن بىرئاز سۈزۈلگەن،
بۇلۇت تارىغان، كۆكۈش ئاسمان كۆرۈلگەن.
قارا بۇلۇت ئۆرۈلگەن ئاق بۇلۇتقا،
يامغۇر ئوخشايتتى ياپراقنى ياقۇتقا.
ئېسىپ سالقىن شامال، مۇزتاغ يېقىدىن،
بېغىشلايتتى ھوزۇر سالقىنلىغىدىن.
ھەسەن چوڭقۇر خىيالدىن باش كۆتەردى،
قاراپ سەئدىنگە شۇنداق پىكىر بەردى:
دىدى: گەر بولمىسا قايتماق بۇ يولدىن،
ماڭايلى ئويلۇنۇپ بىز توغرا يولدىن.
بىرىپ بىر ياقتا، توىغا سۆز ئاچايلى،

تۆكۈلدى سۇ بولۇپ ياشلار كۆزىدىن،
دىلى كۆپ رەنجىدى دوستى سۆزىدىن.
دىدى: كىمكى ئەسرى ئىشق بولسا،
ئۇ ئاڭلامدۇ نەسىھەت قانچە قىلسا.

### مىسرار

**تاشقا يامغۇر كار قىلماس، مۇزغا سۇ، ئاشىققا پەند**

ئاشىق ئىشقتىن ناسات بىرلە يانامدۇ؟
قىينىلىق يەتسە مەئشۇقتىن تانامدۇ؟
بىلۇرسەن ئىككىمىز بۇ يولدا ئوخشاش،
كۆزىمىز ئىككىمىزنىڭلا تۆكەر ياش.
ئەمەس مەنلا ئۇنىڭ ئىشقىدا ۋەيران،
ئۇ ھەمدۇر، ئىشق ۋادىسىدا ھەيران.
شۇ ھالەتتە ئاتا-ئانىسىدىن سۆز ئاچماق،
قوبۇل قىلماسمىكىن دەپ پىكىر قىلماق،
بۇ، ئىشق سىرىنى بىلمەسلىك نىشانى.
بولامدۇ ئىشقىنىڭ بېگى ۋە خانى؟
بولۇر تەڭ ئىشق يولىدا شاھ، دەرۋىش،
ئىشق مەيدانىدىن بۇ پەرق يوقالمىش.

### رۇبائى

گەر كەلسە ۋۇجۇد ئىشق قۇياشىغا ئۇدۇل،
يوق بولغۇسىدۇر پەرق، ئارادىن پۈتكۈل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 17. ۋاپا ئەھدى

ئۇپتا دەست دەرجاھان بسيار،
بتپمز ئەر جۇمەند، ئاقىل خار.
(كۆپ ۋاقىتتا جاھاندا ئاقىل خار،
ئەقىلسىز ئەزىز بولۇپ كەلگەن.)
——شەيخ سەئدى.

مەئەلقىسسە ھەسەن سەئدىنىلە قايىتتى،
ئوغۇل پىكرىنى ئاتا-ئانىسىغا ئېيتتى.
ئاتا-ئانا بولۇپ بۇ ھەقتە ناچار،
سوراپ قىزنى كۆرۈشكە بولدى تەييار.
ئۆزىچە ئۇلار، سائەت كۈننى تاللاپ،
ئەۋەتتى ئەلچىلىككە كىشى خىللاپ.
بۇلارنى يولدا ماڭماقتا قوياىلى،
بىز ئەمدى سۆزنى رابىيەدىن ئاچايلى.

بۇ ئەلچىلەر مېڭىش كۈنىدىن بۇرۇنراق،
بولۇشتى قىز بىلەن كېڭەش قىلىشماق.
ئۇلار بۇ پىكرىنى ئېيتىپ ئەۋەتتى،
بۇ پىكىر زوھرا تىلىدىن، ئۇنىڭغا يەتتى.
دىگەن جايغا، دىگەن ۋاقىتتا بۇلار ھەم،

قويۇپ توي ئەلچىسى، ئادەم قويايلى.
يانا بىر ياقتا رابىيەنى تېپىپ ھەم،
بولۇپ بىز ھەممىمىز بىر نۇقتىدا جەم.
ئۇنى ھەم قىلىلى ئىشتىن خەۋەردار،
بولۇپ قالسا ئەگەر تالڭ مەدەتكار،
ياقۇپ باي ئەلچىلەرنى قارشى ئالغاي،
ئۇ چاغدا كۆڭلىمىز گۈلدەك ئېچىلغاي.
ئەگەر رەت قىلسا ياقۇپ ئەلچىلەرنى،
قۇرۇق قايتۇرسا بارغان كىشىلەرنى.
ئۇ چاغدا رابىيە پىكرىنى ئەيتسۇن،
ئانىسى ئارقىلىق ئاتىسىن ئۇناتسۇن.
ئەگەر بۇ پىكرىمىز قالسا ئۇتۇقسىز،
ئۇ چاغدا باشقا بىر تەدبىر كۆرەرمىز.
دىيىشتىيۇ ئېرىق بويىدىن كېتىشتى.
قاراپ ئۆز ئۆيلىرىگە يولغا چۈشۈشتى.

### رۇبائىي

ھەر قانچىكى كاج ئىرۇر پەلەكنىڭ چاقى،
ئەگرۇلىكنىڭ نىشانى، ئەگرۇ تاقى.
تەدبىر بىلەن تۇرمىغچە ئۇڭا تاقابىل،
سۇنمايدۇ ساڭا ۋىسال مەينى ساقى.

يېتەتتى بۇلار ئۆز ئارمانلىرىغا،
تاپاتتى بىر ئارامنى جانلىرىغا.
ھەسەن رابىيەنى، ئاز قىلدى ئاگاھ،
قىلىنسا رەت ئەگەر ئەلچىلەر ناگاھ،
بۇ ۋاقتتا بۇنى قانداق قىلغۇلۇقتۇر؟
بۇ ئىشنى قايسى يولغا سالغۇلۇقتۇر؟
تۇرۇپ رابىيە ئەركىن ھەمدە مەغرۇر،
ئېچىپ لەب ھوققەسىنى چاچتى شۇ دۇر:
دىدى، پىكرىمنى ئاتام رەتمۇ قىلماس،
بۇ ھەقتە باشقىچە پىكرىمۇ بولماس.
ئەگەر بولسا ئاتامنىڭ پىكرى باشقا،
غەرەزلىك قارىسا ئۇ، ئۇشبۇ ئىشقا،
ئۈمىدىمنى مېنىڭ توسماقچى بولسا،
بۇ ھەقتە باشقا يول تۇتماقچى بولسا،
قىلۇرمەن ئوپ-ئوچۇق پىكرىمنى ئىزھار،
خىيالىمچە ئاتام بولىدۇ ماڭا يار.
ئاتام گەر كۆنمىسە بۇنداق قىلىشقا،
بۇ ئىككى باشنى بىر بىرىگە قېتىشقا،
ئۇ چاغدا مەن كېتۇرمەن بۇ جاھاندىن،
كېچۇرمەن زار يىغلاپ بۇنداق جاندىن.
ئەمەسمەن گۈلغا ئاشىق زار بۇلبۇل،
بولۇپ ئاشىق، ئېچىلغان چاغدىلا گۇل.
قاچان ئېچىلمىسا، يولىغا كەتكەي،
چىمەنزارلىقنى تەنھا تاشلاپ ئەتكەي.



كېلىشتى ۋە بولۇشتى تۆت كىشى جەم.
ھەسەن دەسلەپ قىلىپ بۇ سۆزنى ئاچتى،
ئۇلار دەردىگە بىرئاز سۇنى چاچتى.
سۆيۈنۈشتى بۇنىڭدىن ئىككى ئاشىق،
ئەگەر ياقۇپ بۇنى تاپقاندا لايىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## غەزەل

سۆيۈن كۆڭلۈم مۇھەببەت گۈلشەنىدە گۈلئۇزارىم بار،
ئېتەرگە ئەرز ـ ھالىمنى، ساداقەتلىك نىگارىم بار.

تىلەرمەن ئىشق سازىدىن ۋاپانىڭ كۈيىنى ئىشتسەم،
بۇ سازغا سالغىلى جان رىشتەسىدىن سىم ۋە تارىم بار.

مېنى ئىشقىنىڭ شارابىدىن قىلۇر مەنئىزاھىدى خۇدبىن،
نەئەيلەي بۇ شاراپقا، مەڭگۈگە قانماس خۇمارىم بار.

قىلۇرلەر تەئنەكىم ئىشق، تەلبەلەرنىڭ قىبلەگاھىدۇر،
ئۆزۈمنى بەختلىك دەيمەنكى، ئىشقدەك قىبلەگاھىم بار.

دىمەڭلار ئىشق كويىدا، مېنى دىۋانە دەپ ھەرگىز،
گادايى ئىشق ئىكەنمەن، بۇ گادايىدىن ئىپتىخارىم بار.

ئەگەر بولسا مۇيەسسەر ۋەسل، ھومانىڭ سايەسى دەرمەن،
جېنىمنى ئۇڭا پايئەنداز قىلىپ جاندىن نىسارىم بار.

كۈلەرمەن بەخت ئىقبالدىنكى، يار ئەھدى ۋاپا قىلدى،
مېنىڭمۇ يارغا مەڭگۈگە ۋاپادارلىق شۇئارىم بار.

ئۆزۈم بۇ يولدا بىر پەرۋانەدۇرمەن،
ئۇ قىلسا نىمىنى شۇنى قىلۇرمەن.
ھەسەن، زوھرا ئېلىشتى ياش كۆزىگە،
دىيىشتى دىللىرىدا ئۆز ئۆزىگە:
"ئاشىق بولسا مانا شۇنداقلار، ئەرزىر،
لېكىن ئىشق چۈشمىسۇن ھىچكىمگە، ھىچبىر.
ئەگەر بولسا ھەقىقى بۇ مۇھەببەت
بىرۇر كۈچسىزگە چەكسىز كۈچ ۋە قۇۋۋەت"

ئۇپۇقتىن كۆتىرىلىپ چىقتى تولۇن ئاي،
يورۇپ كەتتى سۈزۈك نۇرىلە ھەر جاي.
جاھان ئاي نۇرىلە بولدى كۈمۈش رەڭ،
كۆكۈش ئاسمان قارامتۇل باغلىدى زەڭ.
شامال ئەستى يېقىملىق، ئاستا-ئاستا،
پۈتۈن ياق بولدى جىمجىتلىق شۇ تاستا.
ئېرىنىپ بۇلار ئورنىدىن تۇرۇشتى،
كۆرۈشەر ۋاقتىنى ئەيتىپ خوشلاشتى.
چاچاتتى نۇر ئاسماندا تولۇن ئاي،
بۇلارنىڭ بىر بىرىگە باغرى قانماي،
ئىلاجسىز بىر بىرىدىن ئايرىلىشتى،
دىلى بىرلە ئىشقىنى ئىزھار قىلىشتى.
قىلىپ سەئىدىنىنى مەست ئۈمىت شارابى،
تۈزەلدى ئازغىنا، ھالى خارابى.
كىرىپ جانسىز تېنىگە يېڭى بىر جان،
مۇشۇ مەزمۇندا بولدى ئۇ، غەزەلخان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېرەك يازماق، بۇلار تۈزگەن سورۇننى.
ئىبراھىم ئەلچىسى كەلگەن ھامانا،
تۈزۈشتى بىر كىچىك سورۇن ئاتا ـ نا.
ئانا قىز سىرىنى بىرئاز چۈشەنگەچ،
ئۇنىڭكى دەردىنى ئىشقىنى بىلگەچ،
ئىدى مەۋجۇت ئۇنىڭدا ياخشى نىيەت،
تىلەيتتى ئۇ قىزىغا مەڭگۈلۈق بەخت.
ۋە لېكىن بولدى ياقۇپ پىكرى باشقا،
بۇ يامغۇر قىلمىدى كار، دىلى تاشقا.
ئانا پىكرىنى ئالغا سۈردى ئانچە،
يىراق بولدى پىكىرلەر ئارىسى شۇنچە.
ئانا بولدى تەرەپدارى بۇ توينىڭ،
ياقۇپ بولدى پۈتۈن قارشى بۇ ئوينىڭ.
دىدى ئانىسى: قىلايلى مۇشۇ توينى،
دىدى ياقۇپ: تاشلا، سەن بۇ ئوينى.
دىدى ئانىسى: ئوغۇل ياخشى ئوغۇلدۇر،
دىدى ياقۇپ: ھەمەدىن ياخشى پۇلدۇر.
دىدى ئانىسى: بىلىم، ئەخلاق، پەزىلەت
ئۇ پۇلدىنمۇ ئۇلۇغراق ياخشى نېمەت.
دىدى ياقۇپ: ماڭا بۇلار كېرەكمەس،
پۇل، ئابروي بىرلە مەنسەپ بولسىلا بەس.
ساڭا ئەيتاي، قىزىڭغا ياخشى لايىق
چىقىپ قالدى تازا ئوبدان مۇۋاپىق.
ئۇ، بۇ يۇرتنىڭ بېگى جاپپار، بىلىپ قوي،

## 18. رەت قىلىنغان ئەلچىلەر

ئاتا ياقۇپ ئەردى گىرىپتارى دون،
دىلىن بەنت قىلغان جاھان پورفسون.
—— نازارى.

مۇغەننى ئەمدى سەن سازىڭنى توختات،
سازىڭ تارىنى ئۈز، زەخمەكلىرىڭ ئات.
چېقىلدى ئاروزۇ-ئۈمىت جامى،
ئىشق دۇنياسىنىڭ باشلاندى شامى.
تۆكۈلدى ئەمدى ئارمانىنىڭ شارابى،
كۆڭۈلسىز بولدى ياقۇپنىڭ جاۋابى.
بىرىپ ئەلچى نىمەلەرنى دىيىشتى،
نىمەلەرنى ئۇڭا سوۋغات قىلىشتى،
نىچۈك ئەھۋاللار بەردى ئارادا يۈز،
بولۇپ ئۆتتى نىچۈك ئاچچىق-چۈچۈك سۆز،
بۇلارنى دەپ ئۆتۈش ھاجەت ئەمەستۇر،
دىمەك، "رەت قىلدى ياقۇپ"، مۇشۇ بەستۇر
لېكىن رابىيەنىڭ ئاتا-ئاناسى،
ئارىستا بولۇپ ئۆتكەن ماجراسى،
يېشىپ بىرىدۇ بۇ داستاندا تۈگۈننى،

ئاسانىڭ قىلدى نارازى ئۇلارنى.
ئاتا-نا قۇرۇشۇپ تۇرغاندا سورۇن،
تۇرۇپ داللىدا رابىيە يوشۇرۇن،
ئاتاسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىۋالدى،
يورۇق دۇنيا كۆزىگە قارا بولدى.
قارايدى، پاتتى ئۈمىدى قۇياشى،
سىقىلدى كۆڭلى، ئاقتى كۆزدە ياشى.
زېرىكتى ئۇ، ۋاپاسىز بۇ جاھاندىن،
ئۈمىد يۇلتۇزى ئۆچتى ھەر تاماندىن.
كۆرۈندى بۇ يورۇق دۇنيا ئۇڭا سەت،
ئاتا قىلغاچ ئىبراھىم ئەلچىسىن رەت.
ئۇ قالدى تەمتىرەپ، كۆپ بېشى قاتتى،
قارا زۇلمەت ئۇنىڭ ئۈستىدە ئارتتى.
ئۇزاتقاندىن كېيىن كەلگۈچىلەرنى،
قېشىغا ئانا قىچقىرىتتى قىزىنى.
پۈتۈن سۆزنى بايان قىلدى ئۇنىڭغا،
قىزى تاڭ قالمىدى ئىشتىپ بۇنىڭغا.
نېكىم ئۇ ئاڭلىغانتى سۆزنى تىڭشاپ،
پەقەتلا ئاڭلىدى بۇ سۆزنى يىغلاپ.
دىدى، ئەمدى قىزىم ئەھۋال مۇشۇدۇر،
داداڭنىڭ پىكرىنى بىلدىڭ، ئاشۇدۇر.
ئۆزۈڭ بىلىسەنكى، بىزدە ھىچ ھوقۇق يوق،
ئاتاڭنىڭ پەيلىدىن قىل ئېھتىيات، قورق.
ئاتاڭدۇر ئۇ يامانلارنىڭ يامانى،

ئۇنىڭ بىرلە قىلۇرمىز توي، سويۇپ قوي.
تۇنۇگۇن بىز ئۇنىڭ بىرلە پۈتۈشتۇق،
قىلىشقا تويىنى توختامىمۇ تۈزۈشتۇق.
سېنى قىلغۇنچە بۇ ئىشتىن خەبەردار،
بولۇپتۇ بۇلارمۇ بۇ جايدا تەييار.
بۇلارغا خوش دەپ ئېيتقىن، بىز تۈگەشتۇق،
جاپپار بەگ بىرلە بىز تويغا پۈتۈشتۇق.
ئاناسى دىدى: بۇ بولماس مۇۋاپىق،
جاپپار بەگ ئۇ ئەمەس، قىزىمىزغا لايىق.
سورايلى رابىيەدىن پىكىر ئالايلى،
نىمە دەيدۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇقايلى.
غەزەپ بىرلە ئۇڭا ياقۇپ ھومايدى،
دىدى، نىچۈن كېرەك بۇ ئىشلار زادى.
دىدىم بولمايدۇ بۇ، بولمايدۇ ھەرگىز،
بېرىلمەيدۇ ئۇنىڭغا زادى بۇ قىز.
ئۆزۈم باي، ماڭا باي يا بەگ كېرەكتۇر،
ئۇقۇپ قوي، تەڭتۇشۇم بولسۇن دىمەكتۇر.
ئۇزات تېزراق بۇ كەگەنلەرنى، چىق، ماڭ!
بولۇپ قالدى ئانا، بۇ سۆزدىن ھاڭ تاڭ.
ياقۇپ سۆزنى مۇشۇنداق چورتلا ئۈزدى،
ئانانىڭ پىكرىنى رەت قىلدى بۇزدى.
سۆز ئاڭلايلى بىز يەمدى رابىيەدىن،
سادا چىقتى نىچۈك بۇ ئىشقا ئاندىن.
ئانا چىقتى، ئۇزاتتى ئەلچىلەرني،

توسالماي يىغىزارىدىن ئۆزىنى.
دىدى: يىغلاپ تولا باغرىمنى ئەزمە،
مۇشۇنداق بولمىغۇر ئويلارنى تۈزمە.
ئىرىشىپ ياندۇراي قايتا، ئاتاڭنى،
تولا قاخشاتما بىچارە ئاناڭنى.

قارا زۇلمەت بۇلۇت باستى ھاۋانى،
قارايتتى ئىلۇپەر رەڭلىك سامانى.
بولۇپ گۈلدۈرماما ياڭراتتى كۆكنى،
قۇلاق سەزدى يىقىلغاندەك پەلەكنى.
چېقىپ چاقماق يورۇتتى ئۇ جاھاننى،
بىرىشتى ئىشق ھىجراندىن نىشاننى.
تۆكۈپ دۇنيا قارايتقان ئۆز قېشىنى،
كىرىشتى تۆككىلى ئاسمان يېشىنى.
مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ گويا تەبىئەت،
ئوقۇيتتى بىۋاپا دۇنياغا لەنەت.
ئانا، قىز بىر بىرىدىن ئايرىلىشتى،
ياتاقلىرىغا قاراپ ئاستا كېتىشتى.
كىرىپ ياتىقىغا رابىيە، تاشلاپ ئۆزىنى،
مۇشۇنداق سۆزلىدى بىچارە، سۆزىنى:

## غەزەل

دەرىغا، ئايرىلۇر بولدۇم مانا مەن ئەمدى يارىمدىن،
مۇھەببەت دەشتىدە يۈرگەن دەرتمەن يار زارىمدىن.

زامانەسىنىڭ كىشى سۈرەت چايانى.
رابىيە كۆڭلىنى باستى قارا غەم،
قونۇشقا باشلىدى گۈلىيۈزگە شەبنەم.
قاتار كىرپىكلىرىدىن تامدى يۈنجى،
بولۇپ قالدى بۆلەك، قىلىقى-قىلىنجى.
نىمە دەيسەن ماڭا ئەمدى ئاناجان،
ماڭا دەمسەن، قىزىم، سەن ئىشقىدىن يان.
مېنى دەمسەن: قىزىم كەچ سۆيگۈنۈڭدىن،
ئاتاڭ رەت قىلدى، ئۈمىت ئۈز، ئۇنىڭدىن؟
ماڭا سەئدىنىنى تاشلا دەمسەن زىنھار
جابىرنىڭ ئۆيىگە بارغىل بولۇپ يار؟
بۇ ئىش زادىلا، ئۇ. مۇمكىن ئەمەستۇر،
جابىر سەئدىنىگە ھىچ ۋاقت تەڭ ئەمەستۇر.
ئېسىلدى بويىنىغا سالدى ئۇنىڭ قول،
ئۆزىنى توختىتالماي يىغلىدى غول.
دىدىكىم، ئەي ئانا توسۇڭ ئاتامنى،
دىسۇن بىر مەرتىبە، ئاسراي بالامنى.
مېنى گەر بەرمىسەڭلەرمۇ ئۇنىڭغا،
لېكىن قوشماڭلار ھەرگىزمۇ بۇنىڭغا.
قوبۇل بولمىسا بۇ پىكرىم ئەگەردە،
ئاتام قويسا سۆزۈمنى يانا يەردە،
ۋاپاسىز بۇ جاھاننى مەن قويۇرمەن،
ئۈزۈلگەن غۇنچىدەك توزۇپ كېتەرمەن.
ئاناسى باغرىغا باستى قىزىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ كەلدىڭ ماڭا سەن يار مۇنىس،
ئىككىمىز قىلىشىپ بىرلىكنى تەئسىس.
كەچۈردۇق ئىككىمىز نۇرغۇن زامانىنى،
كۆرۈپ ئۆتتۇق تولا ياخشى-يامانىنى.
هامان مەن مۇڭلىرىمنى ساڭا تۆكتۈم،
سېنى قولغا ئالدىمۇ، ھەممىنى ئۇنۇتتۇم.
ھەقىقەتتە ئىكەنمەن ساڭا مەپتۇن،
بۇ ئىشقىمدىن ئىرۇرمەن بەكمۇ مەمنۇن.
ئىگەردە بولمىغاندا، ساڭا ئىشقىم،
مۇڭۇمنى مەن بېرىپ كىمگە تۆكەتتىم؟
نىچۈك نەزم رىشتەسىگە مەن جاۋاھىر
تىزالايتىم ئۆزۈم بولغاندا بىر پىر.
نىچۈكمۇ پىكىر دېڭىزىگە چۆمەتتىم،
بۇ سۆزنىڭ يۇنجىسىن ئۇندىن سۇزەتتىم.
ھىلىمۇ ئىلتىماسىم شۇكى سەندىن،
بىئارام قىلدى دەپ ئاغرىنما مەندىن.
يانا بولغىل ماڭا سەن ياردەمدە،
مەدەتكار بول ماڭا، ئاخىرقى دەمدە.
يېزىپ ئاللىي مۇشۇ بىر داستانىنى،
قىلايلى بەھرىمەند ھەر قىسسەخانىنى.
تونۇسۇن تارىخنى ھەر بىر ئۇيغۇر،
پىداكارلىق ئۇلاردا قانچىلىك زور...

كۆڭۈل مۇشتاق ۋىسالىغا يېتەرگە مەندە يوق تاقەت،
بولامدىم ئاخىرى مەھرۇم خوشاللىق لالە زارىمدىن.

قولاق سالمايدىكەن ئاتام مېنىڭ قىلغان يىغانىمغا،
نېتەيكىم ئايرىلىپ قالسام مېنى سۆيگەن نىگارىمدىن.

ئۆمىدىم گۈلشەنى ۋەسلىنىڭ سۈيىدىن بولمىسا سىراپ،
كېچەرمەن سۆيگۈ يولىدا، پۈتۈنلەي يوقۇ بارىمدىن.

قەلەم، كەل ئىككىمىز هال ـ مۇڭدىشايلى،
جاهانىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلىشايلى.
ساڭا مەن مۇڭ تۆكەي، سەنمۇ ماڭا تۆك،
ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان بىللە ئۆتۈشتۇق.
بېرىپ كەلدىم ساڭا ئىلهامنى توپلاپ،
تۇرۇپسەن باش تۆۋەن، ئىشلەيسەن يىغلاپ.
يېشىڭدىن ئانچە بەتلەرنى قارايتتىڭ،
خازانسىز گۈل ـ گۈلىستانلار ياراتتىڭ.
نىچۈن مەن بولمەن ئاۋارە شۇنچە،
نىمىشقا ياش تۆكۈپ يىغلايسە شۇنچە.
بۇ ھەممىسى مېنىڭ ئىشقىم ئەمەسمۇ؟
ساڭا قويغان مېنىڭ مېھرىم ئەمەسمۇ؟
بىلۇرسەن، بىلگىنىمدە ئۇڭ ـ سولۇمنى،
ساڭا بەرگەن ئىدىم نازۇك قولۇمنى.
بۈگۈن نازۇك قولۇم، بولغاندا قاتمال،
تارامۇش پەي سۆڭەك قول، مەن قېرى سال.

# 19. ئۈمىتسىزلىك بورانلىرى

ۋاپاسىزدىن ۋاپا ئۈمىت قىلماق،
ئېرۇر سۇ ئۆززە كۆلدىن تام قوپارماق.
—— ناۋايى.

ئەجەپ دىشۋار ئىرۇر بۇ ئىنتىزارلىق،
كۆڭۈلگە دەرت، كۆلپەت، بىقارارلىق.
رابىيەگە سالدى ياقۇپنىڭ جاۋابى
كېچىچە ئىنتىزارلىقنىڭ ئازابى.
قىزنىڭ پىكرىگە ئۇ، دەمدۇ ماقۇل؟
تۇرامدۇ پىكرىدە ياكى يانا ئول؟
جېنى بولغاچ بۇ "ياق، ماقۇلغا" باغلىق،
رابىيە تارتتى تاڭغا ئىنتىزارلىق.
ئەمەس بۇ ئىنتىزارلىق بەلكى، تەشۋىش،
نىمە دەر بۇ ئاتام، قانداق بولۇر ئىش...
سوقۇپ تۇردى بوران قاتتىق، كېچىچە،
تىرىشىپ باقتى ئۇيقۇ قاچتى ئانچە.
قىلىپ مىڭ ئىزتىراپ، ئاخىر تاڭ ئاتتى،
ئۇپۇققا كۈن نۇرىدىن رىشتە تارتتى.
خورازلار قىچقىرىپ قاقتى قاناتىنى،

## غەزەل

ئى ئۇيغۇر! شانلىق تارىخىڭ پۈتۈن تىللاردا داستاندۇر،
جاھان تارىخىدا ئۆچمەس قىلىپ، مەڭگۈ يېزىلغاندۇر.

قەدىملىكتە مىلادىنى ئارتتا قالدۇرۇپ كەتكەن،
نەچچە ئون ئەسىر مۇقەددەم دەۋر تاشقا ئويۇلغاندۇر.

بۈيۈك ئەجداتلىرىڭنىڭ ئىجتىھادى ئەمگىكى بىرلە،
بىيابان، تاغ، قۇملۇقلار، بۈگۈن ئاۋات گۈلستاندۇر.

مەن ئۇيغۇرمەن دىگەن نام بىرلە ماختانساڭ تامام ئەرزىر،
نەكىم ھەر ساھەدە بىر ئىقتىدار سەندە نامايانىدۇر.

سېنىڭدە خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشا كاتتا شائىرلار،
قەلەمكەشلەر بۈنىڭدىن ئون ئەسىر ئاۋال يارالغاندۇر.

خىجىل ئەيلەپ مۇھەببەت ئالىمدە لەيلى مەجنۇننى،
رابىيە سەئىدىنگە ئوخشا ئىشق قۇربانى كۆرۈلگەندۇر.

ئاتام شۇنداق ئىدى دەپ، ماختىنىپ يۈرسەڭلا ئىش پۈتمەس،
ئۇلار شۇ شانو-شەۋكەتنى غەيۇرلۇقتىن قازانغاندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتاسىنىڭ سۆزىنى ئېيتتى بىر-بىر.
دېدى، بىلسەن قىزىم، مەن بىر بىچارە،
قىلالايمەن ئۇ زالىمغا نە چارە...
شۇ ھالەتتە ھاۋادا چاقتى چاقماق،
قارا زۇلمەت بۇلۇتتىن تولدى ھەر ياق.
شامال ئايلاندى ئۇ، قاتتىق بورانغا،
تولۇپ كەتتى جاھان تۇپراق-توزانغا.
ھاۋا گۈلدۈرلىدى تۆگدى قېشىنى،
بۇلۇت بىئىختىيار تۆكتى يېشىنى.
مۇشۇ سۆزنى ئىشىتىپ بولۇپ ھوشسىز،
ئۆلۈكتەكلا يىقىلدى توپىغا قىز.
بۇلارنى ئەمدى شۇ ھالدا قويايلى،
بېرىپ سەئدىنىنىڭ ھالىنى سورايلى.

قاچانكىم ئەلچىلەر كەتتى سوراپ قىز،
ئىدى سەئدىن ۋە ئائىلىسىمۇ ئەنسىز.
بېرەر قانداق جاۋابنى بۇگا ياقۇپ،
قىلامدۇ رەت ۋە ياكى دەمدۇ ئۇ خوپ.
مۇشۇ ئوي-پىكرلەر ئىچىدە شۇنىڭدەك،
ئىدى تەشۋىشتە سەئدىن ھەممىدىن بەك.
كۈتۈلگەن ئەلچىلەر كەلدى ناھايەت،
بىلىندى، قىلدى ياقۇپ ئەلچىنى رەت.
بۇنى ئاڭلاپ ئاتا-ئانا بېشى قاتتى،
ئەقلى ئايىغى خىيال لايىغا پاتتى.

قۇياش ئۇيغاتتى بارلىق كائىناتنى.
مەھەللە مەسچىتىدىن چىقتى ئەزان،
رابىيە چىقتى ئۆيدىن سىرتقا شۇئان.
كۆرۈندى تاڭ گۈزەللىگىمۇ يېقىمسىز،
يوقاپ كەتتى پۈتۈن ئارامى، ئىزسىز.
دىلىغا ياقمىدى تاڭ كۈلكۈسىمۇ،
ھاياتلىقنىڭ بۇ ئۈمىت بەلگۈسىمۇ.
كىرىپ باققا، يۈدى كۆلچەكتە يۈز-قول،
ئۇنى خوش قىلمىدى باغ، غۇنچە يا گۈل.
شەپەق يەرتتى پەلەكنىڭ قىرغىقىدىن،
كۆرۈلدى سۇ رەڭى كۆك گىرۋىگىدىن.
قۇياش ئۆرلەپ، چېچىپ نۇر، بولدى چاشتگاھ،
كىرىپ كەلدى ئانىسى، زوھرا ناگاھ.
كېلىپ گۈللۈقا قانچە گۈلنى ئۈزدى،
ئۇنىڭدىن بىر چىرايلىق دەستە تۈزدى.
قىزى قېشىغا كەلدى زوھرا بىرلە،
قاراپ چىقتى ئانىلىق مېھرى بىرلە.
ئۇنى كۆردى، ياداپ كەتكەن، جۇدەڭگى،
ساغارغان، قىپ-قىزىل گۈلغا ئوخشا رەڭگى.
قىز ھالىغا ئانا قاتتىق ئۆكۈندى،
ئېچىنىشلىق بىلەن گۈلدەستە سۇندى.
دىمەكچى بولدى بىر سۆزنى قىزىغا،
يۈرىگى تىترىدى چۈشمەي ئىزىغا.
ئىلاجسىز باشلىدى ئۇ سۆزنى ئاخىر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەقىپ ئىلگى سۇنۇلغان چاغدا، مەھبۇبىغا ئاشىقلار،
يىدا قىلماي جېنىنى، نالە ئەيلەپلا تۇرالامدۇ؟

گۈزەل يارىڭنىڭكى، ئىشق ئىچرە ساداقەتلىك ۋاپاسى بار،
ئۇنىڭ بۇ ئەھد ۋاپاسىنى كېلىپ دۈشمەن بۇزالامدۇ؟

قارا قۇزغۇن بولۇپ جابىر، رابىگە سالدى چاڭگالنى،
قارايلى بۇ گۈزەل ئاھۇنى ئۇ ئاۋلاپ ئالالامدۇ؟

مۇشۇ ھالەتتە سەئدىنىڭ خىيالى،
جېنىنى ئاسرىماقتىن بولدى خالى.
دىلىدا ئويلىدى تۈرلۈك پىلاننى،
يوقاتماقچى بولۇپ جابىر ئىلاننى.
ئۇ مەھكەم باغلىدى بۇ ئىشقا بەلنى،
رابىيەدىن بۆلەكتىن ئۈزدى دىلنى.
كېچە بولدى ئاتا–نا قىلمىدى سۆز،
ئوغۇلمۇ تۈن بويىچە يۇممىدى كۆز.
كېچە ئۆزۈن تۈيۇلدى بىناھايەت،
تاڭ ئاتماستىن تولا بولدى بىتاقەت.
بۇ ئۆزۈن كېچىمۇ تۈگەپ، تاڭ ئاتتى،
شەپەق كۆك گىرۋىگىگە لېنتە تارتتى.
ئىبراھىم ئۆغلىنى قىچقىرىتتى ئاخىر،
بولۇپ ئۆتكەنلىنى ئۇ، ئېيتتى بىر–بىر.
دىدى: تەگدى مالامەت بېشىمىزغا،
زەھەر قوشتى پەلەك، يەر ئېشىمىزغا.

جاۋاپ قانداقلىغىنى ئۇقتى سەئىدىن،
خەۋەر تاپتى ياقۇپنىڭ دىگىنىدىن.
دىسە: "بولمايدۇ، ياق"، ئۇ ئىدى بىر گەپ،
جابىرغا توينى ئاڭلاپ، كەتتى تىترەپ.
يۈرەكتە ئوت بولۇپ ياندى مۇھەببەت،
تېنىنى باستى قاتتىق داغ-ھەسرەت،
شىكار ۋاقتىدا بۈركۈتنىڭ ئىشىدىن،
دىلىدا ساقلىنىغلىق ئىدى بىر كىن①.
ئۆتۈپ بىرقانچە يىللار بۇ كۈن ئاخىر،
رەقىپ قىلغان بۇ جابىر بەگنى، تەقدىر.
مۇشۇ ھاللارنى سەئىدىن بىر-بىر ئويلاپ،
ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايغۇ كەتتى قاپلاپ.
بولۇپ بىر تەلۋە، ھۇشىدىن ئاداشتى،
ۋۇجۇدى ئىشق ئوتىدىن ياندى، تاشتى.
دىدى: ئەپسۇس! نە ھالغا ئۇچرىدىم مەن،
قېنى سەن، ئى ۋاپادارىم قېنى سەن!

غەزەل

ئىشقىنىڭ سىرىنى ئاشىقتىن ئۆزگەسى بىلەلەمدۇ؟
كۆڭۈلنى ئىشق بىپكىتكەندە، ئۇنى غەيرى ئاچالامدۇ؟

مۇھەببەتنىڭ ئوتى ۋولقان بولۇپ يانغاندا قەلبىگىدە.
ۋىسالدىن باشقا بىر چارە بۇ ۋولقاننى توسالامدۇ؟

① كىن—ئاداۋەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېۋىپ لەيلىنى، قىلسۇن بۇندا ھازىر،
قاراپ كۆرەيىن ئۇنىڭ ھۆسنىنى مەن بىر.
نېچۇكرەككىن ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالى،
قېيسىدەك بىر ئەدىپ، دەپ لەيلى-لەيلى.
بولۇپ مەجنۇن بىياباندا يۈرۈپتۇ،
ئۆزىنى، بار-يوقىنى ئۇنتۇپتۇ.
دىمەك، مەجنۇن ۋە لەيلى كەلتۈرۈلدى،
بۇلار شاھ ئالدىدا ھازىر قىلىندى.
قاراپ شاھ كۆردىكىم ئەڭ سەت كىنىزەك،
ئىدى بۇ لەيلىدىن كۆپرەك گۈزەلرەك.
بۇ دەم شاھ قىلدى مەجنۇننى مالامەت،
بۇنىڭغا ئاشىق بولماقلىق نە ھاجەت؟
مانا بۇ، ئۇز كىنىزەكلەر، بىرىن ئال،
بۇ لەيلى ئىشقىدىن كەچ، ئوردىدا قال.
دىدى مەجنۇن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاھ...
چۈشەنمەيسەن مۇھەببەتنى سەن ئى شاھ،
جامالى لەيلىنى كۆرمەك ئۈچۈن ئۆز،
ئۇڭا لازىم ئىرۇر مەجنۇندىكى كۆز.
تىلەرسەن لەيلىنىڭ ھۆسنىنى بىلمەك،
كېرەك مەجنۇن كۆزىلە ئۇنى كۆرمەك،
بۇنىڭدىن شاھ: "بەس، بولدى" دىمىشكەن،
سۆيۈش ئۇ ھۆسن ئەمەس، بىر ئىشقى ئىشكەن.

بۆلەك قىز كۆرا! دىگەننى ماڭا قىلماڭ،
مېنى ئۆيلەيمە دەپ ئاۋارە بولماڭ.
قويامدۇ گۈلگا پەرۋانە مۇھەببەت،
ۋە يا بۇلبۇل قىلامدۇ شەمئىنى ئۇلپەت.

قۇرۇق قول قايتۇرۇپ ئەلچىنى ياقۇپ،
يۇرت ـ ئەل ئالدىدا بىزگە قىلمىدى خوپ.
ئۇ، بىزنىڭ ئابرويىمىزنى تۆكەتتى،
ناھايەت، ئەسكىلىك يولىنى تۇتتى.
تولا نە ـ نە گۈزەل قىزلار جاھاندا،
يىگىت ئاز، قىز تولا ئۇشبۇ زامانـدا.
كۆرۈپ سەن تاللا بىر قىزنى بۇ يەردىن،
ۋە يا سەن بىر گۈزەل تاللا شەھەردىن.
نە كەتسە، كەتسە كەتسۇن، توي قىلايلى،
ئىچۈك بولسۇن سېنى بىز، تىنجىتايلى.
بۇ سۆزدىن چەكتى سەئدىن بىر قىزىق ئاھ،
دېدى: ئاتا سىز ئەمەسسىز ئىشقتىن ئاگاھ.
ئىشتمەپسىز مېگەر مەجنۇن سۆزىنى،
دىگەن ئاتاسىغا، توسقاندا ئۆزىنى.
ئىبراھىم سورىدى قانـداق بۇ ھىكايەت؟
ئوغۇل قىلدى ئۇنى بۇنداق رىۋايەت:

ھىكايەت

گۈلستاندا سەئدى دەيدۇ بۇنداق،
رىۋايەتتە يېزىلغانمىش مۇشۇنداق:
ئەرەپلەرنىڭ ئەدىبى قەيس مەپتۇن —
بولۇپ لەيلىگە، بولمىش چۆلدە مەجنۇن.
بۇنى ئاڭلاپ شۇ جاينىڭ پادىشاھى،
قىلىپتۇ ئەمر، بارسۇن بىر سىپاھى.

ئۇڭا ئىشق ئوتىدىن بىر چوغ تۇتاشتى.
بۇ ھالەتتە ئارام ئالسۇن ئۇ قانداغ،
ئۇنىڭدىن بولمايىن كۆڭلى كۆيۈپ داغ؟
بىلۇرسىز، رابىيە ئاڭلاپ خەۋەرنى،
بىھۇش يىقىلىپ ئورۇن قىلغانتى يەرنى.
كىرىشكەنتى ئۇنى ئېلىپ ئۆيىگە،
بىرئازدىن سوڭ ھۇشى كەلدى ئۆزىگە.
ئانا كۆڭلى بىرئازلا ئىزىغا چۈشتى،
نەكىم ھۇشسىز بېشىغا، ھۇش يېتىشتى،
شۇنىڭ بىرلە ئۆتۈپ كەتتى يېرىم كۈن،
ئېگىشتى غەرپ تەرەپكە نۇرسىز كۈن.
ھاۋادا قاتمۇ-قات زۇلمەت تۇمانلار،
ئۈزۈپ يۈرەتتى بېرىپ غەمدىن نىشانلار.
سىقىلدى رابىيە كۆڭلى ناھايەت،
چىدالماستىن بولۇپ ئاخىر بىتاقەت،
چىقىپ كەتتى تۇرالماي ئۆيىنى تاشلاپ،
قىلىپ زوھرانى ھەمرا بىللە باشلاپ.
ئۇنىڭدا ئارتتى ئىشقىنىڭ ئىشتىياقى،
كۈچايدى ئىشتىياقى، بىرۋاراقى.
كېتىشتى ئىككىسى ئاستا شۇ ياققا،
خىيال بىرلە نەزەر تاشلاپ يىراققا.
ئۇلار ئويلاشتى بىر تۈرلۈك خىيالنى،
يېنىكلەتتى بۇ ئوي رابىيەدە ھالنى.
شامال بىرئاز پەسەيدى، ئەستى غۇر-غۇر،

ئەگەرچە كۆيسمۇ پەرۋانە شامدا،
هامان ئۇ ئايلىنار ئىشقى ماقامدا.
مۇھەببەت قايىنىمدا غەرق ئىرۇرمەن،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمەن، بىلۇرمەن.
قىلۇرمەن، يوق قىلىشتا ئىختىيارىم،
چىرىشكە باشلىدى ياشلىق باھارىم.
ھاياتىم كېمەسى نەلەردە چۆككەي،
تىرىكلىك شەمئى قايسى يەلدە ئۆچكەي؟
دىدى: خوشلاشتى ئۇ، چىقتى تالاغا،
نە چارە بۇ ئۆزى تاپقان بالاغا.
شۇ ھالەتتە ھەسەن كەلدى قېشىغا،
سالام قىلدى بۇ ئاشىق يولدىشىغا.
بۇلار يولنى دەرەخلىق ئارا سالدى،
تىكەن-چاتقال ئارا كۆزدىن يوقالدى.
بۇ ئىككىسى نىمە قىلماق بولۇشتى؟
نە ئەيتىشتى، ۋە قانداق مۇڭدۇشۇشتى؟
كېيىنكى باپلىدىن روشەن كۆرۈلگەي،
بۇلارنى قىسسە خانلار شۇندا بىلگەي.

كۆڭۈل بىر پاختادۇر، ئىشق بىر يانار ئوت،
يولاتما پاختىنى ئوتقا، يىراق تۇت.
گەر ئوتنى پاختىنىڭ ئارىسدا قويساڭ،
كۆيۈپ كۇل بولغۇسى ھەرقانچە قىلساڭ.
رابىيەنىڭ دىلىكىم، پاختىدەكتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ ھالەتتە كىشى قاراسى كۆرۈندى،
ھەسەنكەن، تېز مېڭىپ بۇ جايغا كەلدى.
بۇلارنى كۆردى بۇندا بولدى خوشال،
سالام سەئىدىندىن ئەيتىپ سورىدى ھال.
دېدىكىم: سىلىگە بىر خەت ئېۋەتتى،
ئېلىپ مەكتۇبنى رابىيەگە ئۇزاتتى.
كۆرۈپ خەتنى رابىيە بولدى خۇش چاغ،
يېزىلغانتى ئۇنىڭدا مانا شۇنداغ:

"ئايرىلىپ يۈرىگى كاۋاپ بولغان،
سېغىنىشتا ھالى بەك خاراپ بولغان،
بىر غېرىبىڭنىڭ خېتى بۇ بىلگەيلا،
خەتكە ئاز بولسىمۇ قارىغايلا.
تەگدى مەكتۇبلىرى قولۇمغا كېلىپ،
ئوقۇدۇم شۇ زامان قولۇمغا ئېلىپ.
ياخشى پىكىر، ئىككىمىز چىقىپ قاچىلى،
توي كۈنى بىز تۇرۇپ يۈرۈپ كېتىلى،
ئات-ئۇلاغنى بۇ كۈنگە تەييارلاي،
ھەممە لازىم نەرسەلەرنى ئالاي.
كېچىدە باغ يېنىدا مەن كۈتەيىن،
ئۆزلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەيىن.
بۇ مېنىڭ بۇ خۇسۇستىكى پىكرىم،
ئۆزلىرىگە ئەيلىدىم تەقدىم.
ئوت ئىچىدە يېزىلدى بۇ مەكتۇپ،
قوبۇل ئولغاي گەرچە دۇر ناخوپ.
قايغۇرۇپ يۈرگۈچى جۇدالىقتىن،
كەمتەرىن قۇللىرى غېرىپ سەئىدىن."

بۇلار ھالىغا گويا بولدى ئۇ جۇر.
ھاۋانىڭ بىر يېقى بىرئاز سۇزۇلدى،
بۇلۇت ئارىلاپ قۇياش نۇرى كۆرۈندى.
يېتىشتىلەر تونۇش ئۆستەڭ لېۋىگە،
كېلىپ ئولتۇردى مەجنۇنتال تۈۋىگە.
دىلى غەملىك، كۆزى ياشلىق، پەرىشان،
رابىيە بولدى شۇ بېيىتلە غەزەلخان:

غەزەل

غۇر-غۇر ئېسىپ، يامانيارنىڭ سالقىنى،
ئېگىپ ئۆتىدۇ مەجنۇن تالنىڭ شاخىنى.

كۆك مايسىلار نازۇك بوينى ئەگىتىپ،
ئەسكە سالىدۇ بالىلىق ئوماق چاغىنى.

ئىسىت... مېنى سۆيگەن ياردىن تاندۇرۇپ،
قەست قىلماقتا جۇدالىقتا سالغىلى،

باغرىم قالدى لالە گۈلدەك داغ بولۇپ،
كىم كۆرۈپتۇ يۈرىكىمنىڭ داغىنى.

بۇلبۇل قونار قىزىل گۈلنىڭ شاخىغا،
قۇزغۇن كېلىپ قەست قىلماقتا قونغىلى.

ئۇ قونالماس سەن ئېمىن بول بۇلبۇلۇم،
قونىمەن دىسە، گۈل تەييار دۇر سۇنغىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 20. سەئىدنىڭ تەكلىماكاندىكى ئۆيى

6571 يېگۈم ئوت كۆكى بولسۇ ياغمۇر سۇۋى تاپ
ئەزىز قۇم تۆنەيى تاغار تون كەزەيى

يەشمەسى: يېمەك ئوت كۆكى بولسا، يامغۇر سۈيى، بەس،
قىلىپ قۇمنى تۆشەك، تاغار تون كىيەي مەن.

6572 يا ۋەھشى بولۇپ مەن بىيابانىدا يۈگرۈ
كىشىدە يىرايى ئازۇندا يىتەيى،

يەشمىسى: بولۇپ ياكى ۋەھشى، باياۋاندا يۈگرەپ،
كىشىدىن يىراقلاپ، جاھاندىن يۈتەي مەن.

——«قۇتادغۇبىلىك».

ئېسىدە بەلكى باردۇر قىسسەخانىنىڭ،
يۇقارقى بابىدا بۇ داستانىنىڭ.
دەرەخلىققە كىرىپ كەتكەن ئىكى ياش،
ئىشنى ئۇشبۇ باپتا قىلىمىز پاش.
بۇ ئىككىسى دەرەخلىق ئارا كىردى،
كىشى كۆرمەس باراقسان جايدا تۇردى.
بۇلار قانداق قىلىش يولدا كېڭەشتى،
تۆۋەندىكىچە قارار توختام قىلىشتى:
نىكاھدىن ئىلگىرى قىز بىرلە قاچماق
شۇنىڭ بىرلە ۋىسالغا يول ئاچماق.

ئوقۇپ خەتنى يۈزى قىزنىڭ ئېچىلدى،
ئۇنىڭ جۈپت نەرگىسىدىن دۇر تۆكۈلدى.
ھەسەنگە باقتى ئۇ، سۆزگە لەۋ ئاچتى،
ياقۇتتەك لەۋلىرىدىن ئۈنچە چاچتى.
دېدى: بولمايتتى شۇنداق قىلماغۇنچە،
مېنىڭكى كۆتكىنىممۇ ئىدى شۇنچە.
بۇنىڭدىن باشقا قانداق بىر ئامال بار؟
بۇ كەڭ دۇنيا تۇرسا بىزگە بولۇپ تار.
قوشۇلدۇم مەن قىلىشقا ئىشنى شۇنداغ،
سالام دېسلە، سالامەت بولسۇن ھەر چاغ.
ھەسەن بۇ بىر جاۋاپنى قىزدىن ئالغاچ،
ئۇچۇپ كەتتى ناھايەت تېز بۇ قالغاچ.
بولارمۇ ئۆيلىرىگە قايتتى تەمكىن،
بولۇپ سۆز ھەركىتى باشقىچە ۋەزمىن.

## قىتئە

ئىچۈك خوش بولمىسۇن ئاشىق ۋىسال سازى چېلىنغاندا،
جۇدالىق ئايرىلىش شامىغا كۆڭ نۇرى چېچىلغاندا.
قىلىپ پەرۋاز خۇش ئاۋاز بولسا بۇلبۇللار تاڭ ئەرمەسكىم،
چىمەندە غۇنچىلار ياشناپ، كۈلۈپ گۈللار ئېچىلغاندا.

بارۇر جايىنى مەخپى تۇتتى ئاندىن،
خەۋەردار قىلمىدى ئۇ، بۇ نىشاندىن.

سۈزۈك ئاسماندا ئالتۇندەك تولۇن ئاي،
چاچاتتى نۇرىنى يەرگە ئايىماي.
ئىدى ئاۋالقىدىن ئاز، كۆكتە يۇلتۇز،
كېچە ئاي نۇرىدىنتى گويا كۈندۈز.
بۇ ئىككىيلەن چېپىپ تېز ئاتلىرىنى،
تۇگەتتى تاڭغىچە يۇرتنىڭ ئىچىنى.
كىشى كۆرگۈنچە چۆلگە چىقىپ ئالدى،
قاراپ تەكلىماكانغا يولنى سالدى.
ناھايەت ماڭدى چىڭ قۇملۇقتا ھاردى،
كۈن ئولتۇرغاندا بىر توغراققا باردى.
بۇلار مۆلجەللىدى ماڭغان يولىنى،
بىسىپ بولغان بۇلار تۆتنىڭ ئۈچىنى.
كېچە توغراق تۈۋىدە، بۇلار ياتتى،
بىر-ئىككى ئۇخلىدى، ئاخىر تاڭ ئاتتى.
ئېتىنى مىندى، قايتا يولغا چۈشتى،
پېشىن ۋاقتىدا ئورمانغا يېتىشتى.
يېرىم كۈن ماڭدى ئورماننىڭ ئىچىدە،
يوغان بىر كۆلنى ئۇچراتتى كېچىدە.
شۇ كۆلنىڭ بويىدا ئاتتىن چۈشۈشتى،
ھېرىپ كەلگەن ئېتىنى ئوتلۇتۇشتى.
ئېتىنى ئوتلاتتى، ياتتى، ئەرتە قوپتى،

بۇلار ئويلاشتى قەيەرگە قېچىشنى،
بىرىپ نەگە ۋە نەلەرگە مۆكۈشنى.
جابىر بەگنىڭ كۈچىنى قىلدى مۆلجەل،
دىدى مۇكسەڭ قەيەرگە تاپىدۇ دەل.
ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىردا سەئدىن،
ياسماق بولدى جاي تەكلىماكاندىن.
كىچىك ۋاقتىدا ئۇ چىققاندا ئاۋغا،
يولۇققان چاغدا بۆركۈت ئوخشا ياۋغا،
بۇلار بىر كەڭرى ئورماندا يىتىشقان،
ئىدى ئۇ، بۇ دەرەخزارلە تونۇشقان.
بۇ ئورمان ئىدى ئورمانلار نىرىسى،
پايانسىز قۇملە قاپلانغان چۆرىسى.
ئەگەر كىرسە ئۇنىڭ ئىچىگە ئادەم،
ئۇنىڭدا قانچە كۈنلەپ ماڭسىمۇ ھەم،
چىقالمايتتى بۇ بىر باشتىن ئۇ باشقا،
تازا باپ جاي ئىدى ئەركىن ياشاشقا.
يوغان كۆل بار ئىدى بىرنەچچە جايدا،
تارىم دەرياسى تاشقان ئاشۇ چاغدا،
تولۇپ كەتكەن بۇ كۆللەر سۇ بىلەن لىق،
سۇ بولغاچ بۇندا، ھەر نەرسە ئىدى جىق.
مۇشۇ جاينى بىرىپ كۆرمەكچى بولدى،
شۇ جايدا جاي قۇرۇپ تۇرماقچى بولدى.
ئاتاسدىن جاۋاپ ئالدى شەھەرگە،
بىرىپ بىر ھەپتىدە قايتىپ كىلەرگە.

www.uyghurkitap.com

قىرىلىقتىن بولۇپ كەتكەن ئىچى پور.
كىچىكرەك بىر تۆشۈك ئۇندا ئېچىلغان،
ئىچىدە ئېھتىمالكى تۈلكە ياتقان.
چوڭ ئايىتتى بۇلار توغراقتا تۆشۈكنى،
ئادەم سىققۇچىلىك قىلدى يوچۇقنى.
ئىچىگە كىردى، كۆردى ئورتا ھال ئۆي،
بۇلار قىلماقچى بولدى بۇندا بىر توي.
يانا ياخشىسى بۇ جاينىڭ شۇ بولغان،
ئۇنىڭ ئەتراپى نايەت بۆك-باراقسان.
ئادەمنىڭ ئاياغى يەتمەيدىغان جاي،
قەدەم باسماس كىشى بۇ جايغا يىل، ئاي.
پەقەتلا يىل بويى قۇش كۈنلىرىدە،
پۈكۈپ قويغانلار ئاۋنى دىللىرىدە،
كېلىپ قالىدۇ بۇ جايغا ئېھتىمالەم،
بۇرالسا باشقا ياققا، ئۇمۇ يوق ھەم.
شۇڭا، ئۇلار بۇ جاينى باپلىشىشتى،
نەچچە كۈن ئالغىلى دەم، تاللىشىشتى.
قۇتۇلماققا جابىر بەگنىڭ قولىدىن،
كېرەك تاپتى كېتىشنى ئۆز ئېلىدىن.
دىمەك بۇ مۇددىئامۇ بولدى ھاسىل،
ئەگەر قاچسا بولۇشسا يارغا ۋاسىل.
بۇلارنى ئاختۇرىپ ھارغۇنچە جابىر،
يىراقراق تۇرغىلى قىلدى بۇ تەدبىر.
قىلىپ خاسلىغىغا، جاينىڭ قانائەت،

تۇرۇشقا تازا لايىق دەپ تونۇشتى.
يوغان كۆل چۆرىسىدە كەڭرى ئورمان،
ئۆتوپ بولمايدىغان چاتقال باراقسان.
پىشىپ كەتكەن بۇ جايدا قاغا جىگدە،
ياۋا ئالما، ئۆرۈك ياتقان تۇۋىدە.
يوغان كۆلنىڭ ئىچىدە مىڭلىغان غاز،
نەچچە خىل سۇ قۇشى قىلماقتا ئاۋاز.
كىيىپ گۈللۈق تونىنى ئۇندا قىرغۇل،
ئۆز ئالدىغا قىلىشىپ ئۇنىنى مەرغۇل.
قاقىلداپ قارا قاش كەكلىككە ئۇندا،
مېڭىشىپ نازىنىن قىزدەك پوسۇندا.
يۇرۇشمەكتە كىيىكلەر ھەمــدە توشقان،
نەچچە خىل ھايۋانات شاۋقۇن سېلىشقان.
دىمەك سىرتتىن تېپىلماي قالسا ئوزۇق،
ياشالايدۇ كىشى بۇندا بولۇپ توق.
بۇنىڭ سىرتىدا ئورمان بەكمۇ چاتقال،
ئوراپ ئالغان قويۇق ئۆسكەن تىــكەن، تال.
كىشىلەر ناھايىتى كۆپ كەزمىگۈنچە،
ئەمەس ئاسان كىشىنى تاپماق شۇنچە.
ئورۇنغا تاپتىلەر لايىق بۇ يەرنى،
كېلىشكە شۇندا باغلاشتى كەمەرنى.
بۇلار ئىچكىرىگە كىردى يىراقراق،
يولۇقتى ئۇلارغا بىر كاتتا توغراق.
ئۇچەيلەن قۇچىقى يەتمەيدىغان زور،

## 21. قايغۇغا ئايلانغان توي

ئىن چەشورىستكى، دەر دەۋرى قەمەرمى بىنەم،
ھەمە ئاپاق پۇرئەز پىتنە ۋە شەرمى بىنەم.
ئەسىپ تازى شۇدە مەجرۇھ بىزىرى پالان
تەۋقى زەررىن ھەمە دەرگەردەنى خەرمى بىنەم.
(مەن ئاينىڭ دەۋرىدە كۆرەۋاتقان بۇ غەۋغالەر نىمىدۇركى،
دۇنيانىڭ بارلىقىنى پىتنە ۋە يامانلىق بىلەن تولغان كۆرىمەن.
كۆرۈۋاتىمەنكى، ئەرەپ ئاتلىرى توقۇم ئاستىدا يېغىر بولۇپ
كېتىپتۇ، ئالتۇن كېمەلدۇرۇكلەر ئېشەكنىڭ بوينىغا ئېسىلىپتۇ.) -
ـــــهافىز شىرازى.

پەلەك يۈزى قارادۇر ئۇ، نىمىشقا،
نېچۈن بولمايدۇ بىر دەم جىم تۇرۇشقا؟
بۇنىڭ مەئناسى شۇكى، ئۇندا يۈز يوق،
تۇراقسىزدۇر ۋاپادىن ئەسلا ئىز يوق.
ئى پىكرىم، ئەمدى بۇنداق سۆزلىنى قوي،
قاراپ كۆر باشلىنىپ كەتتى مانا توي.
جابىر بەگ بىرلە ياقۇپ باي پۈتۈشتى،
رابىيە، سەئدىن يۈرىگىن قان قىلىشتى.
يېڭى تۈس ئالدى ياقۇپ چار باغى،
ياساندى ئۆي ۋە ھويلا ھەممە ياغى.

تۇرۇپ بر كۈن مۇشۇ يەردە ناھايەت،
ئككنچی كۈن ئۆيگە قايتشتی،
مېڭپ قاتتق ئكی كۈندە يېتشتی.
بېرپ كەلدۇق دېيشتلەر شەھەرگە،
بۇ جاينی كۆرگنن دمدی ئۈلەرگە.
ۋە لېكن بر كۈن ئۆتكەچ بۇنی سەئدن،
رابيەگە خەبەر قلدی ھەسەندن.
تۇتۇلغاچ كۆڭلی بۇ ئاۋات جاھاندن،
ئارامنی ئستشپ تەكلماكاندن.
قوشۇلدی ئۇمۇ قۇملۇققا بېرشقا،
غەۋغا بولغۇنچە پەس، شۇندا تۇرۇشقا.

### غەزەل

كۆڭۈل گەر رەنجسە سۆيمەس، چرايلق گۈل-گۈلستاننی،
كۆرۈر ئەلا ئۇنڭدن، كۆڭلی تېچ ئۆتكەن باياباننی.

جاھاندا بەخت-سائادەت تېچ بر ئارام دللقتۇر،
تېگمپ تۇرسا ئازار-كۈلپەت، نە قلسۇن قەسر-ئايۋاننی.

كشدن رەھمسزلك بىرلە ناھەقلق كۆرۈپ ئنسان،
قالۇر ئۇ ياخشراقكەن دەپ، كشدن ۋەھشی ھايۋاننی.

رابيە بىرلە سەئدننڭ ئشمۇ بولدی شۇ ھالدا،
ئېخىری ئستدی تەكلماكاندن دەردگە دەرماننی،

نچۈندۇر كاج پەلەك بر باقمدی ئوك بۇلغا ھەرگز،
ئېلپ كەتتی بۇلار گۆرگە يۈرەكتە شۇنچە ئارماننی.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى سەئىدىن ئەرەپ ئېتىنىڭ مىسالى،
بالا توقۇمى يېغىرلاپ كەتتى ھالى.
جابىر دۇنياغا پاتقان بىر ئىشەكتى،
بوۋگۈن ئالتۇن زۇننار بوينىغا چۈشتى.
بۇلارنى ئەمدى سەن ئۆز ھالىغا قوي،
شۇ مەغرۇرلۇق بىلەن ئويناپ تۇرسۇن توي.
بىز ئەمدى ئىككى ئاشىقا قارايلى،
نەلەر قىلماقتا ئۇلار، بىر كۆرەيلى!

ياقۇپ، جابىر بۇ تويدىن خوشتى شۇنچە،
ئىدى لېكىن پەلەكتە ئوي بۆلەكچە.
رابىيە، سەئىدىن ئارىسدا توختىماي سۆز
مېڭىپ تۇرىتى قىلىشىپ مەسلىھەت ئۆز.
ھەسەن، ئارىدا بۇ ئىشلارنى ئۆتەيتتى،
بۇ ياندا زوھرا رابىيەنى يۆلەيتتى.
قۇرۇشقانتى ئۇلار شۇنداق پىلاننى،
قويۇشقا داغ ـ ھەسرەتتە چايانىنى.
قاچانكىم بۇلار بۇ توينى قۇرۇشسا،
ئۆزىنىڭ مەقسىدىچە ئىش قىلىشسا،
تۇرۇپ تەييار ھەسەن ئاخۇن ۋە سەئىدىن،
تولۇن ئاينى چىقارغايلەر تۇماندىن.
جابىر بەگ مۇشۇ يۇرتنىڭ بېگى بولغاچ،
ئۇنىڭ قولى ناھايەت ئۇزۇن بولغاچ.
بولالماستىن خاتىرىجەم ئۇنىڭدىن،

پۈتۈن ئۆي، باغدىكى كۆلنىڭ كانارى،
يېيىلدى قىپ-قىزىل زىلچە ئانارى.
سېلىندى ئۆي ۋە باققا كۆرپە ئەتلەس،
پۈتۈن بايلىقنى ئۇزھار قىلدى خۇللەس.
سازەندىلەر كېلىپ تۈزدى سورۇننى،
قىزىتتى نەغمىنى، ئۇسۇل-ئويۇننى.
دۇتار، ساتار، راۋاپۇ، داپ بىلەن نەي،
قالۇن، خۇشتار، بالامان، چاڭ ۋە ھەي-ھەي...
قىلىپ بىر مىللى ئورکېستىرنى تەشكىل،
سادالار بېرىتى ساز تارى ھەر خىل.
ئاتاشتىن تويىنى، مەقسەت توي ئەمەستۇر،
بىلىنسە بولغىنى توي، شۇلا بەستۇر.
نە كىمدۇر بۇ ئاتالمىش توي ئاساسى،
جابىر، رابىيە، سەئدىن ماجاراسى.
بولۇۋاتىدۇ مانا بۇ كاتتا زور توي،
سويۇلدى كۆپلىگەن قوي-كالا ھەم ئۆي.
ھاۋاغا ئۆرلىدى ھاي-ھايساداسى،
تولۇپ تاشتى ئۇنىڭ نەغمە-ناۋاسى.
بۇ تويدا كۆرستىپ ھەشەمەت، دارامەت،
قىلىشتى خوشلۇقىن ئىزھار كارامەت.
يانا بىر ياندا ئاقىلزار سەئدىن،
چېكىپ ئازار زېرىككەنتى جېنىدىن.
مانا بۇ، خوجا ھافىزنىڭ سۆزىدەك،
ئەمەسمۇ خۇددىلا، شۇ پىكىر ئۆزىدەك.

## 22. جاسارەت

باتۇرنى دۈشمىنىمۇ قەدىرلەيدۇ،
قورقۇنچاقتىن ئانامۇ يىركىنىدۇ.
—— ھېكمەت.

جەسۇرلۇقتۇر بۈيۈك بىر فەزىل كىشىگە،
ئېلىپ باردۇ ئۇنى كۆتكەن ئىشىگە.
جەسۇر بولغاچ باياۋانلاردا يولۋاس،
ئۆزىنى ھېچقاچاندا خار قىلماس.
ئىكەن تۈلكە قورقۇنچاق ھەمدە مەككار،
ئاتىلۇر ئەل تىلىدا ھەر زامان خار.
جەسۇر بولغاچ ھاۋا ئەۋجىدە لاچىن،
قىلۇر ئىسسىق يۈرەك يەپ ئۆزىنى تەمىن.
جاسارەت يوقلۇغىدىن قارا قارغا،
ئىرۇر مەجبۇر تىزەكلەرنى چوقۇرغا.

ئەگەر باتۇر يۈرەكلىك بولسا ئىنسان،
قىيىنلىقلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسان.
دىمەك، سەئدىن بېسىپ باتۇر قەدەمنى،
قولىغا ئالغىلى تارتىپ سەنەمنى.
خەتەرلىك ئىش قىلىشقا باغلىدى بەل،
كېتەرلىك نەرسىلەرنى ئەيلىدى تەل.
ھەسەن، سەئدىن كېچىلەپ ئاتنى مىندى،

قىلىشقانتى ھىلىقى جاينى تەئيىن.
نىكاھ قىلماقچى بولغان ئاخشىمىدا،
بۇلار ساقلاپ تۇرۇپ باغنىڭ يېنىدا،
بۇ بىر گۈلنى يۇلۇپ ئالماقچى بولدى،
بۇلارنىڭ كېڭىشى شۇنداق قۇرۇلدى:
كۆرۈنمەستىن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە،
كىرىپ كەتكەي ئاشۇ قۇملۇق ئىچىگە.
جابىر، ياقۇپ بۇنىڭدىنتى خەۋەرسىز،
ئىدى غەپلەت ھىدىلە مەست ـ ھۇشسىز.
تۇرۇپ تۇرسۇن بۇلار ھۇشسىزلىقىدا،
كۆرەيلى نە بولۇر ئاخشاملىقىدا.

## رۇبائى

مەرتلەر ئىشىدۇر رەقىپنى خار ئەتمەك،
مەردانە كۈرەش قىلىپ تىلەككە يەتمەك.
باغرىغا سېلىپ دۈشمەننىڭ ئۆچمەس داغ،
بۈركۈتسىمان ئاۋنى ئېلىپلا كەتمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ توغراق تۈۋىگە كەلدى مۈكۈندى.
دەرەخزارلىقتا باغلاشتى ئېتىنى،
يوشۇردى ئېھتىيات بىرلە ئۆزىنى.
ئىگىز توغراقتا قوندى ئىككى لاچىن،
كۆزىتىپ باردى بۇ توينى يىراقتىن.
بۇ توي باشلاندى ئەللەر كەلدى، كەتتى،
ئۈنى، نەغمە ـ ناۋانىڭ كۆككە يەتتى.
شەپەقتىن لېنتە تارتىلدى ئۈپۈققا،
شەپەرەڭلەر چىقىشتىلەر "يورۇققا".
قۇياش ئولتۇردى ئەتراپمۇ قارايدى،
ئاياقلاشتى توي، ئادەم ھەم ئازايدى.
نىكاھ قىلىنىش ئىشلا قالدى ئەمدى،
جابىر خوشلۇق دېڭىزىگە چۈمۈلدى.
نە كىم رابىيەدەك زىبا، گۈزەل قىز،
ئۇنىڭ بولتى كېيىن تويدىنلا، سۆزسىز.
لېكىن ئۇ بىلمىدى، ئويى پەلەكنىڭ
قىلىشتۇر رابىيە قىزنى، بۆلەكنىڭ.
نىمەنى ئويلىدى ئۇ، قىز نىمىنى،
تېخى بىلمەيدۇ جابىر ھېچنىمىنى...
خۇلاسە: راسلىدى گۈلنى ئاياللار،
بىزەندۈردى پۈتۈنلەي يۈنجى ـ تىللا.
ئىدى تېچ، گويا رازىدەك كۆرۈندى،
ئۆزىنى تېچ تۇتۇشقا بەك ئۇرۇندى.
ئانىسى ئويلىدى، رابىيە كۆندى،



كۆرەش دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىدىن چۆچىغان غەۋۋاس،
سۆزەلمەيدۇ بۇ قايىنامدىن باھالىق يۈنجى-گەۋھەرنى.

نە خۇشتۇركىم جاسارەت قەھرىمانلىقنى قىلىپ ئادەت،
ئۇرۇپ دۈشمەننى جەڭلەردە تۆكۈپ ئۆتمەك قىزىق تەرنى.

ئەگەر ئەرسەن، ھەمىشە دۈشمىنىڭگە ئەگمە باشىڭنى،
قادا باغرىغا مەردانە ئەجەللىك نەيزە-خەنجەرنى.

قىزىدىن رازى بولدى، كۆڭلى تىندى.
شۇڭا كەتتى بولۇپ ئىشلار بىلەن بەن،
خاتىرجەم بولدى بىرئاز قىزى دەتمەن.
ھەسەن كەلدى شۇ چاغدا باغ تېشىغا،
بۇياندىن رابىيە چىقتى قېشىغا.
بىكار ئېيتماپتىكەن: ياشلىقنى بەگۇاش،
ئىكەن بەگۇاش تولا چاغلاردا بۇ ياش.
گۈلنى ئۇندا سەئىدىن قىستى باشقا،
يېتىشتى گوياكىم بۇ ئاي قۇياشقا.
ئۇچەيلەن بەلگىلىك ئۈچ ئاتقا مىندى،
دەرەخلەر ئارىلاپ جاڭگالغا ماڭدى.
قاراپ كەتتى بۇلار تەكلىماكانغا،
كىشىلەردىن يىراق قۇملۇق جاھانغا.
قىلىشىپ رابىيە، سەئىدىن جاسارەت،
رەقىپ قەلبىگە داغ سالدى ناھايەت.

غەزەل

ھايات جەڭ، ھۆر ياشايدۇ، كىمكى تۇتسا قولدا شەمشەرنى،
قۇچاقلار مەرت يىگىتلەرلا، قارا تۇنلەردە دىلبەرنى.

مۇيەسسەر بولمىغاي ئاھۇ ئاتالماس ئاۋچىغا ھەرگىز،
جاھان بازاردا ساتماق، پۇراقلىق مىشك ئەنبەرنى.

بولۇر مەقسەت قۇشنى ئاۋ قىلىشقا يەتكىلى شۇ چاغ،
جاسارەت بۇركۇتى قانچە ئىگىزدە قاقسا ئۇ پەرنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەمىشە ئۇ بىلەن بىللە يۈرەتتىك.
ماڭا ئېيت! سەن بىلۈرسەن، نىمە بولدى؟
نىمىشقا ئۇ مۈشۈ چاغدا يوقالدى؟
لېكىن زوھرا تېنىپ ئالدى بىلىشتىن،
ئۇنىڭغا دىمىدى ھىچ سۆز، قېچىشتىن.
دىدى، نەدىن بىلەلەيمەن بۇ ئىشنى،
ئاناسى سىلە، بىلمىسلە قېچىشنى؟
بولامدۇ يات، ئانادىن مېھرىۋاندراق،
ئەگەر ھەرقانچە كۆڭلى بولسىمۇ ئاق؟
ناھايەت ئاناسى چېچىنى يۇلدى،
نە ئىش بولغانلىقىنى تەخمىنى بىلدى.
تۇرۇشقان خوش، ياقۇپ باي بىرلە جابىر،
خەۋەر تاپتى بۇ بولغان ئىشتىن ئاخىر.
بولۇپ كەتتى بۇ ھويلا ئاستىن-ئۈستۈن،
كى بولغاچ بولمىغۇر بۇ ئىش توساتتىن.
خىجىللىقىنىڭ تەرىگە پاتتى ياقۇپ،
بۇ بولغان ئىشنى بىلدى بەكمۇ ناخوپ.
غەزەپلەندى، تېرىكتى بەكمۇ جابىر،
ئۆزىنىڭ ئاچچىغىنى قىلدى زاھىر.
مۈشۈنداق قىلدى يۇرت خەلقىغە پەرمان:
پۈتۈن خەلق ئاتلىنىپ چىقسۇن شۇئان.
ئېتى بارلار مىنىپ چىقسۇن ئېتىنى،
ئىتى بارلار ئېلىپ چىقسۇن ئىتىنى.
پۈتۈن يۈز باشلىرى، ئون باشى، پاششەپ،

## 23. قاچقۇنلار ۋە ئىزدەش

ئىشتىم، باشلىدى داستاننى مۇنداغ،
رىۋايەتچى: نىكاھ باشلىنىدىغان چاغ.
يىغىنلاشتى ھەر ئىككى ياق ئىدى خوش،
يۈرەتتى دىيىشىپ بىر بىرىگە خوش-خوش.
كىشلەردىن ئىدى مېھمانخانا لىق،
مەپە بۇ قىز ئۈچۈن تەييار قىلىغلىق.
ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتىرىلدى ھەرەمدىن،
دىمەك يوقتى ھەرەمدە ئىز، سەنەمدىن.
قولىغا شەمە پانۇسلار ئېلىنغان،
ئايالار تەرەپمۇ-تەرەپ چېپىشقان.
يۈرەتتى ھەممىسى ھەر ياننى ئىزدەپ،
ئەجەپ ۋاقتا يوقاپ كەتتى بۇ قىز، دەپ.
تولا ئاختۇردىلەر، ھىچ تاپمىدىلەر،
ئاخىر بۇ ھالغا تاقەت قىلمىدىلەر.
ئانانىڭ كۆڭلى ئەنسىز بولدى مۇندىن،
ئېلىپ قاچقاندىمۇ، دەپ ئۇنى سەئىدىن.
كېلىپ ئۇ، زوھرانى بىر يانغا تارتتى،
پۈتۈن ئەيىپنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتتى.
دىدىكى، سەن ئۇنىڭ ھالىن بىلەتتىڭ،

www.uyghurkitap.com

# 24. بىر پىرنىڭ نەسىھەتى

ئى ئۇستاد، بىر نەپەس تۇتقىل قولۇمنى،
ماڭا كۆرسەت ماڭار توغرا يولۇمنى.
ئىرۇرمەن بىر ئەقىلسىز، بېشى قايغان،
نادانلىق لايلىرىدا پۇتى تايغان.
ناچارلىقلار غۇبارى بىرلە تولغاچ،
كۆڭۈل ئاينەسى سۇرتۇشكە مۇھتاج.
نەسىھەت ئىلگى بىرلە ئۇنى سۇرتكىل،
ھىدايەت ئەكس ئېتەر ئاينە ئەتكىل.
ئېلىپ بارىدۇ مېنى بۇ نەپس قەيەرگە،
قويارىكىن قايسى دەھشەت چۆل ۋە يەرگە.
كېتىپ قالدىم ئەجەپ مەقسەتنى تاشلاپ،
خىيال كەتكەچ مېنى شۇ ياققا باشلاپ.
بىلۇرسىزلەر ھەسەن، رابىيە، سەئدىن،
نىكاھ ئالدىدا كەتكەنتى بۇ يەردىن.
ئۇچەيلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ تېز،
تاڭ ئاتقىچە تېرىم، موغۇل ۋە يىلدىز
دىگەن يۇرتلارنى بېسىپ ئۆتتۇشتى،
ئىككى كۇنلۇك مۇساپىنى بېسىشتى.
قارا تەرگە چۆمۈلگەن يورغا ئاتلار،

تېپىشسۇن بۇ ئىككى "بەدبەخ"نى ئىزدەپ.
كىمكى بۇلارنى ئۆيدە يوشۇرسا
ۋە ياكى ياردەملەشسە، قاچۇرسا،
جازالار بېرىلۇر قاتتىق ئۇنىڭغا،
رىئايە ھېچ قىلىنمايدۇ بۇنىڭغا.
قېچىپ ئۇلار تېخى ئۆتمەي ئۇزۇن چاغ،
تىنتىلدى پۈتۈن ئۆي-جاي بىلەن باغ.
قاراڭغۇ كېچىدە يۈزلەرچە ئاتلىق،
چېپىشىپ، بولۇشۇپ ھوشيار قولاقلىق،
پۈتۈن يۇرتنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇشتى،
گوياكى يۇرتنى ئوك-توگتەي قىلىشتى.
ئىبراھىم خاتۇنى بىرلە قامالدى،
ئۇنى قىستاپ ئازاپ-قىيناققا ئالدى.
تازا ياخشى بەلەن ئاتلارنى تاللاپ،
يامان دوغىلىرىدىن ئۇنىنى خىللاپ،
ئەۋەتىشتى شەھەر يولىنى توساشقا،
قەيەردە تاپسا شۇ يەردە تۇتۇشقا.
داۋام قىلدى بۇ ئىزدەشلەر كېچىچە،
تېپىلمىدى بۇ قاچقۇنلار تېخىچە.
قەلەم قوي بۇلىنى ئىزدەشتە بىرئاز،
سەن ئەمدى قاچقۇچىلار ھالىنى ياز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرئاز مۇندا دەم ئالماقچى بولۇشتى،
قىلىپ قۇمنى چۇشەك، سوزۇلۇپ يېتىشتى.
يوقالدى كۆڭلىدىن غەم بىرلە تەشۋىش،
يېتىپ ئالدى بۇ يەرگە، بولدى ئوڭ ئىش.
ھەسەن باشلاپ ئوقىدى بۇ مۇخەممەس،
كۆڭۈل ئاچتى بۇلار قۇملۇقتا بىر پەس.

ھەسەن: بۈگۈن شادمەن شاد بولغۇم كېلۇر،
يېڭى غۇنچىلاردەك ئېچىلغۇم كېلۇر،
قېقىپ پەر ھاۋالاردا ئۇچقۇم كېلۇر،
بۇ چۆللەر ئارا سەير قىلغۇم كېلۇر،
قېقىپ پەر ھاۋالاردا ئۇچقۇم كېلۇر.

سەئىدىن: ئىرۇر نەچچە يىل بىزنى ياقتى پىراق،
قىلىپ بىر بىرىمىزنى دائىم يىراق،
يۈرەك باغرىمىز كۆيدۇرۇپ ئىشتىياق،
قارا كۈنلىرىمىز بۇ كۈن بولدى ئاق،
مۇھەببەت گۈلىنى ئەمدى ئۈزگۈم كېلۇر.

رابىيە: چېكىپ قانچە يىل ئوتلۇق ئاھ كۈن ۋە تۈن،
تۆكۈپ كۆزىمىزدىن ياش ئورنىغا خۇن،
تۈگەپ تۈن، چېچىپ بىزگە نۇرىنى كۈن،
ئېچىلدى قارا بەختىمىز مۇشۇ كۈن،
ئۈزۈن ۋاقىت ئەمدى ھايات سۈرگۈم كېلۇر.

ھەسەن: ئىككىمىز كۈلۈپ بولسىمىز كۆڭلى شاد،
مۇھەببەت بېغى ئىچرە تېپىپ مۇراد،
رەقىپ بولسا ئەۋارە ھەم بىمۇراد،
قىلىپ يۈرسە ئۇ دائىما ئاھ-داد،

سىرىپ تېزگىننى پۇرقۇپ پات ـ پاتلا.
كېتىپ بارىتتى دۆۋە قۇملار ئارىستا،
تۇغۇپ كۈن پاتتى قۇمغا شۇ تاستا.
ئەمدى بۇلار گويا قۇم دېڭىزىدە،
ئىمىش يوق قۇمدىن ئۆزگە يەر يۈزىدە.
كۆلۈپ سۈبھى تاڭ ئېتىپ ئاسمان سۈزۈلدى،
پەلەك يۇلتۇزلىرى بىر ـ بىر يوقالدى.
بۇلار ئاتلارنى ھەيدەپ ئالغا ماڭدى،
ئىگىز قۇملۇق ئىچىدە ئاتلار ھاردى.
بۇلارنىڭ ئاتلىرىنى دەمگە مۇھتاج،
ئۆزىنىڭ، ئاتلىرىنىڭ قارنىمۇ ئاچ.
يىراقتىن بىر يېشىل توغراق كۆرۈندى،
بېرىپ شۇ جايدا دەم ئالماقچى بولدى.
شۇ ياققا بۇرىدى ئات تېزگىننى،
چۈشۈپ، توغراققا باغلاشتى ئېتىنى.
چوڭقۇر بىر جاي ئىكەن، باركەن كىچىك كۆل،
بىرئاز سۇ بار ۋە يۇلغۇن باغلىغان گۈل.

قىتئە

نە خۇشتۇر تەشنالارغا ئۇچرىسا كۆل،
لېۋىدە ياشنىغان تۇرسا ياۋا گۈل.
خالى جاي، سۇ بويى كۆك مايسا ئۈنگەن،
ئاشىق قانداق چىدار بولماي ئۇ بۇلبۇل؟

مەئەلقىسسە ئۇلار بۇ جايدا بولدى،
كېچىچە تېچ مۈشۈ چوڭقۇردا قوندى.
بۇلار ئالدىرىمىدى ئانچە مېڭىشقا،
كېرەكتى يولنى خوپ مۆلجەل قىلىشقا.
پۈتۈن ئەتراپنى قۇم قاپلاپ تۇراتتى،
قۇياش قۇمدىن چىقىپ قۇمغا پاتاتتى.
كۆلۈپ تاڭ چېھرەسىنى ئاچتى ئالەم،
يورۇپ كەتتى باياۋان، قۇملىرى ھەم.
قۇياش قۇمنىڭ كىرىستال دانەسىگە
تېگىپ، ئوخشايتى قۇم، دۇردانەسىگە.
جۇلاداپ بىھساپ يۈنجى بۇ چۆلدە،
قوياتتى بىر گۈزەل تۇيغۇ كۆڭۈلدە.
ئۈچەيلەن بىر ئىگىز دۆۋىلىككە چىقتى،
ماڭار يولنى مۆلجەلگە تۇرۇشتى.
قاياندىن كەلدى، ھېچ مەلۇم ئەمەس بىر
كېلىپ قالدى بۇلار قېشىغا بىر پىر.
دىدى ئۇ كەلگۈچى پىر، ئەسسالامنى،
سالام دەپ بۇلار قىلدى ئېھتىرامنى.
سورىدى پىر بۇلاردىن ھال-ئەھۋال،
جاۋاپ بەردى سوئالغا قەدىر ئەھۋال.
بۇ پىر ھېچ قىلمىدى دىققەت ئۇلەرگە،
دىدى مەن بىر مۇساپىرمەن بۇ يەرگە.
بېرەيمەن پەند ئۇنى ئاڭلاپ قويۇڭلار،
ئۇنۇتماڭلار، ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار.

شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئۆلەر سۆرگۈم كېلۇر.

سەئدىن: ئۇزۇن ۋاقىت تارتىپ تولا دەرت-ئەلەم،
جۇدالىقتا ئەيلەپ ئاياق ئاستى غەم،
يېتىپمەن مۇرات-مەقسىدىمگە بۇ دەم،
يېنىمدا مېنىڭ نازىنىن بىر سەنەم،
بۇ بەختىمگە ھەر لەھزە كۈلگۈم كېلۇر.

رابىيە: چېكىپ بىز جاپا، ۋەسل يار ئىزدىشىپ،
يۈرۈپمىز ئۇزۇن زار-زار قاخشىشىپ،
بۈگۈن ئارزۇيىمىزغا بىز يېتىشىپ،
سۈرۈپمىز ھايات ئىككىمىز بىرلىشىپ،
بۇ ئەھۋالغا كۆپ شۈكرە قىلغۇم كېلۇر.

بۇلار لەھزە مۇشۇنداق خوش بولۇشتى،
كۆڭۈلنىڭ شادلىقىن ئىزھار قىلىشتى.
قويۇشتى ئاتلىرىنىڭ ئالدىغا يەم،
غىزالاندى بىر ئازدىن ئۆزلىرى ھەم.
ئەگەرچە بولسىمۇ بۇ جاي باياۋان،
بۇلارغا بولدى گويا باغى رىزۋان.
نە كىم بۇ جايدا دۈشمەندىن ئېمىنتى،
ئاشىقلار بىر بىرىگە ھەم يېقىنتى.

### قىتئە

چۆل بولۇر گۈلشەن، ئەگەردە بولسا خاتىرجەم كىشى،
بولسا كۆڭلۈڭ تىنچسىز، ياقمايدۇ گۈلنىڭ كۈلىشى.
بىر نەپەس ئارام دىل، سۈرگەن ھاياتتۇر بىباھا،
قويىدۇ كىمنى خاتىرجەم بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى؟

www.uyghurkitap.com

ئۇنۇتماڭلار ئۇلارنىڭ قويغان مېھرىنى،
ئاتا ـ نانى نارازى قىلغۇچى بولماڭلار.

ھېچقاچاندا كۆزلىمەڭلار كىشىگە يامانلىق،
ئىستەڭلار دائىم خەلققە ئامانلىق،
ئاجىزلارغا قىلىڭلار كۆپ مېھرىۋانلىق،
شەپقەتسىز، ئىنساپسىز كىشى بولماڭلار.

راستلىق بولسۇن ھەمىشە يولداشلىرىڭلار،
غەيرەت، ھىممەت بولسۇن قېرىنداشلىرىڭلار،
يىتىم باشىن سىلاڭلار، تۈزۈلۈر ئىشىڭلار،
يالغانچى، قورققاق كەم ھىممەت بولماڭلار.

ئىشەنمەڭلار كىشىگە سىنىماي تۇرۇپ،
باھا بەرمەڭلار ئادەمگە بىر قېتىم كۆرۈپ،
تاما قىلىپ يېلىنماڭلار كىشىگە تەلمۈرۈپ،
كىشى كۈچىدىن پايدا ئالسام دېگۈچى بولماڭلار.

تاما قىلىپ ئىنسانغا خوشامەت قىلماڭلار،
ئۆز ئىززىتى نەپسىڭلىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار،
ياشاش ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ يولىنى تۇتۇڭلار،
تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىڭلار، ھورۇن بولماڭلار.

تېچ ۋاقتىدا ھەر كىشى ئوبدان دوست بولۇر،
قىينالغاندا دوست ـ دۈشمەن ياخشى بىلىنۇر،
ۋاپالىق دوست دۇنيادا ئازراق تېپىلۇر،
ھەر بىر كىشىگە دوستۇم دەپ ئىشەنچ قىلمالار.

## پىرنىڭ نەسىھىتى

چىن مۇساپىر بولساڭلار ياخشى تىڭشاڭلار،
مەن قىلايمەن نەسىھەت ئۇنى ئاڭلاڭلار،
بىر قېرىمەن سۆزۈمنى ئوبدان بىلىڭلار،
سۆزلىرىمنى ئۇنۇتماي دىلدا ساقلاڭلار.

ئوغلۇم، كىشى دۇنيادا دۈشمەنسىز بولماس،
ئاقىل كىشى دۈشمەندىن ھېچ ئېمىن بولماس،
ئېقىن سۇ ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس،
ھېچقاچاندا دۈشمەندىن ئېمىن بولماڭلار.

كىشى ئۈچۈن يۈز دوست ئاز، بىر دۈشمەن يامان،
بولغىلى بولماس ھېچ چاغدا دۈشمەندىن ئامان،
يوقىتىشقا دۈشمەننى تىرىشىڭلا ھەرئان،
مۇمكىن قەدەر كىشىگە دۈشمەن بولماڭلار،

چېقىمچىلىق، غەيۋەتتىن بولۇڭلار يىراق،
مۇناپىقلىق، خىيانەت ئەڭ يامان ئەخلاق،
مۇنداق ئىشنى قىلغۇچىدىن ھايۋان ياخشىراق،
چېقىمچى، غەيۋەتچى مۇناپىق بولماڭلار.

ياخشى بىلىڭلار باللىرىم ئاتا-نا قەدرىنى،
ياخشىلىق بىلەن ياندۇرۇڭلار باققان ئەجرىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆۋە قۇملار ئاراسىدا بولدى غايىپ،
دېيىشتى بۇلار بولدى بۇ ئاجايىپ.
بۇنىڭدىن ھەممىسى ھەيران قېلىشتى،
ئۇنىڭ ھەققىدە تۈرلۈك سۆزلەر قىلىشتى.
ئاخىر ئۈچ-تۆۋى يوق سۆزلەرنى تاشلاپ،
ئېتىنى يەشتىلەر سەپەرنى باشلاپ.
ئۆزىنىڭ مۆلچەرىنى دىدى سەئىدىن،
ئەگەر قىلساق بۇ ماڭغان يولنى تەخمىن،
يېرىم يولنى تۈگەتتۇق ئېھتىمالەم،
تۇرۇپتۇ مانا چەكسىز قۇملۇق ئالەم.
ئەگەر بىز يانا يول باسساق يېرىم كۈن،
ئاۋالراق، باشلىنىشتىن قۇم ئارا تۈن.
يېتەرمىز ئاشۇ ئورمانلىققا دەيمەن،
ھەسەن ئېيتتى: يېتەرمىز ئۇڭا جەزمەن.
ئاشۇ كۈن كەلگىنىمىزدە بۇ يەرگە،
ئۇ جايدا بىر ساراي بۇنياد ئېتەرگە،
شۇ ئورمانلىققا بۇ توغراق تۆۋىدىن،
يېرىم كۈنچە ۋاقىتتا بارغان ئۇنىدىن.
يۈرۈپ كەتتى بۇلار قۇملۇقتا، ئالغا.
تولا چاخچاقلىشىپ بېرىلىپ خىيالغا.
بۇلارنى يول مېڭىشىدا قويايلى،
بۆلەك بىر ھادىسىدىن سۆز ئاچايلى.

پايدىنى دەپ كىشىگە يامانلىق قىلماڭلار،
زىيان سېلىپ خەلق دىلىنى ئاغرىتىپ قويماڭلار،
كىشى ھەققىغە ھىچ چاغدا قارا سانىماڭلار،
شەخسىيەتچى، ئابرويــپەرەس بولماڭلار.

ئۇلۇغلارغا قىلىڭلار ھەمىشە ھۆرمەت،
ئاجىزلارغا ھەر ۋاقىتتا قىلىڭلار شەپقەت،
ئامانەتكە قىلماڭلا ھەرگىز خىيانەت،
ۋەدە قىلىپ ۋاپا قىلماي قالماڭلار.

بىر قېرىمەن ئاخىرلاشقان ھاياتىم،
سىلەرگەدۇر مېنىڭ مۇشۇ ناساتىم،
ھېكىملەردىن ئىشتكەن چىن سۆزنى ئەيتتىم،
بۇ نەسىھەت! باللىرىم ئوبدان ئاڭلاڭلار.

بۇلار پىرنىڭ سۆزىدىن تاڭ قېلىشتى،
بۈيۈك ھۆرمەت بىلەن تازىم ئېتىشتى.
ئۆزىنىڭ دوستىنىنى قومغا يېيىپ،
ئۇنى قىلدى غىزا-ئاش، نانغا تەكلىپ.
ئېلىپ بىر-ئىككى لوقما قىلدى ئۇ بەس،
دىدى، ئى باللىرىم، دۇنيادا ئىش تەس.
ھەمىشە ئېھتىياتلىقتا بولۇڭلار،
قىلار ئىشلارنى بەك پايقاپ قىلىڭلار.
دىدىيۇ ئۇ دۇئاغا قول كۆتەردى،
قېلىڭلار خوش دىدى، قوملۇقا كىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەل، ئى دوستۇم، يانايلى بىز شۇ يەرگە،
قاراپ كۆرىلى يېتىپ باردى قەيەرگە؟
ئېگىشتى بۇلار قۇمدا خېلى سائەت،
يانا ئالدىدا قۇملۇق بىناھايەت.
كېتىپ بارىدۇ بۇلار قۇم دېڭىزىدە،
قېنى ئورمان، دىگەن ئۈمىت كۆزىدە.
ئۇمۇمەن قۇم دۆۋەسىلا پۈتۈن ياق،
گويا قۇم ئۈستىدە بۇ نىل رەڭ تاق.
قۇياش قۇمىدىن چىقىپ قۇمغا پاتاردەك،
كېچە قۇمدا ۋە تاڭ قۇمدا ئاتاردەك؛
ئىدى ئاتلار مېڭىپ، قۇملۇقتا ھارغان،
ئىگەر ئۈستىدە ئاتلىقلارمۇ تالغان.
بولۇپمۇ رابىيەدەك نازىنىن قىز،
تەبىئىكى، ئىدى ئۇ بەكمۇ ھالسىز.
ۋە لېكىن دىلدىكى سىرى مۇھەببەت،
ئۇنىڭغا بېرەتتى كۈچ ۋە قۇۋۋەت.
كۆرۈنەتتى بۆلەكلەدىن تىمەنرەك،
ئۆزىنى كۆرستەتتى ھارمىغاندەك.
ھەسەن، سەئىدىن بۇنىڭدىن كۆپ خۇشالتى،
لەتىپەلەرنى دەپ كۆڭلىنى ئالاتتى.
بىراقلا، بىۋاپا چەرخى جاپاكار،
جاپاكارلىقنى قىلدى يانا ئىزھار.
قاراڭغۇ بىر تۇتەك ياپتى ئۇپۇقنى،
قويۇق بىر چاڭ-توز كېلىپ توستى يورۇقنى.

## 25. بوران بالاسى

كىشىنىڭ بەختى يانسا ئالتۇن ئالسا بولغۇسى تۇپىراق،
كۆل ئالسا بولغۇسى ئالتۇن، كىشىگە بەخت يار بولسا.

قەلەم، كەل! بىر نەپەس بول ماڭا ھەمدەرت،
پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن دىلدا ھەسرەت.
قىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلار بايانى،
بۇ داستانىنىڭ ئۇ ئىككى قەھرىمانى،
پەلەكنىڭ كاجلىقىغا قالدى ئۇچراپ،
پۈتۈن مەقسەتلىرىدىن قالدى ئاجراپ.
ئەجەپ نامەرت ئىرۇرسەن چەرخ دەۋۋار،
ئاجىزلارغا ئەمەسسەن ھىچقاچان يار.
ئۇلارنى ھەر ۋاقىت مەھرۇم قىلۇرسەن،
زالىملارغا ھەمىشە يار ئىرۇرسەن.
نىمە بولىتى بۇلارغا يار بولساڭ،
بىرئاز ۋاقىت ئۇلىنى ھالىغا قويساڭ.
يېتىپ ئالسا ئۇلار مەنزىللىرىگە،
كاۋاك توغراقتىن قىلغان قەسرلىرىگە؟
كېتىپ قالدىم ئەجەپ مەقسەتنى تاشلاپ،
خىيال كەتكەچ مېنى شۇ ياققا باشلاپ.

ياتقۇچىلار قۇم ئاستىغا كۆمۈلدى،
ئادەم، ئات بارلىغى قۇمغا چۆمۈلدى.
كىشىلەر تەستە قوپتى قۇم تېگىدىن،
ئېتىن قوزغاتتى تۇتۇشۇپ چۇلۋۇرىدىن.
كۈچايدى شۇندا بىر دەھشەتلىك دولقۇن،
ئۇچۇپ كەتتى ئاتى ئۈستىدە خۇرجۇن.
ھەسەن قوپتى خۇرجۇنلارنى تۇتۇشقا،
بوران باشلىدى تېزراق دومىلىتىشقا.
شۇ ھالەتتە ھاۋا گۈلدۈرلىدى بەك،
گويا تاغلار يىقىلىپ دومىلىغاندەك.
ھۈركۈپ سەكرەشتى ئۈچ ئات تەڭلا ئۈندىن،
قول ئاجراپ كەتتى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن.
ئۈچ ئات قۇملۇق ئارا پىتراپ يوقالدى،
قاراڭلار كاچ پەلەك نە ھالغا سالدى...
بۇلار ئاتنى دەپ، قوپماقچى بولۇشتى،
تۇتۇشقا ئاتنى ئورنىدىن قوپۇشتى.
چىقىۋاتقان بوران شىددەت بىلەن بەك،
دومۇلاتتى ھامان بىر باغ پاخالدەك.
بۇلارغا كەلدى دۇچ شۇنداق يامان ھال،
ئەجەل گىردابىغا ئىتتىردى ئەھۋال.
يېقىندا بار ئىكەن بىر توپلا يۇلغۇن،
بۇلارنى ئۇردى شۇ يۇلغۇنغا دولقۇن.
ئېسىلدى بۇلار شۇ يۇلغۇن شېخىغا،
ئارا تۇردى مۇشۇ ئەھۋال جېنىغا.

مەگەركىم ئاتلار خەۋپنى سەزدى بولغاي،
بۇ دەھشەتلىك بالانى تۇيدى بولغاي.
ئېغىزدۇرۇقنى سىلكىپ كىشنىشتى،
بىرەر نەرسىدىن ھۈركۈكەندەك چېپىشتى.
شۇ ھالەتتە كېلىپ، چىك تۇتتى سەئدىن،
رابىيە مىنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىدىن.
يېتىپ كەلدى بوران، ئۆتمەي ئۇزۇن ۋەقت،
بۇلارنى قويدى دەھشەتتە يامان بەخت.
بوراننىڭ ئۇرۇشى بەك بولدى قاتتىق،
بۆلەك ياققا بۇرۇلۇپ كەتتى ئاتلىق.
ئۇچۇشقا باشلىدى بۇ چۆلدىكى قۇم،
بولۇپ كەتتى ھاۋا قۇم ئاستىدا گۇم،
بۈيۈك قۇم دېڭىزىدا قوپتى دولقۇن،
ئېقىپ قۇم چىقتى ئۇنىدىن شارقىراپ ئۇن.
قارا زۇلمەت بېسىپ كەتتى جاھاننى،
بىلىشكە بولمىدى ئوڭ، سول ۋە ياننى.
تۇرۇشقا قالمىدى ئات ئۆزرە ئىمكان،
گوياكى بىرلىشىپ كەتتى يەر، ئاسمان.
ئۇرۇپ قۇم، بولمىدى كۆزنى ئېچىشقا،
تۇرۇشقا، يا قوپۇشقا يا مېڭىشقا.
ئۇرۇپ تۇرغاچ كۆزىگە بېھساپ قۇم،
يېتىشقا بولدى مەجبۇر ھەممىسى دۇم.
بوراننىڭ شىددىتى بارغانچە ئاشتى،
بۇ قۇم دەرياسى دولقۇنلىدى تاشتى.

يىمەك، ئىچمەك، ئېتى ــ بۇ ھەممىسى يوق،
ئەمەس يانا بۇلارنىڭ، قارنىمۇ توق.
پۈتۈن ياق قۇم بىلەن تولغان باياۋان،
بۇلارنىڭ ئۆزى شۇنداق خانەۋەيران.
ھەسەن دىدى ئېخىرى، بولمىدى ئىش،
كېلىپ قالدى بۇ كۈن زىت، بىزگە يازمىش.
تىرىشىپ ئەمدى بىز ئارتقا يانايلى،
كىشلەر بار جاھاندىن جاي تاپايلى.
يوقالدى ھەممە ئوزۇق، ھەممە ئىمكان،
قېلىپ قالدى ۋەھىمە ئاستىدا جان.
بۇلار بارى مۇشۇ پىكىرگە كېلىشتى،
كۆرەرمىز كەلگىنىن، يانىلى، دىيىشتى.
ھەسەن قىلدى قوپۇپ ئەتراپىنى مۆلچەر،
دىدى: "يىراق بىزدىن خەلق بار يەر،
كېلىشتە غەرپتىن شەرققە قاراپ بىز،
خېلى كۆپ يولنى باستۇق ناھايىتى تېز.
ئەگەر بىزلەر قاراپ ئارقىغا يانساق،
يېتەلمەيمىز پىيادە قانچە ماڭساق.
بالاغا ئۇچرىدۇق، كەلدى پەلەك كاج،
يوق ئات، بىز تەشنا ھەمدە قارنىمىز ئاچ.
ئۆزىمىز مۇشۇ قۇملۇقتا پىيادە،
قىيىنلىقلار بېشىمىزدا زىيادە.
يانا قاتتىق بوران قايتا چىقامدۇ؟
تېنىمىز مۇشۇ قۇملۇقتا قالامدۇ؟

مۇشۇنداق ئۆتتى دەھشەت قانچە سائەت،
كېلىپ قالدى ئۆلۈم لېۋىگە ناھايەت.
بۇ قورقۇنچ ئىچىدە رابىيە قىز،
پۈتۈنلەيلا بولۇپ كەتتى ئۇ ھۇشسىز،
ئۆتۈپ كەتتى خېلى ۋاقتلار مۇشۇنداغ،
سېلىپ بۇ ئىككى ئاشىق باغرىغا داغ.
نە داغ بەلكىم ئۆلۈم قورقۇنچىسىنى،
گويا، قۇمغا كۆمۈشتەك ھەر ئۇچىنى،
بارا-بارا بوران بىرئاز پەسەيدى،
بۇ قۇم دېڭىزىدا دولقۇنلار كەمەيدى.
ئۆتۈپ بىرقانچە ۋاقت تېچلاندى دۇنيا،
قۇم دۆۋىسىدىن ئىبارەت ئۇشبۇ دەريا.
بوران توختاپ پۈتۈنلەي بولدى تىمتاس،
كۆرۈڭلار بۇ بالانى ئەيىبھەنناس...
بۇلار رىنىڭ ئاتلىرى قاچقان يوقالغان،
بىلىپ بولمايدۇ قايسى ياققا ماڭغان؟
ئېتى ئۈستىدىكى سۇ ھەمدە ئوزۇق،
كۆمۈلگەن قۇمغا ھازىر بىرىمۇ يوق.
بوران ئوينى قىلىپ دۆك، دۆڭنى ئويمان،
پۈتۈن نەرسىنى كۆمگەن يا ئۇچۇرغان.
يوقالغان ھەممىسلا ئىز-دېرەكسىز،
بوران قالدۇرمىغان ھېچ نەرسىدىن ئىز.
بۇلار ئاستا بېشىنى كۆتىرىشتى،
يۈزىنى توپا-قۇمدىن ئېرتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىمە بار، نىمە يوق تەپتىش قىلايلى.
ھەسەن باردى ۋە كۆردى كەپە ئۆينى،
كەپىنىڭ ئىچىدە ئاق چاچ بوۋاينى.
بۇ يەركەن پەيزىئاۋاتنىڭ ئاياغى،
تۇتاشكەن بىر يېقى ئاقسۇغا داغى.
بوۋاي بۇ جايدا تۇرغان پادىچىكەن،
دىمەك ئەلدىن يىراق بىر چارۋىچىكەن.
ھەسەن پادىچىغا ئەيتتى ھەممە ھالنى،
ئىچۈك بىر ھال ئىچىدە قالغىنىنى.
بوران ئەجداسىنىڭ دەم تارتقىنىنى،
ئېتى ھەم نانىدىن ئايرىلغىنىنى.
بۇ ھالغا پادىچى بەكمۇ ئېچىندى،
دىدى، ئۇلارنى باشلاپ كەلگىل ئەمدى.
ھەسەن باردى، ئېلىپ كەلدى ئۇلارنى،
خازانغا ئۇچرىغان ياش غۇنچىلارنى.
پادىچى بەكمۇ قىزغىن قارشى ئالدى،
تېگىگە تېرەلەردىن كۆرپە سالدى.
قاراپ كۆردىكى ھالى بەكمۇ ۋەيران،
پۈتۈنلەي قۇم، توپا-چاڭغا مىلانغان.
ناھايەت تېز قۇدۇقتىن تارتتى سۇنى،
يۇيۇشتى بۇلار دەرھال يۈز-قولىنى.
مۇساپىرلارغا سالدى تېرە داسقان،
ئېلىپ كەلدى سۈت، نان، قېتىق-ئايران.
بۇلار ئازراق غىزا يەپ ئالدىلەر دەم،

ئۇنى ھېچ بىلگىلى بولمايدۇ ئاخىر،
بېشىمغا كەلدى شۇنداق پىكىر ھازىر.
ئۇزاقى يىلدا بىزلەر ئاۋغا چىققان،
شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ ئەتىراپلاردا بولغان.
كېيىن بۇرۇلۇپ مۇشۇ جايدىن شىمالغا،
يېرىم كۈنچە مېڭىپ يەتكەنتى مالغا.
شۇڭا بىز بۇ شىمال ياققا ماڭايلى،
ئىلاجى بار كىشى بار يەر تاپايلى.»

قىتئە

كىشى تۇغۇلدى كىشىدىن، كىشى بىلە كىشىدۇر،
كىشى بىلەن نىمە كارىم دېيىش سارالىڭ ئىشىدۇر.
كىشىنى قىلدى كىشىگە ئۈچ پەلەك چاقى،
ۋەگەر نە بىلكى كىشى ئۇ، كىشى قېرىندىشىدۇر.

بۇلار شۇ پىكىرگە كەلدى قوپۇشتى،
ئۆزىنى سىلكىشىپ قۇمنى قېقىشتى.
رابىيەنى يېتەكلەپ ئالدى سەئىدىن،
ھەسەن باشلاپ شىمالغا ماڭدى ئالدىن.
يېرىم كۈنچە بۇلار ماڭدى چاماسى،
كۆرۈندى قويچىنىڭ ۋەيران كاپاسى.
ھەسەن ئېيتتى: سىلەر توختاپ تۇرۇڭلار،
مۇشۇ جايدا بىرئازراق دەم ئېلىڭلار.
ئەۋۋەل بۇ جاينى بىر چارلاپ كۆرەيلى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## غەزەل

كەل، ئى دوستۇم، بىرئازغىنا توختا بۇندا،
ئاشىقلارنىڭ كۆزى ياشتا، باغرى قاندا.

ئىلھام كۆيى ھېچ جاراڭلاپ چىقمايدىكەن،
دىل شىشەسى غەم تېشىغا ئۇرۇلغاندا.

قانداق قىلىپ غۇنچە ياشناپ كۈلەلەيدۇ؟
گۈلنىڭ شېخى گۈلستاندىن يۇلۇنغاندا.

بولامدىكەن توختاتقىلى كۆزدىن ياشنى،
يۈرەكلىرىڭ قاتتىق دەرتتىن مۇجۇلغاندا.

قاراڭغۇ تۈن، دەھشەت دولقۇن، قاتتىق بوران،
قارا تۇمان يۇلتۇزمۇ يوق كۆك ئاسماندا.

قانداق قىلىپ ئۈزەلەيدۇ تەپەككۇرنىڭ
قېيىقچىسى خەۋپ-خەتەرگە يولۇققاندا.

بولۇپ ئاچتىن ئۆلۈشتىن خاتىرى جەم.
يىپەك كەيسە تېنى رەنجىيدىغان قىز،
ياداپ كەتكەن ئىدى ئۇ ناھايىتى تېز.
قىزىل گۈلدەك يۈزى، سەبدەدەك بولغان،
گۈزەل ئاھو كۆزىگە توپا تولغان.
گېچەك سۇمبۇل چېچى چۇۋۇق ۋە پاخماق،
توزان توپىدىن ۋۇجۇدى قالمىغان ساق.
ئەمەستى باشقىلارمۇ كەم بۇنىڭدىن،
بولۇپمۇ ئىدى سەئىدىن، بەكمۇ غەمكىن.

قەلەم باشىك كۆتەر، يېشىڭنى بەس قىل،
تۇتۇلدى بۇ بالادىن دىل بىلەن تىل.
نىمە ئانچە قورقۇنچلۇق بىر پالاكەت،
چۈشۈپتۇ ئۇستىگە قانداق ھالاكەت.
قىلار ئەمدى نىمە بۇ ئىككى ئاشىق،
پۈتۈنلەي بارلىغىدىن ئايرىلىغلىق.
بۇلار شۇ ھالدا، ئەمما يەنە جەزمەن،
بۇلارنى ئاختۇرۇپ يۈرمەكتە دۈشمەن.
قاراپ كۆر بۇلغا! قانداق ئېزىلدى؟
بۇنى ئويلاپ يۈرەك-باغرىم ئۈزۈلدى.
چىنەسى بۇ كۆڭۈلنىڭ پارە-پارە،
سادا چىقمايدۇ چەكسەڭمۇ، نە چارە؟
سەن ئال ئارام، توختاي مەنمۇ بىر دەم،
ئېزىلدۇق غەمنى كويلاپ سەنمۇ، مەن ھەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نە يەڭلىغ بىر ئاداۋەت قىلدى زاھىر.
بۇ دۈشمەنلىك ئېلىپ باردى قەيەرگە،
نىچۈك بىر ئاقىبەت بەردى ئۇلارگە؟
بۇ، داستاننىڭ كېيىنكى باپلىرىدىن،
ئۇقۇلغاي ئەكس ئېتىپ مەزمۇنلىرىدىن.
ئى ئىلھام، قوي بۇنى، مەقسەتىڭنى كۆچ،
بايان قىل كەلدى بۇلار نىمگە دۇچ:
پەلەك كاج تۈگمەيدۇ قانچە يازساڭ،
تەپەككۇر كاننى ھەرقانچە قازساڭ.
يۈزى ئاينا قارادۇر كۆرمىدىڭمۇ،
قويۇلغان دۈم ئىرۇر جام، بىلمىدىڭمۇ؟
تىلەش دۈم جامدىن ئىشرەتنىڭ مەيىنى،
نادانلىقنىڭ نىشانىدۇر بەئەينى.
دىمەك، رابىيە بىرلە زار سەئدىن،
تىلەپ ئىشرەت شارابىنى ئۇ جامدىن.
قىلىشتى قانچە تۈرلۈك چارە-تەدبىر،
كۆرۈشمىدى بۇنىڭدىن نەپئ ھىچبىر.
پەلەك سۇندى ئۇلارغا زەھر جامى،
ھاياتى كۈنلىرىنىڭ بولدى شامى.
قەلەم، كەل ئەمدى بولغىل قايتا ھەمرا،
دىۋالدۇق ئاز-تولا ئەپسۇس بىلەن ئاھ.
مۇرۇۋۋەتسىز پەلەكنى تىللىۋالدۇق،
ئىچىمىزنى بىرئازلا بوشتىۋالدۇق.
كۆچەيلى ئەمدى ئەسلى داستانغا،
يايايلى داستاننى بۇ جاھانغا.

## 26. دۈشمەن قولىدا

ئەجەپ ئالەم ئىرۇر بۇ كونا ئالەم،
سۇرەر ئۇندا هايات پەرزەندى ئادەم.
يەر-ئاسمان چۆگىلەپ تۇرغان ئىككى تاش،
كىشىلەر يەنجىلىپ ئۇن بولغۇچى ئاش.
دىمەك شۇنداق ئاجىز بىر نەرسە، ئىنسان،
يامانلىقتا ۋە لېكىن هەددىدىن ئاشقان.
ئۇلار بىر بىرىگە زىتتۇر هەمىشە،
ئاداۋەت دەرىخىدىن دىلدا رىشە.
بۇلاردۇر بىر تەيىئەتتىن تۆرەلگەن،
تۇغۇلغان، ياشىغان بىر دەۋر ۋە ئۆلگەن.
تۇغۇلۇشتا، ئۆلۈشتە هەممىسى تەڭ،
لېكىن شۇ قىسقا ۋاقىتتا، قىلىشىپ جەڭ،
بولۇپ دۈشمەن ياشايدۇ بىر بىرىگە،
بىرى هىچ رەهم قىلمايدۇ بىرىگە.
لېكىن چىقمايدۇ بۇ ئىشتىن نەتىجە،
يانا قىلىدۇ بۇنى جىنىنىڭ بىرىچە.
قايانغا كەتتى بۇ دوستلۇق تەبىئەت،
يوقالدى نە ئۇچۇن مېهرى-مۇهەببەت.
قاراڭلار مانا بۇ سەئىدىنگە جابىر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇساپىرلىرىمىز ئۆزى قاتتىق ھېرىققاچ،
يانا قالغانلىقىدىن تەشنا ھەم ئاچ.
تاماق يەپ، سۇ ئىچىپ تاپقاندا ئارام،
قورۇلغانكەن ئۇلارغا ئۇيقۇدىن دام.
ئۇلار بۇ ئۇيقۇدىن ئويغانمىدىلەر،
كېلىپ قالغاندا دۈشمەن تۇيمىدىلەر.
بۇ كەلگەن دوغىلار ئوبدان كېكەشتى،
ئېتىنىڭ چۇلۋىرىدىن بىرنى يەشتى.
مېڭىپ ئاستاغىنا ئۆيگە كىرىشتى،
ھەسەن سەئىدنىگە ئىككىسى يېپىشتى.
ئۇلار ئاچقاندا غەپلەت ئۇيقۇدىن كۆز،
قولى باغلانغان ئىدى، تۈگىگەن سۆز.
بىكار ئېيتماپتىكەن ئەل "ھەي ئاكانى —
قولى باغلانسا بارلىق گەپ بىكا"نى.
ھەسەن، سەئىدىن دىيىشىپ قالدى ھەتتاڭ،
پەرىزاتمۇ بۇنىڭدىن قالدى ھاڭ-تاڭ.
بۇلارنىڭ ھېچبىرى، رابىيە قىزمۇ
دېمىدى سۆز بۇلارغا بىر ئېغىزمۇ.
كەلگەنلەر خوشال بولۇپ ئولجىسىدىن،
ئۈزۈشمەي كۆزنى گۈلنىڭ غۇنچىسىدىن.
كەپىنىڭ ئىگىسى پادىچىنى كۆتمەي،
ئاشقلارنىڭ خاراپ ھالىغا يەتمەي،
رابىيە قىزنى بىر ئاتقا چىڭ تاڭدى،
ئىكەيلەننى سېلىپ ئالدىغا، ماڭدى.

بىلۇرسىزكىم ئۇشۇلكۈن توي بۇزۇلدى،
رابىيە جابىر ئىلكىدىن ئېلىندى.
ياقۇپ باي ئۆيىدە بولدى قىيامەت،
مالامەت ئۇستىگە بولدى مالامەت.
جابىر بەگ بار كۈچىنى ئىشقا سالدى،
ئۇنىڭ ئادەملىرى ھەر يان تارالدى.
بېرىپ ھەر ياققا ھەركىمدىن سوراشتى،
گۇمان قىلغان پۈتۈن يېرىنى قاراشتى.
تېنىتىپ ھەممە ياقنى تاپمىغاچ ئۇل،
كىشىلەر تۇتتى چۆللۈك ياقىغا يول.
بۇلار ھەر كاپا ۋە دۆڭلۈككە قاراشتى،
ئوتانچى، قويچى، ئاۋچىدىن سوراشتى.
ھىلىقى كاپاغە كەلدىلەر ئاخىر،
ياتاتتى ئۇندا بەختىسىز ئۈچ مۇساپىر.
بۇ ئىستەپ يۈرگۈچى كەلگەن زاماندا،
پادىچى يوقتى كاپا يا قوتاندا.
كېتىپ قالغانتى ئۇ قويىنى كۈزىتىپ،
مۇساپىرلارنى كەتكەن ئۇيقۇ تارتىپ.
ئۇلار ئاستا كېلىپ كەپىگە قاراشتى،
يوچۇقلاردىن تازا ئوبدان ماراشتى.
تونۇشتى ئۆيدە ياتقان ئۈچ كىشىنى،
قاراڭلار بۇ پەلەكنىڭ گەردىشىنى.
تونۇتۇپ قويدى دۈشمەنلەرگە ئاخىر،
بۇنىڭغا بار مانا ئەمدى نە تەدبىر؟

www.uyghurkitap.com

كېتىپ باردۇ مانا بۇ ئۈچ بىچارە،
ئۆزى تۇتقۇن، قولى بەنت بىر بىچارە...

## غەزەل

تۈگىمەيدۇ بۇلار دەردى مىڭىدىن بىرىنى ئەيتسام،
بەتلەرگە يېزىپ قۇرلار، قايغۇ سۆزىنى تىزسام.

بولغاي بۇ يېشىل تاقتا، مىڭلارچە تۆشۈك پەيدا،
بىچارە ئاشىقلارنىڭ ئاھى ئوقىنى ئاتسام.

ئالەمنى مۇھەببەتنىڭ ھىجران تۇتۇنى قاپلار،
بۇ سۆيگۈ ئەسىرلىرىنىڭ دىل قاپقاقىنى ئاچسام.

غۇنچە كەبى كۆڭلۈمنىڭ، قات-قاتى تۈگۈنلاردۇر،
داستاننى يازايىن دەپ پىكرىم كېنىنى قازسام.

ئاتماڭلار مالامەتتىن، تاشلارنى ماڭا ھەرگىز،
تەتۈر بۇ پەلەككە مەن، تەئنە تېشىنى ئاتسام.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كەلدى بۇلارنى ئالتە دوغا.
كۆرۈپ دۈشمەنلىرىن ئۆزىنىڭ ئەسىرى،
ئېشىپ كەتتى ئۇنىڭ كىبرى، غۇرۇرى.
بولۇۋېدى دىمەكچى بۇلىغا سۆز،
غەزەپ بىرلە يانا بىر كۆرسىتىپ ئۆز.
كۆزى چۈشتى تۇرۇپتۇ رابىيە قىز.
چۇۋۇق چاچ، يۈزىدە چاك، ئۆزى ئاجىز.
بۇلارغا زەھر چاچماقنى ئۇنۇتتى،
تەكەببۇرلۇق قاراشلە كۆز يۈگۈرتتى.
دىدى جابىر قىلىپ غەزەپنى ئىزھار،
بۇ "ئوغرىلار"نى-يامۇلغا ئېلىپ بار.
مېنى دىدى دەپ، دىگىل پاششەپ بېگىمگە،
بۇنى كۆرسەتمىسۇن ئۇ، ھېچكىمگە.
تاقاق بوينىغا سالسۇن پۇتقا گۇندا،
قولىغا كويزا، ئۆلسۇن شۇ ئورۇندا.
يېنىپ رابىيە بار ياققا ئۆرۈلدى،
مۇلايىملاشتى ھال سورىماق بولدى.
لېكىن رابىيە ھەرگىز ئاچمىدى كۆز،
جاۋابەن قىلمىدى ئۇ، بىر ئېغىز سۆز.
نەكىم بۇ ھالدا سۆزدىن پايدا يوقتى،
ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلى بۇزۇقتى.
بۇيرۇدى مەپىنى تېز ئەكىلىشتى،
ئۇنى مەجبۇرى مەپىگە سېلىشتى.
ياقۇپ باينىڭ ئۆيىگە يولغا سالدى،
ئۆزى ئاتلاندى ۋە يامۇلغا ماڭدى.

# 27. گوٗندىخانا ۋە جابىر سوئالىغا سەئىدىنىڭ جاۋابى

راۋايەت قىلىدۇ شۇ خىلدا راۋى،
يۈرەكتە داغى ھەسرەتنىڭ ئازاۋى.
كېلىپ دۈشمەن بۇلارنى باغلاپ ئالدى،
ئىلاجىسىز قالدۇرۇپ ئالدىغا سالدى.
ئېلىپ ماڭدى ئۇلارنى يۇرتقا ھەيدەپ،
مېڭىشقا زورلىدى تېز ماڭ! يۈگۈر! دەپ.
نىمىشقا كەلمىدى تەلەيلىرى ئوڭ،
ئۇ بوران چىقمىدى نېچۈن بىرئاز سوڭ؟
نېچۈن كەلگەندە دۈشمەن قالدى ئۇخلاپ،
نېچۈن پادىچى كېتىپتۇ قويىنى يوخلاپ؟
يېغىلدى بۇلار ئاسانلا مۇشۇنداغ،
قېلىپ قالدى دىلىدا بىھىساپ داغ؟
جاۋاپسىزلىق، سوراقلارنىڭ جاۋابى،
ئېچىپتۇركىم كېلۇر ئىشنىڭ نىقابى.
كېلەيلى يانا بىز بۇ داستانغا،
بېرىپ يېنىڭ ئۇچىنى قىسسەخانغا.
ئۇ جابىر يۇرتمۇ-يۇرت ئارىلاپ چاپاتتى،
بۇ قاچقۇنلارنى ئىزدەپ ئاختۇراتتى.
يۈرگەندە كۆتىرىپ يۇرت ئىچرە غەۋغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىمە بۇ تارشا؟ ئۇ كالتەك، يا قالداق،
قىلىشقان ئۇرغىلى كىشىلەرنى شۇنداق.
يەراقراقتا بۇلاردىن كۆپ جامائەت
تۇرۇشاتتى قىلىپ ئامبالغا دىققەت.
قاراپ تۇۋچىغا ئامبال قىلدى پەرمان،
دىدى تۇۋچى ئۇنى شىجاڭغا شۇئان.
ئۇ بۇيرۇق بەردى دەرھال يايىلەرگە،
ئېلىپ كېلىندى سەئدىن تېز بۇ يەرگە.
قولىدا كويزا زەنجىر، پۇتتا گۇندا،
تاقاق دەيدۇ يوغان بىر شال بويۇندا.
ئۇنى زەنجىر بىلەن يايى يېتىلەپ
كېلىپ تۇرغۇزدى سەھنىدە ئەتەيلەپ.
ئۆسۈپ چاچى ئۇنىڭ مۈرەگە چۈشكەن،
چىرايى سارغىيىپ، گۈل رەڭگى ئۆچكەن.
ۋە لېكىن يانا مەردانە ۋە غەييۇر،
بىپەرۋا بېشى ئۈستۈن ھەمدە مەغرۇر.
ئۇ گۇندىخانىدىن چىققان چېغىدا،
قاراپ ئەتراپقا كۆزىنىڭ قۇيرىغىدا،
ئاتاسىنى بۇلار ئاراسىدا كۆردى،
ئۇنىڭغا بىر قاراپ باغرى ئېزىلدى.
تۆكۈلمەكچىتى ياش يامغۇر كۆزىدىن،
يېقىن ئەردىكى ئۇ كەتكەي ئۆزىدىن.
ئۇ جابىرنى كۆرۈپ قالدى ئۇ ياقتا،
تۇراتتى گېدىيىپ مەغرۇر سىياقتا.

قۇرۇپ قەشقەردە باغۇ، گۇل ـ گۇلستان،
تۆگەپ ياز ئورتالاشقانتى زىمىستان.
جاھاننى قاپلىغان كافۇرسىمان قار،
سوغاق ئۆزىنىڭ كۈچىنى قىلغان ئىزھار.
كېتىپ بۇلبۇل يېتىپ كەلگەنتى قارغا،
قاقىلدايتتى بىكاردىنلا ـ بىكارغا.
چىقاتتى ئىزغىرىنلىق جۇت ـ شىۋىرغان،
ھاۋا ئىسلىق تۇتەكلەر بىرلە تولغان.
گېدىيىپ تۇرىدۇ قار ئىچرە يامۇل،
ھومىيىپ، ساڭا مەن دەپ ھۆكۈمران، ئۇل.
ئېتىلدى پو، ئېچىلدى كاتتا داتاڭ،
بولاتتى ئەپتىدىن داتاڭدا گوتاڭ①.
چېلىندى داڭ، دىدى "شا"، يايى دەرھال،
چېكىپ غاڭزا، كىيىپ ماگازا ئامبال.
چىقىپ كەلدى ئۇ ئاستا بۇلار سارى،
بېشىدىن كەتمىگەن ئەپيۇن خۇمارى.
قولىدا غاڭزا ئاستا ـ ئاستا دەگسەپ،
ئۆزۈن ماگازىسىنىڭ پېشىگە دەسسەپ.
چىقىپ ئولتۇردى ئۈستەل ـ جوزىسىدا،
تۇردى شجاڭ، يايىلا چۆرىسىدە.
كېلىپ ئولتۇردى ئامبال، دىدىلەر "شا"،
تۆكۈلدى ئورتاغا بىرمۇنچە تارشا.

---

① گوتاڭ ــ سوراق.

www.uyghurkitap.com

ئاتا ـ نا رازىلىقىنى ئالۇرلەر،
ئاساس دەپ قىز رىزاسىنى قىلۇرلەر.
نەكىم بىزدە ئوغۇل ـ قىز توي قىلىشماق،
ئىرۇر شەرت بۇلىنىڭ قوبۇلىلە بولماق.
دىدى ئامبال، قويۇپتۇر بۇ سۆزۈڭنى،
نىچۈك سوقتۇڭ خەق ئۆيىگە ئۆزۈڭنى؟
نىمىشقا كىشىنىڭ قىزىنى بۇزدۇڭ؟
نىمىشقا سەن قېچىش يولىنى تۇتتۇڭ؟
دىدى: خەقنىڭ ئۆيىگە كىرمىدىم مەن،
ھىچقانداق يامان ئىشنى قىلمىدىم مەن.
بىز ئىككىمىز ئىدۇق ئاشىق ۋە مەشۇق،
بۇ چىن ئىشقدىن بۆلەك ھىچ ئەيىپىمىز يوق.
ئاتاسىغا ئېيتتۇق رەسمىي ئەلچى،
قىلىپ رەت، بولدى جابىرغا بېرۇچى.
ئۆتۈندى ئاتاسىدىن قايتىلاپ قىز،
بۇنىڭغا مەن ئەمەسمەن رازى ھەرگىز.
قوبۇل قىلماي ئاتاسى بەردى ئازار،
جاھان بولدى بۇ قىزنىڭ كۆزىگە تار.
مېنىڭدىن سورىدى ياردەم ناھايەت،
ئېلىپ كەتتىم مانا، ئۇ بىر ھەقىقەت.
دىدى ئامبال، بۇ گەپلەر ھەممە بىكار،
ئۆزۈڭ "پەنىرىن"، تولا "پەنىزۈي"لىرىڭ بار.
قاراپ يايىلىرىغا دىدى: "ياچى"
"دارىن دەيدۇ قاماڭلا"، دىدى تۇڭچى.

ئۇنى كۆردى غەزەپتىن بولدى بىر ئوت،
ئۆزىنى تۇتتى مەغرۇر ھەمدە مەزمۇت.
سۆرەپ گۇندىنى مەردانە يىگىتتەك،
كۆرۈندى كۆزىگە جابىر بىر ئىتتەك.
مانا ئەمدى باشلىدى ئامبال سوراقنى،
پۈتۈن داتاڭ ئۇڭا سالدى قۇلاقنى.
سوردى ئۇ سۆزىنى يۈزىنى تۇرۇپ،
سۆزىنى ئىككى تۇڭچى تۇردى ئۆرۈپ.
دىدى: قىلدىڭ بۇ ئىشنى سەن نىمىشقا؟
دىدى: مەجبۇر قىلىشتىلەر قىلىشقا.
دىدى: قانداق قىلىپ مەجبۇر قىلىشتى؟
دىدى: يارنىڭ يېنىدىن قوغلۇشۇشتى.
دىدى: بۇ قىز سېنىڭ بولغان ئەمەسقۇ؟
دىدى: بىزلەر پۈتۈشكەن ئاشۇ بەسقۇ.
دىدى: رازى ئەمەس تۇرسا ئاتاسى؟
دىدى: قىزدا، رىزالىقنىڭ ئاساسى.
دىدى: بۇ ئويلىرىڭ بەكمۇ خاتادۇر،
رازىلىقنىڭ ئاساسى ئۇ ئاتادۇر.
دىدى: ئۇنداق ئەمەس كۆرگىل نىكاھنى،
نىكاھ قىلىشامدۇ قىزنى يا ئاتانى.
قوبۇل قىللامۇ دەپ قىزدىن سورايدۇ،
دىمەك قىزنىڭ قوبۇلىغا قارايدۇ.
قوبۇل قىللامۇ دەپ ئاتادىن سورامدۇ،
ئاتاسىنىڭ قوبۇلىغا قارامدۇ؟

ئېرىپ شۇ بوتەدە تازىلانمىغۇنچە،
ئىشقىنىڭ سىرلىرىنى ئۇ چۈشەنمەس،
نەدۇر ئىشق بىرلە ئاشىق، ئۇنى بىلمەس.
ئۆزۈڭ كىم ئىشقىنىڭ ئەھلى ئەمەسسەن،
يامان نەپسىنىڭ ئۈمىدىنى تىلەيسەن.
ئىرۇرسەن نەپس ھايۋانى ئەسىرى،
دىلىڭغا تاشلىماس ئەكس ئىشق سىررى.
ئىشق نىمە دەپ مېنىڭدىن سورىما ھەرگىز،
جاۋاپ بېرىدۇ بۇنىڭغا رابىيە قىز.
نىمىشقا ئۇ شىرىن جاندىن زېرىكتى؟
نىچۈن ئۆيدىن ئاتا-ئانادىنمۇ كەچتى؟
نىچۈن ئۇ شۇنچە كۆپ دەرتلەرنى تارتتى؟
ئازايماي ئىشق ئوتى بارغانچە ئارتتى؟
نىمىشقا قويدى سەئدىنگە كۆڭۈلنى؟
نىچۈن بەرمىدى ئۇ جابىرغا دىلنى؟
بىلىپ قويغىنكى، ئىشق مەناسى شۇدۇر،
شۇلار ئىشقنى ساڭا ئوبدان تونىتۇر.
بۇنى جابىر ئىشىتىپ بولدى ھاڭ-تاڭ،
چېكىندى ئارتقا، قالدى ئاغزى ھاللاڭ.
مۇشۇنداق سۆزنى سەئدىن قىلدى مەغرۇر،
يېڭىلدى، بولدى ئۇ قايتىشقا مەجبۇر.
تۇرۇپ تۇرغاي مۇشۇ ئەھۋالدا سەئدىن،
بىز ئەمدى ھال سورايلى رابىيەدىن.

ئۇنى تاپشۇردى يايى گۈندىپايغا،
كىشى يەرگىمنىدىغان پاسكىنا جايغا.
تاقاق، گۈندا، ئىشكەل، كويزا بىلەن شال
سېلىندى، كۆردى سەئىدىن مۇشۇ ئەھۋال.
ئاشىق ئوغلان شۇلار ئاستىدا قالدى،
تاقاق بوينىغا، پۇتقا گۈندا سالدى.
تاقاقنىڭ ئۈستىگە كەيدۈردى شالنى،
سېلىشتى گۈندا ئۈستىگە ئىشكەلنى.
كىچىك بىر كويزىنى سالدى قولىغا،
ئۇنى باغلاشتى يامۇلنىڭ يولىغا.
بۇلارنىڭ بارلىقىنى قىلدى جابىر،
بىلىپ قالسۇن كۈچۈمنى دەپلا بىر-بىر.
شۇ چاغ جابىر كېلىپ سەئىدىن يېنىغا،
دىدى بىر نەرسە يايى قۇلىقىغا.
سوئال سورىدى ئۇ سەئىدىندىن مۇشۇنداغ،
جاۋابى بولدى سەئىدىننىڭكى مۇنداق.
دىدى: ئىشق دەيدىكەنسەن، نە دىگەن سۆز؟
دىدى: بىلمەس بۇ يولغا كىرمىسە ئۆز.
ئىشق بىر ئوت ئىرۇركىم ئۇ تۇتۇنسىز،
ئاشىققا يوق ئارام ھەرگىز ئۇنىڭسىز.
كىشى تا بولمىسا ئىشق مۇپتالاسى،
دىلىغا چۈشمىسە، ھىجران ياراسى.
ئىشقىنىڭ بوتەسىدە① كۆيمىگۈنچە،

① بوتە—ئالتۇن ئېرىتىدىغان قاچا.

كېتەيلى بىز، داۋالاتسۇن قىزنى،
مالامەت قىلىشىپ ئۆز ئۆزىنى.
مۇھەببەت دەردىنىڭ بارمۇ داۋاسى،
بىلەمتى بۇنى رابىيەنىڭ ئاناسى.

## غەزەل

ئەقلىنىڭ بۇلبۇلى ئۇچراتمىدى ئىشقتەك گۈلستاننى،
بولەك ھېچبىر گۈلستان، ئاچمىدى بۇ خىلدا رەيھاننى.

لېكىن شۇ نەرسىگە ئەپسۇس ئىرۇركىم بۇ گۈلستاندا،
چىن ئاشىق سۈرمىدى ھەرگىز، خوشال بىرلەھزە دەۋراننى.

ئاجايىپ بىر گۈلستانكىم، گۈلنىڭ ھىدلىرى ئەيلەر،
تۈزەلمەس ھالدا بىخۇت، ئاشىقى-بۇلبۇل خوش ئەلھاننى.

بۇ گۈلزارنىڭ تاماشاچىلىرى ئۇچرار ئەجەپ دەرتكە،
پەلەكمۇ يانچۇغىدا قويمىغان بۇ دەرتكە دەرماننى.

رابىيە شۇ گۈلستاندا مۇشۇ دەرتكە دۇچار بولدى،
كېسەل بولدى كۆرەلمەي لەھزەمۇ گۈلزارى ئارماننى.

داۋانى ئىستىگەنلەردۇر خەۋەرسىز مۇشۇ ئەسراردىن،
تاپالمايدۇ داۋا دەرتكە، ئەگەرچە تاپسا لوقماننى.

قاچانكىم بولارنى كەپىدە تۇتۇشتى،
ھەسەن، سەئىدىنى مەھكەم باغلىشىشتى.
رابىيەنى ئۆيىگە ئاپىرىشتى،
ئاتا-نا يىغلىشىپ قارشى ئېلىشتى.
مەيدىنى ئېلىپ چۇشۇرۇشتى پەسكە،
كىرىشتى ئېلىشىپ ئالتۇن قەپەسكە.
ئەگەر ئالسىتى جاي تەكلىماكاندىن،
ئۇئا كۆپ ياخشىراقتى بۇ خانىدانىدىن.
پەلەك ئايلاندى تەتۇر، پۇتتى چارە،
ئىسسىتما تۇتتى، ئافرىدى بىچارە.
كېسەللىك ياستۇقىدىن ئالدى ئۇ جاي،
بولۇت ئاستىدا قالغاندەك تولۇن ئاي.
قاراڭغۇ كېچىگە ئايلاندى كۈندۈز،
گويا ئاھ ئۇچقۇنىدىن ئىدى يۇلتۇز.
ئۇرغانچە جۇش كۆڭلىدە مۇھەببەت،
بەختسىز تەلىيىگە دەيتتى لەنەت.
كېسەل بارغانسېرى ئارتتى، كۈچايدى،
كۆز ئالدىدا يورۇق دۇنيا قارايدى.
سوئالغا كىشىنىڭ ئاچمىدى تىل،
بولۇپ قالدى ئۆزى، چىندىنلا بىر خىل.
تىلىنى باغلىدى، يۇمدى كۆزىنى،
جاۋاپسىز قويدى سورىغانلار سۆزىنى.
ئاتا-ئانىسى بۇنىڭدىن چۆمدى غەمگە،
نەچارە ئۆزلىرى تاپقان ئەلەمگە.

www.uyghurkitap.com

ئىدى قەشقەرنىڭ ئەھۋالى شۇ چاغدا،
نەقۇم داۋزا، تۆشۈك داۋزا، ياۋاغدا،
بۇ جايلاردا ئەمەس تۆرت داۋزا مەۋجۇت،
بۇلاق بېشىدا راۋاقتا بار ئىدى بۇت.
شەھەرنىڭ دائىرىسى ئىدى شۇ چاغ،
كى زەيكەش توققۇزاق داۋزا ۋە ياۋاغ.
شەھەرنىڭ چوڭلىغى ئەردى مۇشۇلا،
بۇلاقنىڭ سۈيىدىن توشۇلاتتى سۇلار.
ئىدى بار ئىككىلا دەرۋازا ئۇندا،
بىرسى توققۇزاق دەرۋازىسىندا.
يانا بىرسى قاراقى داۋزاسىدۇر،
ئىدى قەشقەر، مانا ئۇ شۇنچىلىك زور.
زوھورىدىن پىلان تۈزدى سېپىلگە،
سېپىل سوقۇلۇر ئورۇنغا سىزدى بەلگە.
رىۋايەت قىلىدۇ شۇ خىلدا راۋى،
تارتىلغاندا سېپىل ئىزىنىڭ تاناۋى.
سىزىپ تاشقاقى شەھەرنىڭ سىزماسىنى،
شەھەر ئىچى قىلدى ۋاڭلار گۇمبىزىنى.
قازى كالان شۇ ۋاقتىدا دەپتىمىشكەن،
مازارنى شەھەرگە ئالغان، قانداق ئىشكەن؟
بۇ تۇرپانلىقتا ئۆز تۇرغىنى يەتمەي،
ئۆز ئىنىڭ سىققىنىغا شۈكرى ئەتمەي،
بولۇپتۇرمۇ ئېلىپ ئەمدى كىرەرگە،
ئۆلۈكلەرنى مازار تىكلەپ شەھەرگە.

## 28. يېڭى سېپىل پىلانى

ئاجايىپ! ھەركىمكى، ھۆكۈمراندۇر،
قاچان بولسا ئۇنىڭ ھۆكمى راۋاندۇر.
پەلەك بولدى زوھورىدىنغا ياۋەر،
يانا بولدى ئۇنىڭ تەختگاھى قەشقەر.
نەكىم قەشقەر سېپىلى كونا بولغاچ،
شورىداپ، ئۇۋۇلۇپ پەسلەپ يىقىلغاچ،
يېڭىپ ئىسيانچىلار ئاسان بولارنى،
ئېلىشقانتى ئىگەللەپ بۇ شەھەرنى.
شۇڭا ئۇ، بىر سېپىل سوقماقچى بولدى،
يۇقۇرىغا يېزىپ مەلۇممۇ قىلدى.
كۆرۈپ يازغانلىرىنى ۋاڭ خوجاملار،
دىدى "جۇن"لە قىلىشىپ بارىكاللا.

خەلق سۆزىدىن قىستە

چىراق ئۆچسە نىمە كارى بورانىنىڭ،
يىگىت ئۆلسە نە پەرۋاسى جۇۋانىنىڭ.
ئۆزىنىڭ تاجى تەختى بولسا بولدى،
كىشى ئۆلسە قىلى تەۋرەمدۇ خانىنىڭ؟

www.uyghurkitap.com

يەشمىسى:

964 قىزىل تىل قىلۇر قىسقا ياشلىق سېنى،
تىلەسەڭ ئېسەنلىكنى، چىڭ تۇت ئۇنى،
965 نىمەدەر ئىشتىكىن ئۆزىن يىققان ئەر،
ئېسەن-تېچ ياشايدۇ ئۆزىن باسقان ئەر.
966 قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر،
يىدى قانچە باشنى، يەنە ھەم يىيۇر.
967 بېشىڭنى تىلەسەڭ تىلىڭنى كۆزەت،
تىلىڭ ھەر كۈندە بېشىڭنى يونۇر.

سېپىلنىڭ تۈزۈلۈپ چىقتى پىلانى،
يايى، دوغىلارنىڭ كەلدى زامانى.
بۇ ھەقتە ھەممىگە چىقىرىلدى پەرمان،
يىغىلسۇن دەپ كىشىلەر ئىشقا شۇئان.
پۈتۈن قەشقەرغە تەۋە بەگ بىگاتلا،
ئۇلار تارقاتتى بۇ پەرماننى پاتلا.
نەكىم ئالۋاڭ سېلىپ ھەيدەيتى ئەلنى،
ئۇرۇپ-تىللاپ، تېرىپ يۇرتقا جىدەلنى،
ھاشار دەپ خەلقنى ھەيدەپ ئېلىشىپ،
ھىساۋىغا ھاشارنىڭ پۇل ئېلىشىپ.
قىلاتتى كۆپلىگەن بايلىقنى ھاسىل،
ناھەقچىلىق ئۆتەتتى كۆپ ئەلھاسىل.
سېپىل ئورنى قىلىپ تارتىلدى شوينا،
تۆشۈك داۋزاسىدىن باشلاندى ئاينا.

زوهورىدىن هاكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،
سېپىل سىزىقىنى باشقىچىرەك پىلانلاپ،
قويۇپ سىرتىدا ۋاڭلار گۇمبىزىنى،
شىمالىي ياققا تارتىپ شەھەر ئىزىنى،
سېپىل ئورنى قىلىپ قازى بېغىنى،
قارىتىپ قازىغا شاھلىق تىغىنى،
قازى كالان بېغىنىڭ ئورتاسىدىن،
سېپىلگە بەلگىلەپتۇ جاي يېڭىدىن.
ئىرۇر سۆزنىڭ زىيانى مانا شۇنداغ،
بۇ ئىش قازى دىلىدا قويدى بىر داغ.
چىرايلىق باغچىسىدىن بولدى مەھرۇم،
بولۇپ قالدى ئۆزى، بىچارە مەزلۇم.
ئۇنىڭغا ئىلتىپات، شاھدىن يوقالدى،
خېلى بىر ۋاقت سۇنۇق ئەھۋالدا قالدى.
كېرەك بىلمەك نە ئەيتىلغان بۇ ھەقتە،
بۇيۇك مىراس «قۇتادغۇبىلىك»تە:

964 قىزىل تىل قىلۇر قىسغا ياشلىغ سېنى،
ئەسەنلىك تىلەسە قاتىغ با ئانى،
965 نەگۈ تەر ئەشتىگىل ئۆزىن قىسغان ئەر،
ئەسەن تىرلۇر ئىنچىن ئۆزىن باسغان ئەر،
966 قارا باش ياغىسى، قىزىل تىل تۇرۇر،
نەچە باش يېدى بۇ تاقى ما يېيۇر،
967 باشىڭنى تىلەسە تىلىڭنى كۈزەز،
تىلىڭ تەگمە كۈندە باشىڭنى يانۇر،

www.uyghurkitap.com

## رۇبائىي

خەلقلەركى ئاساسى دۆلەت، ئۇلدۇر،
دەۋلەت دەرىخى شىخىغا كۈچلۈك غولدۇر.
نەچارەكى بۇ ئاساسى قۇۋۋەت، ئەمما،
شاھلار ئۈچۈن ھوقۇقى يوق بىر قۇلدۇر.

قويۇپ بىز ئەمدى تارىخى باياننى،
يانا باشلايلى، ئىشقى داستاننى.

بۇ شوينا تا تۆشۈك دەرۋازىسىدىن،
ھازىرقى بانكىنىڭ ئالدى يېنىدىن،
كى تا قۇم داۋزا پوچتىخانىسىغا،
سوزۇلۇپ يۇمۇلاق شەھەرنىڭ قېشىغا،
ئۇ جايدىن نوربېشى قېشىغا كېلەتتى،
چىن باغ ئالدىدىن سوزۇلۇپ ئۆتەتتى.
شۇ ماڭغانچە ئۆتۈپ يارباغ يېنىدىن،
قويۇپ بىر داۋزانى بۇ جايغا ئاندىن،
ئۆتەتتى ئۇ بۇلاق باشنى يانداپ،
تۇتاشتۇراتتى تۆشۈك داۋزىغا ئۇلاپ.
سېپىلنىڭ ئورنى شۇنداق بولدى تەييار،
تېگىشلىك جايلىدا باشلاشتىلەر جار.
ئەۋەتىلدى پۈتۈن يۇرتلارغا پەرمان،
يېزىلدى ناھىيە بازارغا ئېلان.
بۆلۈپ بېرىشتى ھەر بىر يۇرتقا چامنى،
سوقۇشقا باشلىدى بۇ كاتتا تامنى.
دىمەك بىرنەچچە كۈنلەرنىڭ ئىچىدە،
يىغىلىشىپ كىشىلەر ئۆز رېتىدە.
ئورۇنلاشتى كېلىپ كىشىلەر يېرىگە،
تونۇتۇپ چاملىرىنى بىر بىرىگە،
ئۇۋۇسى چۇۋۇۋۇېتىلگەن چۇمۇلىدەك،
قىلىشقا باشلىدى پۇقرالار ئەمگەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇ جەڭدە سىپىلنىڭ يوقلۇغىدىن،
قەدىم قەشقەر سىپىلىنىڭ بوشلۇغىدىن،
يېڭىلگەنلىكىنى ئەيلەپ باھانە،
سىپىل ياسىماقنى ئۇ قىلدى نىشانە.
ئۇنى قىلدى ئىسكەندەر ۋاقىغا مەلۇم،
دىدى ئۇ: "بولىدۇ، قىل، مانا ئۇقتۇم."
سىپىل ياسىغاندا قانداق جەبىر بولغاي،
خەلققە قانچىلىك زۇلۇملار قىلىنغاي،
چۈشەر ئەل باشىغا قانداق مۇشەققەت،
چېكەر خەلقلەر نىچۈكرەك دەرت-كۈلپەت.
بۇنىڭ بىرلە ھىساپلاشقۇچى كىم يوق،
"خوجام قۇلدىن خەبەرسىز، قوسقى توق"
زوھورىدىن بۇ بىر تەستىقنى ئالغاچ،
تەلەپكار بۇ سىپىل ياسىماققا بولغاچ،
بۇيرۇق قىلدى خەلقنى قوزغۇتۇشنى،
جاكا قىلدى مۇشۇ سىپىل سوقۇشنى.
ناھايەت چىڭ ئىغىر بۇيرۇق بېرىلگەن،
بۇ ئىلان نامىدا شۇنداق دىيىلگەن:
كى ھەر بىر ئۇن كىشىدىن بىر كىشى ئۇ،
ئەر بولسۇن ئايرىماستىن يا چىشى ئۇ،
قاراپ جان سانىغا چىقىدۇ ھاشاغا،
قىلىشقا ھەققى يوق ھىچكىمنىڭ ئاغا.
ئەگەردە كىمدە-كىم ئۆتكەزسە سۇسلۇق،
ۋە يا كۆرسەتسە بۇ ئىشتا ھورۇنلۇق،

## 29. سىپىل هاشىرى

سۇلتان خوجام سورايدۇ،
سىپىل سوققانلار نەلىك؟
بىز نىمە گۇنا قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.
—— قەشقەر سىپىلىنى سوققانلار ناخشىسى.

تېرىپ سۆز خىرمىنىدىن دانىلەرنى،
رىۋايەت قىلغۇچى ئەپسانىلەرنى،
بۇ كۈن ئەپسانىلار سۆزلەشنى تاشلاپ،
دىمەكچى يۇرتتا ئۆتكەن ئىشنى باشلاپ.
ئۆتۈپتۇ بۇ جاھاننىڭ كارى شۇنداق،
يا ئۇنداق بولسۇن ئۇ، يا بولسا مۇنداق.
گادا‌ي بولسۇن ۋە ياكى بولسۇن ئۇ شاھ،
بولۇر شۇ خىلدا مەقسەت ئۇڭا ھەمرا.
گاداي بىر كۈلبىئە ۋەيرانە تۈزگەي،
ئەگەر شاھ بولسا قەسر كاشانە تۈزگەي.
ۋە ياكى ئەڭ بۈيۈك شەھەرلەرنى قۇرغاي،
شەھەرلەرنى ۋە يا ۋەيرانە قىلغاي.
زوھورىدىنمۇ بۇندىن قالمدى سىرت،
خەلق قوزغىلىڭىدىن بولغاندا بىتچىت.

بۇزۇلدى شۇ بىلەن قەشقەر ھاۋاسى،
چىقىشقا باشلىدى زۇلۇم ساداسى.
چېقىن چاقناپ بولۇپ كەتتى كۆكۈلسىز،
ئاسايىشتىن ۋەتەندە قالمىدى ئىز.
دوغا، يايىلار چىقتى خەلقنى ھەيدەپ،
ئۇرۇپ، تىللاپ، ھاقارەت بىرلە سۆرەپ.
ناھىيە، كەنت ھەر بىر يۇرت بويىچە،
بېرىلدى چامنى ھەر بىرىگە، بۆلەكچە.
شۇلارنىڭ جۇملىسىدىن كۆكچىگە ھەم،
تېگىشلىك چام بېرىلدى، بولدى ئەل جەم.
پەيزاۋاتنىڭ سىپىل سوقۇش ئىشىغا،
جابىربەگنى قويۇشتى ئىش بېشىغا.
ناھىيە ۋە ھەر بىر يۇرتلىدىن ئەل،
ھاشار قىلىنىپ بولۇندى جايىدا تەل.
گۇناھكارلارمۇ گۇندىخانىلاردىن
ئېلىپ چىقىلىپ سېلىندى ئىشقا تېزدىن.
قولىدىن كويزا، بويىنىدىن تاقاقنى
ئېلىپ تاشلاپ بوشاتمىدىلەر ئاياقنى.
دىمەك پۈتتا ئىشكەل ئىشلەيتتى ئۇلار،
ئىشكەلنى سۆرىشىپ دەپ ئاللا-ئاللا.
شۇلارنىڭ ئىچىدە بىچارە سەئىدىن،
يوغان ئىشكەل بىلەن ئىشلەيتتى غەمكىن.
نە كۆڭلىدە ئۈمىدىدىن ئۈمىت بار؟
نە قىلسۇن كىشىگە دەردىنى ئىزھار؟

ئىغىر، ھەتتا ئۆلۈم بولىدۇ جازاسى،
ئىدى بۇ، چاپلىنىلغان خەت ئاساسى.
پۈتۈن ئەتراپلىغا ئەۋەتىلدى بۇيرۇق،
چاپارمەنلەر كېتىشتى بولۇشۇپ ئوق.
پۈتۈن يۇرتلاردا بەگلەر، دوغىلارنى،
كىشى قوزغاشقا چاپتۇردى ئۇلارنى.
ئەۋەتىلدى بۇنىڭدىن باشقا جارچى،
بېرىپ ھەر جايغا ئەيتىدىغان جاكاچى.
شەھەر بازاردا دەيتتى: ئەيىۋھەنناس!
بىلىڭلار، چۈشىنىڭلار ئام ۋە خاس.
سېپىل سوقۇشقا خاندىن كەلدى پەرمان،
كېرەك ئىجرا قىلىش، پەرمانىنى شۇئان.
سوقۇلماقچى سېپىل قەشقەرغە تېزدىن،
قولۇڭنى تارت بېغىڭ بىرلە ئېتىزدىن.
ھاشارغا چىق قويۇپ باشقا ئىشىڭنى،
ۋە گەرنە يەيسە ئۆزۈڭ ئۆز بېشىڭنى.
سېپىلنىڭ ئاستى كەڭ ئون تۆت مېتىر ھول،
بولۇر ئۈستىدە قوش ھارۋا ماڭار يول.
ئېگىزلىگى ئونبەش گەز بولادۇر،
كى ھەر يۈز گەزدە بىر قوخچا باردۇر.
قىزىلىدۇ يېنىدىن كاتتا خەندەك،
چوڭقۇرلۇق، كەڭلىگى يانا شۇ سېپىلدەك.
دىمەك، ئىشلەيدىغان ئىش بەك ئېغىردۇر،
لېكىن خان يارلىقى بىلگىلىكى بىردۇر.

www.uyghurkitap.com



نه ياخشى ئىش قىلىپ تىلدىن قۇتۇلسۇن؟
نه ئىشنى ئىشلىمەستىن توختاپ ئالسۇن؟
جابىر سەئدىننى ئىش بېشىغا تونۇتقان،
ئۇرۇپ، تىللاپ، چىڭ ئىشلەت، دەپ ئوقۇتقان.
ئازاردىن شۇڭا ئۇ قۇتۇلالمىدى ھېچ،
ئۇنى قويمايتتى دائىم دوغىلار تىنچ.
بورانىنىڭ ئاپىتىدىن تاكى ھازىر —
غىنچە ئۇتتى نىمە، ئاپىدى تەقرىر.
ئۆتۈپ كەتتى بىرەر يىلدىن ئوشۇق چاغ،
سىلىپ بۇ ئىككى ئاشىق باغرىغا داغ.
ھاشار باشلانغىچە زىندانىدا سەئدىن،
قۇتۇلماي شال ۋە گۇندا، كويزىلاردىن.
رەھىمسىز گۇندىپايلارنىڭ قولىدا،
ئازاپ قىستاق بىلەن قىينالدى ئۇندا.
ئۇڭا كۆرسەتمىدى كۈننىڭ نۇرىنى،
كۆرەتتى چۈشتىلا ئۇنىڭ يۈزىنى.
كۆمۈلگەندەك تولۇن ئاي سەت تۇماندا،
قىلىپ كەتتى تۇمان باسقان جاھاندا.
بۇ مۇددەتتە نىمە خارلىقنى تارتتى؟
نىچۈك غەم-قايغۇنىڭ لىيىغا پاتتى؟
ئۇڭا قانداق ئەلەم ئازار بېرىلدى؟
ئۇنىڭدىن قانچىلىك باغرى ئېزىلدى؟
ئاتا-نا قىلدى قانداق خەيرىخاھلىق؟
ھەسەن كۆرسەتتى قانداق ئاشنالىق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرئاز ئىچ قارنىمىزنى بوشتايلى.
ناھايەتتە ئۇلۇغ بىر توپ ئىرۇرسەن،
پۈتۈن جانلىقلارغا دان يەتكۈزەرسەن.
قىلۇرسەن چۆل باياۋاننى گۈلستان،
چېچىپ ئۆستەڭ قىلىپ تاغ-چۆلنى بوستان.
قىزىق كۈن ئاستىدا سەن تەر تۆكەرسەن،
كۆچەتلەرنى ئېگىپ دانلار ئېكەرسەن.
چېچەكلەر، سەن بىلەن بارلىق ئېكىنزار،
بولۇر ئاۋات سېنىڭدىن شەھەر ۋە بازار.
بىرۇر ھوسۇل سېنىڭلە بۇ قوڭۇر يەر،
پۈتۈن جاندارلار سەندىن رىزقىنى يەر،
گاداي بولسۇن ۋە ياكى خانۇ-خاقان،
پىشانەڭنىڭ تېرىدىنلا باقار جان.
ۋە لېكىن شۇ ئېچىنارلىقكى ھەر چاغ،
سېنى خارلاپ قىلۇرلەر ۋاقتىنى چاغ.
ئەگەرسەن باشقىنى گۈلغا چۆمۈردۈك،
ئۆزۈڭ دەپسەندىلىك لېيىغا كۆمۈلدۈڭ.
تۆكۈپ تەر ئۇلىغا گۈلدەستە سۇندۇڭ،
ۋە لېكىن سەن ئۆزۈڭ خارلىقتا سۇندۇڭ.
زالىملار يانمىدى زالىملىقىدىن،
ئۇياتماي ئۆتتىلەر زۇلۇم قىلمىقىدىن.
بىلۇرسەن بەگ ئىدى بۇ يۇرتقا جابىر،
يامانلىقنى ئاجايىپ قىلدى زاھىر.
ھاشار دەپ خان تەرەپتىن ئەمىر چۈشكەچ،

رابىيە قانچە مەرتە يازدى مەكتۇپ؟
ئەۋەتتى قانچىلىك ھەدىيەنى مەرغۇپ؟
بۇلارنى قايسى يول بىلەن سۇنۇشتى؟
نە ئەيلەپ گۇندىپايلار تونۇشتى؟
نىچۇك چەكتى ئازاپ ھىجرو پىراقتىن؟
ۋۇجۇدى كۆيدى قانداق ئىشتىياقتىن؟
تارتىپ ئالدۇق قەلەمنىڭ تىزگىنىنى،
دىمەستىن نىمە ئىشلار بولغىنىنى.
بولۇپ ئۆتتى تولا ئىشلار ئارادا،
قەلەمنىڭ ئاغمىقى چاپسا مۇبادا،
بۇ مەيداندا تولا جەۋلان قىلاتتى،
يانا بىرمۇنچە ۋاقىئەلەر ئۇزايتتى.
بۇ بىر باپنى ئۇزايتماسلىقنى كۆزلەپ،
تۇرمىدۇق بۇندا ئۇششاق سۆزنى سۆزلەپ.

قىتئە

ئۇستۇڭدە سۇرۇپ ھۆكۇمنى زالىم مانجۇ،
كەيگىنى تاۋار، مىنگىنىدۇرمىشكەن جو.
كىملەر ئۇچۇن شۇنچە سىپىللار سوقتۇڭ،
قۇردى سىپىل ئىچرە ئۇلار قەسر، ئەمما سەنچۇ...

نەپەس بول مەن بىلەن دىھقانى ئەشرەپ،
قالۇرمەن كۆپلىگەن ۋاقتا غىمىڭ يەپ.
بۇيان كەل! ئىككىمىز ھال ـ مۇڭدىشايلى،

سۆكەن بىر نەرسە، ئاغزى كەڭ تۆۋى تار،
تېگىدە بىر كىچىكرەك كامارى بار.
كامار ئىتىلىپ-ئېچىلۇر خاھلىغاندا،
تۆشۈك ئىتىلۇر ئۇڭا نەرسە قويغاندا.
ئېلىپ كەتمەنچى تۇپراق كەتمىنىگە،
پەقەت بىرىنلا تاشلايدۇ سۆكەنگە.
سۆكەن تولغۇنچە سالدى قانچە كەتمەن
توپىنى قانچە ئادەم، نامۇئەييەن.
دىمەك ھېچكىمدە يوق توختاشقا ئىمكان،
سۆكەنچى ھەمدە كەتمەنچىگە بىرئان.
توپىنى توختىماي تاشلاپ تۇرۇشقا،
سۆكەن يۆتكەندە تۇرماستىن مېڭىشقا.
قۇلاق، باش، كۆزلىرىدە غىچلا تۇپراق،
بەدەن پۈتكۈل توپا، ھېچ قالمىغان ساق.
سۆكەن تولۇشى بىلەنمۇ كارلىرى يوق،
تۇرماستىن ئۇسسۇ، دەپ قىلماقتا بۇيرۇق.
ئەگەر كەتمەنچى توختاپ قالسا ئازراق،
بېشىدا نەق ھاقارەت، تىل ۋە توقماق.
سۆكەن يۆتكەنگە يوق توختاشقا ئىمكان،
ئىتتىرىپ ئارقىدىن كەلگەچكە ئىنسان.
سۆكەن يۆتكەن ئۆكەر جايغا بېرىپلا،
كامارنى ئۇ ئۆزى، قويىدۇ ئېچىپلا.
كېتىۋېرىدۇ ئۇ، سۆرۈپ، توپا شۇ خىل،
بېرىپ كەتمەنچىگە جانلىق بۇ زەمبىل.

نىمىنى دىسە ئەمدى سۆزى ئۆتكەچ،
ھاشارچى توپىغا سەئىدىننى سۈردى،
قولدىن كەلگىنىنى قىلدى، ئۇردى.
تەتۈر، سەئىدىنگە بولدى چەرخ چاقى،
قىلىپ بىر ياندا مەھبۇبى پىراقى.
رەقىپىنىڭ تەئنىسى ئۆتتى جىنىدىن،
ئازاپ چەكتى تولا سەئىدىن بۇنىڭدىن.

قىتئە

زۇلۇم دەردىنى بىلمەيدۇ، تازالىم زۇلمىنى كۆرمەي،
بىلەمدۇ زەھر ئىچۈرگەنلەر، زەھەرنى تا ئۆزى ئىچمەي.
زالىملارغا تاقابىل ئۇ، ئادالەت بەلگۈسىدۇركىم،
زامان ھىچ قويمىدى زالىمغا قىلغانىنى كۆرسەتمەي،

سېپىل سوقتى، دىمەك قانداق سوقاتتى؟
ھاشارچىلار ئىشى قانداق بولاتتى؟
سېپىل ئورنى دىيىلگەن يەر يېنىدا،
سىزىلغان بەلگۈنىڭ ھەر ماڭدىمىدا،
ھاشارچىلار قاتارى توختۇتۇلغان،
بۇلار بارى قولىغا كەتمەن ئالغان.
ئۇلار ئالدىدا بىر رەتتە قاتارى،
سۆكەنلىك كىشىلەر تۇرىتى سۇۋارى.
كىشىكىم بولسا ئۇ كۆرگۈچى تۈگمەن،
بىلەلەيدۇ نىچۈك نەرسە بۇ سۆكەن.

www.uyghurkitap.com

## رۇبائى

بىلدۇرگۈچى دىل دەردىنى، ھەر چاغدا ئىرۇر تىل،
سۆزلەيدۇ بۇ تىل، ھەرنىمىكىم، تارتتى ئۇنى دىل.
ئەللەر ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئاھۇ، پىغانىنى،
قەشقەردە مۇشۇ ناخشا بىلەن ئىدىلدى تەھلىل.

ئۇلار دەۋر قىلىدۇ بۇ يولدا شۇنداغ،
ھاقارەت ئاستىدا كۆڭلىدە غەم، داغ.
يانا بىرمۇنچىلار قولىدا ئىغىر قاك،
توپىنى ئۇلار قاڭدايدۇ، قىلىپ داك.
ئۇ يەردە بىر گۇرۇپپا سۇچىلار بار،
توپىغا سۇ چىچىپ تۇرماقتا ھەر بار.
مىڭىپ تۇرىدۇ ئۇرۇپ قاك، توپا چىڭداپ،
يۇرۇيدۇ ئارقىدىن چارلاۋچى چارلاپ.
چىڭىتقان يەرگە ئۇچلۇق نەيزە سانچىپ،
قارايدۇ بوش ۋە چىڭلىقنى تىنىتىپ.
دىمەك، ئىش ئىنتىزامى ئىدى شۇنداغ،
بوشاشتۇرمايتتى قاتتىقلىقنى ھەر چاغ.
شامال چىقسۇن ۋە ياكى بولسۇن ئاپتاپ،
تۇرالمايتتى ئۇلار ھەرگىزمۇ توختاپ.
دىمىق، تىنجىق بۇ كۈنىنىڭ تەپتىدە ئەل،
توغۇپ كۈن پاتقىچە ئىشلەيتىلەر دەل.
ئىغىر ئەمگەك بىلەن ھارغان ھاشارچى،
تولۇپ تاشقان غەزەپ، دەرت بىرلە ئىچى.
مۇشۇنداق بىر قوشاقنى توقىغانتى،
ئەمەستى بۇ قوشاق، دەرتلىك پىغانتى:

سۇلتان خوجام سورايدۇ،
سىپىل سوققانلار نەلىك.
بىز نىمە گۇنا قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.

كۆرۈنەتتى يۆلەنگەندەك ئۇڭا، كۆك.
ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قارغا، ئۇرۇپ نۇر،
تۇراتتى تاۋلىنىپ گويا دۆۋە دۇر.
بېرىپ ئۆتمۈشكە تارىخىي شاھادەت،
ئېچىناتتى شۇ ھاللارغا ناھايەت...
ئۇ دەيتتى: تارىتىپ بۇ ۋادىغا سۇر،
ھاشاردىن ئەي قۇتۇلماي كەتكەن ئۇيغۇر!
مۇشۇ كۆپ-كۆك باراقسان، كەگرو ۋادى،
بىلەمسەن كىم كۆكەرتكەن ئۇنى زادى؟!
نەچە مىڭ يىل بۇرۇن بۇ جايدا ئۆتكەن،
بۇيۇك ئەجداتلىرىڭ ئىشلەپ كۆكەرتكەن.
چېپىپ ئۆستەڭ، بىنەم ئېچىپ، كېسىپ تاغ،
تېرىپ دانلار، ياساپ ئورمان، قۇرۇپ باغ.
تۆكۈپ ئۇلار، تولا ئەرەقى پىشانە،
قويۇشقان سېنى ئوغلۇم دەپ نىشانە.
بولۇپ گاھىدا جەڭچى، گاھى دىھقان،
بۇ جاينى قوغداپ تۆككەن ئىسسىق قان.
ۋەتەن دۈشمەنلىرى بىرلە ئۇرۇشقان،
بولۇپ ئۆزم يۇرتلىرىنى قوغداشقان.
بىلەمسەن سەن شۇنىڭكىم شاھى ئىران؟
بوۋاڭنىڭ زەربىدىن بولغانتى ۋەيران.
جاھانگىر مەن دىگەن داڭدار ئىسكەندەر،
تولا ئىقلىملىنى ئەيلەپ مۇسەخخەر،
سېنىڭ ۋەتىنىڭگە قويغاندا قەدەمنى،

# 30. ئىنتىقام تۇيغۇسى

4310 سەنى سىز تەسەلەر ئانى سىز تېگىل،
تاقى ئاندا يەگرەك يانوت سۆزلىگىل،
4311 قايا ياگقۇسىندىن قوزى بولماغىل،
سەنى سەن تەسەلەر ئانى سەنلەگىل،

يەشمىسى: سېنى سىز دىسەلەر، ئۇنى سىز دىگىل،
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاپ سۆزلىگىل،
قىيا ياگقۇسىدىن① تۆۋەن بولمىغىل،
سېنى سەن دىسەلەر ئۇنى سەنلىگىل.
——«قۇتادغۇبىلىك».

قۇياش ئۇ تىكلىشىپ بولغانتى چىلىك چۇش،
ئۇراتتى تەپت، قازان قاينار كەبى جۇش.
جەنۇبىي ياقتا پامىر سىلسىلەسى،
جۇلاداپ تۇراتتى قاردىن، تۆپەسى.
تىرەپ گوياكى كۆكنى ئۇندا مۇز تاغ،
پۇتۇنلەي ئاق جۇۋا كەيگەنتى بىچاغ.
ئىدى گويا پەلەك قەسرىگە تۈرۈك،

① ياگقۇ — ئەكس سادا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇدۇپ سۇكەن، قىزىپ كەتمەن بىلەن يەر.
مۇشۇنداق زور سىپىللارنى ياسايسەن،
بىلەمسەن ئۇندا كىمنى قوغدايسەن؟!...
ساڭا سۆزلەشنى ياقتۇرماس ئىدىم مەن،
نىگەكىم، پەندۇ-ناساتنى ئاڭلىمايسەن.
ساڭاكىم ياخشى بىر سۆز قىلسا، ئۇ پاش،
ئۇنى تىللاپ ئاتۇرسەن بېشىغا تاش.
كىمىكى بىلمىسە ياخشى-يامانىنى،
ئېتەلمەي كەتسە پەرق بۇغداي، سامانىنى،
بولاۋېتىپمۇ يوقلۇق سۇيىدە غەرق،
قىلالماي يۇرسە دوست-دۇشمەننى ئۇ، پەرق.
بولۇشۇپ چىچىلاڭغۇ، بولمىسا ئۇم،
بولامدۇ دىمىسە ئەي "تەلىيى شۇم".
مانا ئۆتتى ناھايەت كۆپ زامانلار،
قاراپ تۇرىمەن مۇشۇ جايدا ھامانلا.
تولا تارىخىي ئىشلار شاھىدىمەن،
بىلۇرمەن قانچىلىك ئۇستۇن ئىدىڭسەن.
بۈگۈنكى قۇل ھاياتىڭغا ئېچىندىم...
ئېچىندىم، ئېچىنىش ئىزھار قىلدىم.
قەلەم كەل: قايتىلى بىز داستانىغا،
نەسوت: لەنەت دىسەك كونا زامانغا.
ئۇ ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئالمساڭ سەن،
يېڭى بىر دەۋرگە تەييار بولمساڭسەن.

تۇتالماي قالدى تىككە ئۇ ئەلەمنى.
ئاخىرقى جەڭدە ئىسكەندەر يېڭىلگەن،
تۈزۈپ سۇلھ، قايتقىلى مەجبۇر ئېتىلگەن.
ئىسكەندەر بۇلىغا كۆپ تەھسىن ئەيلەپ،
دىگەنتى سېنى ”رۇمماتۇلھەدەق“① دەپ.
مانا بۇ سۆزنى مۇندىن مىڭ يىل ئەۋۋەل،
يېزىپ كەتكەن مەھمۇت قەشقىرى دەل.
ئۇنىڭ دىۋانىدا بۇ سۆز يېزىلغان،
ئالاھىدە ۋەقەدەك قەيت قىلىنغان.
بۈگۈن كۆر! سەن نىچۈك ھالەتتە قالدىڭ،
ھاشار، ئالۋاڭ-ياساق بىرلە ئېزىلدىڭ.
مۇشۇنداق بولدى ھالىڭنىڭ ئېخىرى،
بولۇپ قالدىڭ پەقىرلەرنىڭ پەقىرى.
نە ئىلكىڭدە سېنىڭ باردۇر قورالىڭ،
نە مەۋجۇتتۇر سېنىڭ جەڭ ئىقتىدارىڭ.
كېتىپ بارىسەن ھاشاردا زار ئىشلەپ،
نادامەت ئىلگىنى مىڭ مەرتە چىشلەپ.
ئېست! ئەجداتلىرىڭ يولىنى ئۇنۇتتۇڭ،
ئاخىردا يوقۇلۇش يولىنى تۇتتۇڭ.
جەسۇرلۇق ھەمدە ھۆرلۈكنى يوقاتتىڭ،
جاھالەتنىڭ لىيىغا تازا پاتتىڭ.
قاراپ كۆر! شۇنچە ئىسسىقتا تۆكۈپ تەر،

---

① رۇمماتۇلھەدەق — كۆزنىڭ قارچۇغىنى ئاتالايدىغانلار.

قۇيۇلدى دىلدىكى دەرت ئوتىغا ياغ.
ۋۇجۇدىدا غەزەپنىڭ ئوتى ياندى،
تېنى قۇۋۋەتلى ۋولقان تۈسىنى ئالدى.
ئىگەمدۇ مەرت يىگىت دۈشمەنگە باشنى،
چىدامدۇ كۆرگىلى بۇنداق قاراشنى.
نە پايدا خارلىنىپ كۆرگەن ھاياتتىن،
ئىززەتلىك بىر ئۆلۈم خوپ، خار ياشاشتىن.
قىلىنغاندۇر ھېكمىلەردىن رىۋايەت،
مۇشۇنداق ئۇنتۇلماسلا بىر ھېكمەت.
ئۆلۈش ئىززەت بىلەن ئۇ، ياخشىراقتۇر،
ھاياتتىنكى، ئۇنىڭدا خارلىقتۇر.
پەقەت مەرتلا ئۇ، تارتىنماس ئۆلۈمدىن،
بولامدۇ قۇتۇلۇش بۇ ھالى ئومۇمدىن.
جابىر ئۆتمەكچى بولدى ئۇنى يانداپ،
سۆكەننى تۇتتى سەئدىن قولدا چاغلاپ.
بېشىغا ئۇردى، كەيدۈردى سۆكەننى،
يىقىتتى يەرگە باستى خۇد پۇسەننى.
ئۇنى شۇنچە غەزەپلىك چەيلىدىكى،
قوساق، باش، يۈز، بۇرۇنغا دەسسىدىكى،
بولۇپ كەتتى پۈتۈن باش-كۆزلىرى قان،
بولۇپ ھۇشسىز يىقىلدى ئۇ يېرىم جان.
لېكىن بەس قىلمىدى سەئدىن ئۇرۇشنى،
ئۇ نىيەت قىلدى بىرلا ئۆلتۈرۈشنى.
ھاشارچىلار تاسادىپ بۇ جىدەلدىن،

## رۇبائى

ئۆتمۈشنى قىلىش ياد ئېلىشتۇر ئىبرەت،
نوقسانىنى تۈزەش ئۈچۈن قىلىشتۇر غەيرەت.
بۇ سۆزنى دېيىشتە شۇدۇر مەقسەت،
ئويلان! كىشى بول! قىلمىسۇن ئەۋلات لەنەت...

ئاشۇنداق ئىزغىرىن ئاپتاپ ئىچىدە،
دەم ئالماستىن تۇرۇپ كۈندۈز ـ كېچىدە.
شاراقلىتىپ چىقىرىپ ئۈن ئىشكەلدىن،
هاشارچىلار بىلەن ئىشلەيتتى سەئىدىن.
تونۇردەك قىزىغان قەشقەر هاۋاسى،
يامان ئىش باشىنىڭ: دەشنام ساداسى.
بولە! تېز ماڭ! دىگەن ئۈن هەر تەرەپتە،
يۈرگەن هايداقچىلار، هەرقايسى سەپتە.
هاۋا هەرقانچە بولغان بولسا قايناق،
ئىدى تىللاش ۋە هەيدەش يانا چىڭراق.
كېلىپ قالدى تاسادىپ بۇندا جابىر،
قىلىشقا بەگلىكىن بۇ جايدا زاهىر.
ماڭاتتى ئۇ گېدەيگەن هالدا مەغرۇر،
بۇ پەس مەخلۇق بىلىپ ئۆزىنى بەك زور.
بۆسۈپ ئۆتتى هاشارچىلار سېپىنى،
تۇتۇپ ياغلىق بىلەن ئىپلاس بۇرنىنى.
كۆرۈپ سەئىدىن، رەقىبىنى مۇشۇنداغ،

www.uyghurkitap.com

يۈزۈڭگە تۇف سىنىڭ ئەي چەرخ مەككار،
ئىچىنماي كەتتىڭ ئاشىقلارغا زىنھار.
ئاخىرى ئاپىرىپ زىندانغا سالدىڭ،
نە قىلغانغا ئۇنىڭدىن ئۆچنى ئالدىڭ.
ئەجەپ قىلدىڭ بولارغا يۈز قارالىق،
جاپالىق ئوق ئېتىپ قىلدىڭ يارالىق.

## غەزەل

ئىچۈك بەختسىزلىكتىنكىم ئىچمەيىن بىر جام مۇھەببەتتىن،
ساڭا ئىچكۈزدى دەۋران شىشە-شىشە زەھەر مېھنەتتىن.

تۈگۈلسەڭ قالدى باغرىڭ غۇنچىدەكلا قاتمۇ-قات قۇندا،
ئېچىلساڭ توزۇدۇڭسەن بەرگى گۈلدەك، يېلى كۈلپەتتىن.

نە تەدبىرىڭ مۇۋاپىق چۈشتى، نە بۇ قەھرىمانلىقكىم،
نەسۇۋەڭ بولدى قايغۇلا، بۇ چەرخى بى مۇرۇۋۋەتتىن.

ھاياتىڭ بېغىدا زىبا ئىككى ياش غۇنچە ئەردىڭلار،
سولاشتىڭلار ۋاقتسىز مانا شۇنداق داغى پۇرقەتتىن.

ئەقلسىزلىق ئىكەن كۈتمەك ۋاپا ھەم مېھر بۇيىنى،
تىكەنلىك، بويى كۆركەمسىز بۇ گىياھى بىپەزىلەتتىن.

بولۇرمۇ ياخشىلىق ئەكسىنى كۆرمەكنى قىلىش ئۈمىت،
سۇنۇق ئاينەدىنكىم ئۇ، قارايغان تۇرسا زۇلمەتتىن.

شىكايەت ئەيلىسە سەندىن، سىنىڭ رەنجىشكە ھەققىڭ يوق،
ئىشتتى كىم ۋاپاڭنىڭ كۈيىنى، سەن بىپەزىلەتتىن.

كۆرۈلمىگەچ بۇ ھال، بۇندا ئەزەلدىن،
قاراپ قالدى بارىسى بولۇشۇپ جىم،
لېكىن ئايرىلاشمىدى بۇ ئىشقا ھېچكىم.
خەۋەر تېپىپ بۇنىڭدىن يايى، دوغا،
ئېلىشتى بۇ ئاشىق مەرتنى ئاراغا.
گويا قاغا لاچىننى ئۇرغاندەك،
ئۇنى چۆگىلىشىپ قاقىلدىغاندەك،
ھۇجۇم قىلدى ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن،
بۇلارغا قارشىلىق قىلمىدى سەئدىن.
نىكىم سەئدىن دىلىدا ھەممە دەردى،
بۇلاردا يوق، پەقەت جابىردا ئەردى.
ئۇنى ئۆلگىچە دەسسەپ ئۇرۇپ ئالغاچ،
ئۆزى تەنھا ۋە ھارغۇن ھالدا بولغاچ،
بىلىپ ئۇ، پايدىسىز قارشى تۇرۇشنى،
قىلىپ بەس توختىتىپ قويدى ئۇرۇشنى.
بەش، ئون يايى كېلىپ، سەئدىننى باغلاپ،
كېتىشتى ھەيدىشىپ يامۇلنى چاغلاپ.
ھاشارچىلار بارى ئەپسۇس...دېيىشتى،
يىگىتكە ناھايىتى ئىچ ئاغرىتىشتى.
دېيىشتى ھەر بىرى بىر خىلدا سۆزنى،
نىمىشقا ئۇردى دەپ بۇ ئوتقا ئۆزنى.
قىلىشتى مەرتلىكىگە ھەممە تەھسىن،
لېكىن ھەممە خەۋەرسىز ئۆتكەن ئىشتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككى، ئۈچ، تۆت، مانا كۆيدى، كۆل بولدى.
بۇلاردىن سەن مۇھەببەت دەرسىنى ئال.
بۇلاردەك ئۆل، كۆيۈپلا كۆل بولۇپ قال.
مانا ئۇ، كۆيدى غەمدىن تاپتى ئارام،
قېنى تولغان ئۆلۈمنىڭ مەيدىن جام.
ئۇنى ئىشقنىڭ شارابى دەپلا ئىچسەم،
مۇشۇ پەرۋانىدەك كۆيسەم ۋە ئۆلسەم.
شۇ ئەھۋالدا بولۇپ دەرتكە گىرىپتار،
قېلىپ سۆزدىن، يىمەكتىن، بولدى بىمار.
قىزىل گۈل يۈزىگە سۈرتۈلدى زەپەر،
لالە رەنا چىرايى بولـدى سەبدەر.
ئۇنىڭ جان ئالغۇچى نەرگىس كۆزىدىن،
تۆكۈلدى ياش داۋام، يارى غىمىدىن.
تولا چاغلاردا ئۇ يارنى يادلاپ،
دىلىنى ئىشق ئوتىنىڭ چوغى داغلاپ.
ھۇجۇم قىلغاندا ھىجـرانىنىڭ ئازابى،
خۇمارىن قوزغىغاندا ئىشق شارابى،
ئۇڭا سەئدىن ئەۋەتكەن مۇشۇ بېيتنى،
قىلىپ تەكرار تۆكەتتى ھەمـمە دەرتنى:

كۆكرىگىمدۇر سۇبھىنىڭ پىراھىنىدىن① چاكراق،
كىرپىگىم شەبنەم تۆكۈلگەن سەبزەدىن نەمناكراق.

---

① پەراھەن ــ كۆينەك.

## 31. رابىيە قەشقەردە نىملەرنى قىلدى...

ئۇزۇندۇر رابىيەدىن ئاچىدۇق سۆز،
قېلىپ قالغانتى ئۇ كۆكچىدە يالغۇز.
پراق دەشتىدە قانداق كەچتى ھالى،
ئويۇن كۆرسەتتى نىچۇك چەرخ زالى؟
بېكىتتى غۇنچىدەكلا ئۇ لېۋىنى،
بۇلۇت باستى ئۇنىڭ ئايدەك يۈزىنى.
ئۇنىڭ نەرگىس كۆزىدىن قاچتى ئۇيقۇ،
ئەلەم گىردابىغا كەتتى چۆكۈپ ئۇ.
ئىدى پەرۋانىلار بۇ قىزغا مۇنىس،
ئۇنىڭ كۆيگىنى شەمئدە چىقىرىپ ئىس.
قاچانكىم كەچ كىرىپ شەمئ يانغىنىدا،
ئۇنى پەرۋانىلار ئايلانغىنىدا،
ئۆزىنى شەمئگە ئۇرغانىدا ئول،
كۆيۈپلا ۋىژ قىلىپ بولغانىدا كۇل.
گۈزەل قىز ئۇ، بۇڭا ھەيران قالاتتى،
خىيالنىڭ تورلىرى چىرماپ ئالاتتى.
ئۇ دەيتتى چىن مۇھەببەت بۇ ئەمەسمۇ،
ھەقىقى ئىشق مانا ئۇشبۇ ئەمەسمۇ.
قارا ئاينا، ئۇنىڭدىن بىرى ئۆلدى،

ئېلىپ بارماقچى قەشقەرغە بولۇشتى،
ئاتا ـ نا، زوھرا بىللە جابدۇنۇشتى.

بۇنىڭدىن رابىيە بولـدى ئۈمىتۋار،
نەكىم قەشقەردە سەئىدىن ئۇ ھايات بار.
ئېتاڭكىم، ئۇ بىرىپ يارىنى كۆرسە،
بولۇپ پەرۋانە يار شەمئىدە كۆيسە.
بىر ئاز كۆڭلۇم ئاچاي دەپ چىقتى باغقا،
كۆزىنى تىكتى گۈللۇقتا ئۇزاققا...
ئۇنىڭغا ياقمىدى باغ سەيرىسى ھەم،
ئۇنى باستى كېلىپ قايغۇ، ئەلەم، غەم.
چىمەنىنىڭ سەيرىدىن كۆڭلى تۇتۇلدى،
مۇشۇ مىسرا ئۇنىڭ تىلىدا ئوقۇلدى:

قىتئە

داۋا بۇ دەرتكە تىلەپ قىلدىم سەير ھەر گۈلزار،
ئىستىكى، چەكتى كۆڭۈل گۈللار بەرگىدىن ئازار.
ئۆزۈمگە مەھرىمى ئەسرار تاپمىدىم ئەسلا،
ئۆزىنى دوست سانايدۇ، بارلىقى ئەغيار.

مەئەلقىسسە، بۇلار تەييار بولۇشتى،
سەھەرنى كۈتۈشۈپ باردى، يېتىشـتى،
نىلۇپەر رەڭدىكى بۇ چەرخ تاقى —
دىكى ئۈنجى تۆكۈلدى بىر ۋاراقى.

لەۋلىرىڭدىن لەئىل ئالۇردا بارچىسى قۇلدۇر ساڭا،
جان بىرەردە بىر قۇلۇڭ يوق بەندەدىن چالاكراق.
——ناۋايى.

ئاتا ـ ئانىسى كۆرۈپ بۇ قىزنى شۇنداغ،
تولۇپ تاشتى دىلىدا قايغۇلۇق داغ.
يىغىپ ئۇ كۆكچىدە بولغان داخاننى،
پۈتۈن جىنكەشلىنى ھەم پىرەخاننى،
ئوقۇتۇشتى، ئۇنىڭغا "سۇف" دىيىشتى،
تامام قىلغانلىرى بىكار كىتىشتى.
شۇ كۈنلەردە ھاشاردا ئىدى سەئدىن،
بولالماي رابىيە ئىمىن ئۇنىڭدىن.
ۋۇجۇدى دەرت ئوتى بىرلە ياناتتى،
سىيلىنغان ئوتقا قىلدەك تولغىناتتى.
ئۇلار داخانلىدىن بىرەر نەپ كۆرمەي،
تىۋىپلاردىن داۋا ئالدى ئۈزۈلمەي.
بۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن كۆرمىدى نەپ،
قىزنىڭ دەردى ئازراق بولمىدى دەپ.

## رۇبائى

ئىشق دەردىگە كىم، دەۋرىدە دەرمان تاپتى،
پەرھاتمۇ تىلەپ دەرتكە داۋا، تاغ چاپتى.
تاپماي داۋا، ئىشق دەردىگە دەرمان ئىستەپ،
تاھىرمۇ ئاخىر باغراشقا قاراپلا ئاقتى.

شۇ جايدا قىزنى بىر ۋاقىت تۇرغۇزايلى،
ھالىنى ياخشىراق تەھلىل قىلايلى.
نازارى نامىنى رابىيە ئۇقتى،
ئاشىقىنىڭ سۆزى يادىغا چۈشتى.
ئوقۇپ تۇرغاندا سەئىدىن ئۇ، شەھەردە،
شەھەر ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆتەردە.
نازارى توغرىسىدا سۆزلىگەنتى،
ئۇنىڭ قانداق كىشىلىكىنى دىگەنتى.
ئۇنىڭ ۋاڭ ئالدىدىكى ئىززىتىنى،
زوھورىدىن قېشىدا ھۆرمىتىنى،
ئۇنىڭ ئوردىدىكى ئەرباپلىقىنى،
كىچىك پېئىللىك، دىلىنىڭ ساپلىقىنى،
ئۆزىگە ياخشى بىر ئۇستادلىقىنى،
بۇنىڭدىن كۆڭلىنىڭ كۆپ شادلىقىنى.
ئېسىدە ساقلىنىپ قالغان نازارى،
ھاكىم ئالدىدا بولغان ئېتىۋارى.
شۇ ھالەتتە رابىيە ئۆتتى ئەسلەپ،
ئەمەستى ئەسلىنىش ھېچ چاغدا قەستلەپ.
سىيلىپ دىل ئەينىكىگە ئەكس غىل-پال،
يانا باشقا تەرەپكە كەتتى دەرھال.
ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىسمى دىلىدىن ئۆتتى،
بۇ نام كەلگەن بالانى دەپ ئەتتى.
رابىيە ئۆيىنى بىلگەنلىگىدىن،
نازارى نامىنى ئوقۇغانلىقىدىن،

ئۇپۇققا هال شەپەقتىن رەڭ بېرىلدى،
جاھان سالدى قارا تون، تاڭ سۈزۈلـدى.
لازىملىق نەرسىلەرنى ئۇلار تاڭـدى،
رابىيەنى ئېلىپ قەشـقەرغە ماڭدى.
بۇلار ئۇستا ھېكىم قەشـقەردە تاپتى،
ئۇنىڭغا قىزىنىڭ ھالىنى ئاچتى.
ھېكىم تەكشۈردى ئاغرىقنى تامامەن،
ئۆزىنىڭ تەكشۈرىشلىرىگە بىنائەن:
چوڭقۇر بىر ئوي بىلەن ئەيلەپ تەئەممۇل①،
مۇشۇنداق سۆز بىلەن بەردى جاۋاپ ئول:
"ھاۋاسى خەمسە"دە① چوڭ ئۆزگىرىش يوق،
يۈرەك ھەم مېڭىدىن كۆڭـلۈم ئەمەس توق.
بىلىپ بولمايدىغان بىر دەردى باردەك،
ۋۇجۇدىدا ھارارەت، ئوت ياناردەك،
قىلىش لازىم بۇنىڭ كېسىلىنى تەھـلىل،
كېسەل، چۈنكى بولۇر ھەرنەۋئى ھەر خىل.
تومەن بويىدا نازارىنىڭ بېغى بار،
يېنىدا بۇ پەقىرنىڭ ياتاغى بار.
ياتاق دېسەم ياتاقمىكىن دېمەڭلا،
ھاۋالىق باغ-بوستانلىق بىر ھويلا.

---

① تەئەممۇل — ئويلانماق.

① ھاۋاسى خەمسە — بەش تۇيغۇ: ھىدلاش، كۆرۈش، تېتىش، ئاڭلاش، تۇتۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 32.ئۆلۈم جارچىسى، ئەرتە سەئدىن دارغا ئېسىلدۇ

دەرت ـ ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا،
سايدا تۇگمەن چۆگىلەمدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.
ـــــئۇيغۇر خەلق ناخشىسى.

تۇمەن دەرياسى ئەيتامسەن سۆزۈڭنى!
نىچۈن قىرغاققا ئۇرۇرسەن ئۆزۈڭنى!
بولۇپ سەنمۇ گۇۋا مۇزتاغقا ئوخشاش،
مۇشۇ جايىڭدا ئۆتكەزدىڭ تولا ياش.
ئاتالغان چاغدىمۇ "ئوردوكەنت" قەشقەر،
ئاقار ئورنۇڭ ئىدى، دەل مانا شۇ يەر.
سېنى يازغاندا مەھمۇت قەشقەرىمۇ،
دىگەندۇر كاشغەر يېنىدا يېرىمۇ.
بۇنىڭغا مانا مىڭ يىللار ئۆتۈپتۇ،
سۈيۈڭ دائىم مۇشۇ جايدا ئېقىپتۇ.
ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قانچە زامانلار،
ئۇرۇپ دولقۇن، سۈرۈپ شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر،

ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن ئۇ، قۇتۇلدى،
ئۇنىڭغا تەييارلىغان سىرتماق ئۈزۈلدى.
مانا باشلاندى ئەمدى ھىجرى شامى،
ۋىسالسىز ئىشق دەردىنىڭ داۋامى،
ئەگەر سەئىدنىڭگە تالىڭ بولمىسا يار،
سىرتماق ھەم ئىگىز دار ئۇنىڭغا تەييار.
كېلىپ قالدى ھالاكەت يار تۇۋىگە،
ئېسىشقا ئۇنى قۇرغان دار تۇۋىگە.
بۇ ھادىسىنى ئەگەر بىلمەكچى سىزلەر
تۆۋەنكى بەتكە بىر قۇر قارىڭىزلەر.
نىچۈك دەھشەت ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇر،
تەسەۋۋۇرسىزلا خەۋپكە ئۇچرۇشۇپتۇر.
بىلۇرسىزلەر بۇ دەھشەتنى شۇ چاغدا،
قالۇر ھەر بىر كۆڭۈل ئويلانسا، داغدا...

لېكىن بۇنداق مۇھەببەت ماجىراسى،
ساڭا ئۇچراشمىدى بولغاي-ئاساسى.
لېۋىڭدە ئولتۇرۇچى شۇ پەرىزات،
كى ئەسلىدۇر ئۇنىڭكى ئادەمزات.
نېچۈك مۇدھىش خەۋەر ئىشتتى بىلەمسەن،
خەۋەرگە ئۇ نېچۈك مەنسۇپ ئۇقامسەن؟
شۇ قىزدۇر مۇشۇ داستان قەھرىمانى،
كېلىنمەكتە يېزىلىپ بەتتە نامى.
ۋاپا گۈلزارىدا بىر تازا غۇنچە،
ئىشق دەرياسىدا يېگانە يۇنچە.
بىلۇرسەن، يوق تىلىڭ قىلمايسەن ئىزھار،
تىلى بار بىر بالاڭدۇرمەن، بولۇپ يار.
سېنىڭ ئورنۇڭدا بۇ ئىشنى مەن ئەيتاي،
تۇتۇق بۇ نۇقتە روشەنلەپ ئېچىلغاي.
بۇ ۋەقەنىڭ داۋامىدۇر مۇشۇنداغ:
نە دەھشەت پاجىئە، داغ ئۈستىگە داغ.
تارىخ مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ۋە تۆرتتى،
بۇ، ھىجرى ھىساپىنى كۆرسىتەتتى،
تۇمانلىق بىر ھاۋا باشلاندى كۆكتە،
تۇتۇلدى ئاپتاپ نۇرى پەلەكتە.
بۇ كۈن يەتتىنچى ئاينىڭ ئايىغىتى،
ھاۋانىڭ تازا ئىسسىق بىر چېغىتى.
ئېچىپ قۇشچاقلار، تۇمشۇغىنى دىمىقتا،
تۇراتتى سايىرىماستىن تال چىۋىقتا.

مۇشۇ ۋادى ئارا ئاققان بولاتتىڭ،
ھاياتقا رىزق ئىشكىن ئاچقان بولاتتىڭ.
ئېنىق بىلمەيمەن ئۇ ئەھۋالنى ھازىر،
ئەمەس قەستىم، قىلىش ئۇ ھالنى تەسۋىر.
سېنى سۆزلەپ ئۆتتۇشتىندۇر نىشانە،
لېۋىڭدە ئولتۇرۇپ بىر شۇم پىشانە،
ئىچۇك بىر قورقۇنچلۇق ئۇنىنى ئىشتتى،
ئىشتتى ۋە ئىمىلەرنى قىلىشتى؟
گۇۋاچى سېنى قىلماقتۇر ئۇنىڭغا،
قوشۇلماقچى بولۇپ بىر تىل تىلىڭغا.
نەكىم سەن سۆزلىيەلمەيسەن، تىلىڭ يوق،
لېكىن قەھر ھەم غەزەپتىن مەۋج ئۇرۇغلۇق.
قىزىل بىر ئەژدىھادەكلا ئاقۇرسەن،
قاراپ، ئۆتكەن زۇلۇمغا تولغۇنۇرسەن.
ئىچىپ تاتلىق سۇيۇڭنى ئۆسكەن ئوغلان،
قىلىپ پەرزەندىلىك ھەققىن نامايان.
بۇ كۈن ئورنۇڭدا سۆزلەشكە تىل ئاچتى،
مۇھەببەت ئوتىنى دۇنياغا چاچتى.
نەچە ئون ئەسرلەردۇر، بۇندا ئاقتىڭ،
سۇيۇڭدىن ئۇندۇرۇپ دان، ئەلنى باقتىڭ.
تۆكۈلدى بويلىرىڭدا كۆپ قىزىل قان،
ھالاك بولدى، قىرىلدى بەك تولا جان.
بىلۈرمىز ياكى بىلمەسمىز ئۇلارنى،
كەچۇردۇڭ شۇبھىسىز، كۆپ ئىمەلەرنى.

پەيزاۋات كۆكچىلىكتۇر ئېتى سەئىدىن،
بويۇن تولغاپ ئۇ خانىنىڭ بۇيرۇقىدىن.
سېپىل سوقۇش ئىشىدىن باشنى تارتتى،
يانا ئۇ تېخمۇ ھەددىدىن ئاشتى.
قىلىپ قويىدى ئۇرۇپ بەگنى يېرىم جان،
دىمەكتۇر بەگنى ئۇرغان، خاننى ئۇرغان.
شۇڭا سەئىدىن ئۆلۈمگە ھۆكم ئېتىلدى،
گۇنايىغا جازا لايىق بېرىلدى.
چىقىڭلار ھەممە ئەرتە ئات بازارغا،
ئاسماقچى ئەرتىگە، سەئىدىننى دارغا.
بۇنىڭدىن ھەممىڭلار ئىبرەت ئېلىڭلار،
سېپىلنىڭ ئىشىنى ئوبدان قىلىڭلار".
بۇنى ئاڭلاپ بېشىغا تاغ يىقىلدى،
يۈرەكى ئەرسىقىپ، نەپەسى سىقىلدى.
دىماغىدىن چىقىپ بىر ئاتەشىن ئاھ،
كېتىپ ھۇشىدىن يىقىلدى يەرگە ناگاھ.
ئۇ ھۇشسىز ياتتىكىنتاڭ، قانچە سائەت،
ئەمەس مەلۇم، كېلىپ زوھرا ناھايەت.
سوغاق سۇلارنى سەپكەندە يۈزىگە،
رابىيە سەسكىنىپ كەلدى ئۆزىگە.
قۇچاقلاپ زوھرانى ئۇ كەتتى يىغلاپ،
يۇلۇپ چېچىنى يۈرىگىنى مۇجۇغلاپ.
ئۇنىڭ بۇ ۋاقتىكى ھالىنى تەسۋىر
قىلىپ بولمايدۇ قانچە قىلسا تەقدىر.

تولا كىشىلەر ھاۋانىڭ ئىسسىغىدىن،
پانا ئىستەپ تۈمەن دەريا لېۋىدىن،
يۈرۈشەتتى سۇنىڭ بويىدا لاغايلاپ،
تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىنى بويلاپ.
بۇيرۇپ زوھرانى بىر ئىشقا بۇ چاغدا،
رابىيە تەنھا قالغانتى بۇ باغدا.
ئۆزى يالغۇز بۇ باغدا ئىچى پۇشتى،
چىقىپ باغدىن تۈمەن بويىغا چۈشتى.
ئۇ يان-بۇ يان مېڭىپ دەريا لېۋىدە،
كېلىپ ئولتۇردى بىر تۈپ تال تۈۋىدە.
خەلقلەر ئىدى قايتىشقان پىشىندىن،
چىقىپ قالدى ئەجەپ ئاۋاز شەھەردىن.
ئۆچۈپ رەڭگى خالايىق قالدى چۆچۈپ،
بولۇشتى جىم، قۇلاقنى دىڭ تۇتۇشۇپ.
قۇلاق سالدى، ئىدى جارچى ساداسى،
پۈتۈن خەلقلەرگە قىلغان خان جاكاسى.
بۇنىڭغا ھەممە دىققەت قىلغىنىدەك،
رابىيەمۇ قۇلاق سالدى ئۇنىڭغا بەك.
قىلىپ جاڭ-جاڭ جاكاچى جار سالاتتى،
ئۇنىڭدىن مۇشۇ بۇيرۇق ئاڭلىناتتى:
"سېلىپ قۇلغىڭلىنى بەك، ئەيىۇھەنناس،
ئىشتىڭلار بۇنى، ئى ئام بىلەن خاس.
دىمە ئاڭلىمىدىم، ھەممەڭ قۇلاق سال،
پۈتۈن پۇقرا بۇ پەرماننى بىلىپ قال،

مۇشۇنداق ئاز ۋاقىتتا بۇ بالانى،
توساركىم، قۇتقۇزار كىملەرمۇ، ئانى.
بېرىلگەن ئەمرە قۇرۇلغان دار، ۋاقت تار،
بۇيرۇق خانىنىڭ، بېجىرمەي نە ئىلاج بار؟
دىمەككى ئاشىقى كەتتى جاھاندىن،
يامان شۇنداق ئۆلۈم ئايرىدى جاندىن.
بۇنى ئويلاپ ئۇنىڭكى بېشى قاتتى،
ئۆزىنى تۆشەكى ئۈستىگە ئاتتى.
باھار بۇلۇتىغا ئوخشا تۆكتى ياشنى،
يۈگۈرتتى ھەر تەرەپ پىكرى قاراشنى.
ئىشق سۈرتكەن ئۇنىڭ دىل ئاسمىنىدا،
مۇشۇنداق ياخشى بىر پىكر، بولدى پەيدا:
پەقەتلا ئاراغا چۈشسە نازارى،
تاڭ ئەرمەس، قايتسا يامۇلنىڭ قارارى.
بۇنى ئويلاندى ئۇ، شۇنداقمۇ بولسۇن،
قىلىنغان ئىلتىماس شائىرغا يەتسۇن.
قىلارمۇ ئۇ قوبۇل بۇنداق قىلىشنى،
ئۆلۈم ئىشىغا، بېرىپلا قول تىقىشنى.
بولارنىڭ بارلىقىمۇ بولدى دەيلى،
ئىكەن ئۇستاد ۋە شاگىرت، كەلدى مەيلى.
ئۇنىڭغا كىممۇ دەر بۇ ئىلتىماسنى،
چۈشەندۈرگەي ئۇنىڭغا بۇ ئاساسنى؟
قاراپ كۆردىكى، ۋاقتتۇر ناھايىتى تار،
بۇ سۆزنى يەتكۈزۈچى بۇندا كىم بار؟

مانا مەھبۇبى سەئىدىن ئۆلمىدىمۇ،
پۈتۈن كۈتكەن ئۈمىدى تۈگىمىدىمۇ؟
خازان بولمىدىمۇ ياشلىق باھارى،
ئۆلۈم گىرۋىكىدە تۇرامدۇ يارى؟
قېنى ئەمدى ئۇنىڭغا مۇنىس ھەمدەم،
ئىدى ئۇ ئاشىقى مەشۇقىمۇ، ھەم.
ئۇنىڭ چولپان كۆزىدىن ئاقتى دەريا،
تېنى ئېرىپ پۈتۈن سۇ بولدى گويا.
مۇشۇنداق دەرت ئىچىدە قىز بىچارە،
چۈمۈلدى ئويغا، ئىستەپ بۇڭا چارە.
تەسادىپ يەتتى كۆڭلىگە بىر ئىلھام،
ھېكىم ئېيتقان نازارى، بۇ ئۇلۇغ نام.
كۆڭۈل ئاينەسى سۈرتۈلدى دەرھال،
كۆرۈندى ئۇندا سەئىدىن ئېيتقان ئەھۋال.
نازارى ئوردانىڭ باش كاتىبىدۇر،
ھاكىم، ۋاڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىرى زور.
زوھورىدىن ھاكىم چىقماس سۆزىدىن،
ئۇنى توسمايدۇ ياساۋۇل، ئۆزىدىن.
قاچان كۆرمەكچىكەن ۋاڭنى نازارى،
كىرەلەيدۇ شۇ چاغدا ئىختىيارى.
رابىيەگە كېرەكتى نەق شۇ نۇقتە،
لازىمتى ۋاڭغا تېز سۆزلەش بۇ ھەقتە.
نەكىم ئەرتە تاڭ ئاتسا بولسا چاشگاھ،
ئېسىلىدۇ ئۇ دارغا، خاھ ناخاھ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ كەلگەن چاغدا يۇرتتىن شەھەرگە،
يارى سەئىدىنىگە بىر سوغات ئېتەرگە،
ئىدى ھازىرلىغان بىر قۇر سەروپا،
كېپىش، مەيسە، ئىچ تون، تون ۋە دوپپا.
پىكىر تەييارلىقى شۇ يەرگە يەتكەچ،
قارىماستىن كىرىپ قالغىنىغا كەچ،
تۇردى ئۇ، ئورنىدىن ئىرغىپلا چاچراپ،
سېلىشقا باشلىدى كىيىمنى تاشلاپ.
بۇنىڭدىن زوھرا كەتتى بەكمۇ غەم يەپ،
بولۇپ قالدىمىكىن بۇ قىز ساراڭ دەپ.
بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ تۇتتى قولىنى،
سىلىدى يالۋۇرۇپ يۈز ھەم كۆزىنى.
دىدى ئۇ يالۋۇرۇپ سەن قىلما مۇنداغ،
ئەمەس ھازىر كىيىمنى سالىدىغان چاغ.
شۇ چاغ زوھراغا پىكرىنى ئەيتتى قىسقا،
دىدى، ھىچ بىر ئامال يوق بۇڭا، باشقا.
بېرىپ مەن كەلگۈنچە، بۇندا قاراپ تۇر،
بولۇپتۇرمەن، شۇ خىل ئىشلەشكە مەجبۇر.
دىدىيۇ، ئەر كىيىملىرىلە كىيىندى،
ھەقىقى بىر يىگىتتەكلا كۆرۈندى.
قاراپ بۇ ھالغا زوھرا بولدى ھەيران،
تولاراق سۆز قىلىشقا بەرمەي ئىمكان.
كېلۇرمەن سەن تۇرۇپتۇر دىدى، چىقتى،
نازارىنىڭ بېغىغا يۈردى، كەتتى.

بۇ يەردە يوق ھەسەن ياكى ئىبراھىم،
نازارىغا بېرىپ سۆزلەپ مۇلايىم،
بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئەرز قىلسا،
نازارى بۇنى ئاڭلاپ، ۋاڭغا سۇنسا،
مۇشۇنداق بىر پىكىر كۆڭلىگە چۈشتى،
ئۇنىڭدىن قەلبىگە بىر نۇر يېتىشتى.
ئاخىرى كەلدى شۇنداق بىر قارارغا،
نازارىنى ئۆزى ئىستەپ بارارغا.
قارارغا كەلدى، تۇردى ئورنىدىن دەس،
ۋە لېكىن ئۇ چۈمۈلدى ئويغا بىر پەس.
شارائىتكىم ئىدى مەۋجۇت بۇ ۋاقىتتە،
ئوكۇشلۇق ھىچ ئەمەستى ئۇشبۇ ھەقتە.
ئايال ئۆزى بېرىپ ئوردىغا كىرمەك،
نازارىنى بېرىپ تاپماق، كۆرۈشمەك،
ئەمەس بىر كۈندىلا مۇمكىن بولۇر ئىش،
بۇنى بىلمەيدۇ خوپ دەپ شاھ، دەرۋىش.
ئاخىرى بىر يېڭى پىكىر يادىغا چۈشتى،
شۇ پىكرى بىرلە مەقسەتكە ئېرىشتى.
يۈزىگە پۈركىمەستىن ئاق پەرىجە،
ئۆزى بولدى كېيىنمەكچى ئەرەنچە.
مۇشۇنداق ئوردىغا كىرمەكچى بولدى،
نازارىنى بېرىپ تاپماقچى بولدى.
كۆرۈڭكىم بولدى تەييار مۇددىئاسى،
يېنىدا بار ئىكەن ئەرلەر لىباسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 33. نازارى نىجات پەرىشتەسى

قەلەم كەل! تۆك كۆزۈڭدىن، ئۆز يېشىڭنى،
كۆتەرمە ھارغۇن بولساڭمۇ بېشىڭنى.
نەكىم ۋاقىتتۇر تولا نازۇك ۋە جىددى،
بىلۈرسەڭكىم، نىچۈك بۇيرۇق قىلىندى.
بۇيرۇق تېز ئەرتىكى كۈنگە بېرىلگەن،
"ئېسلىسۇن ئەرتىلا دارغا" دېيىلگەن.
كىشىسى يوق ئۇنىڭ بۇ جايدا بىرمۇ،
ئۆلۈمگە ئۆلگۈرۈپ ئاتىسى كېلەرمۇ؟
تېخى بۇمۇ ئېنىق ۋە جەزمى ئەرمەس،
دىمەك، سەندىن ھەقىقى زار بىكەس...
شامال چىققان، توزاڭ-چاڭ، كۆك ئەمەس ساپ،
يېقىنلاشقان پاتار جايىغا ئاپتاپ.
گويا ئەرتە تۆكۈلۈر دەپ قىزىل قان،
شەپەقتىن گىرۋىكى كۆكنىڭ، قىزارغان.
شۇ ھالەتتە شەھەرنىڭ كوچىسىدا،
قىزىل چەكمەن چاپىنى ئۇچىسىدا،
كىيىنگەن ياپ-يېڭى، ئازادە ئوغلان،
كېتىپ بارىتى قاراپ ئوردىغا چاققان.
ئۇ ئوردا يېنىغا كەلگەن زامانى،

يېتىپ باردى نازارىنىڭ بېغىغا،
تېخى كەلمەپتۇ ئۇ بۇ ياتىغىغا.
ناھايەت تېزلا يۈز تۇتتى شەھەرگە،
بېرىپ ئوردا، نازارىنى كۆرەرگە.

### قىتئە

چۈن نەنيمانەد بەندەرا، جايى گۇرىز،
دەست بىگىرەد، سىرى شەمشىرى تېز.
(كىشى قېچىشقا ئورۇن تاپالمىسا، ئۆزىگە كېلىۋاتقان
ئۆتكۈر شەمشەرنىڭ بىسىنى قولى بىلەن تۇتىدۇ.)
ـــــشەيخ سەئدى.

كىيىنگەن بىر "يىگىت بالا"نى كۆرۈشتى.
نازارغا سالام قىلدى بۇ "ئوغلان"
جاۋاپ بېرىپ سالامغا، دېدى شۇئان:
تۇرۇپلاغۇ بالام ھىلە بۇ جايدا،
بۇنى ئاڭلاپ "ئوغۇل" ئەرز ئەيتتى شۇندا:
جاناپلىرىغا زۆرۈر بىر ھاجىتىم بار،
تاپالماي باشقا ھېچقانداق مەدەتكار.
ھوزۇرلىرىغا تۆكۈپ كەلدىم يېشىمنى،
قويارمۇ دەپ تۈزەپ، قاتقان بېشىمنى.
نازارى ئۇنى تەكلىپ قىلدى باققا،
ئۇنى باشلىدى مېھمانخانا ياققا.
ئىدى مېھمانخانا ئوبدان بېزەلگەن،
سەرەمجان قىلىنىپ رەتلەپ تۈزەلگەن.
ئانار گۈللۈق خوتەن گىلەمى سېلىنغان،
كىتاپلار تەكچىلەردە رەت تىزىلغان.
سېلىنغان شايى ئەتلەستىن يىكەنداز،
ئۇلۇغۋار تۈيغۇلار قىلماقتا پەرۋاز.
بولۇپ ئۆينىڭ ئىچى شەمئىدىن مۇنەۋۋەر،
ئىدى بىر شائىرانە ھىسقا مەزھەر.
نازارى قىلدى تەكلىپ ئولتۇرۇشقا،
"ئوغۇل" ئۇنىماي ئەدەپسىزلىك قىلىشقا،
قولىنى قوشتۇرۇپ ئۇ، تۇردى ئۆرە،
گويا خىزمەتتە تۇرغاندەكلا چۆرە.
بېشىدىن ئالدى ئۇ، سەرپوش تۇماقنى،

چىقىپ قالدى ناماز شامنىڭ ئەزانى.
دىمەك، كۈندۈز تۈگەپتۇ، كەپتۇ كېچە،
ھېچ ئىش ھەل بولمىدى، ئەپسۇس! تېخىچە.
كۆرۈپ ئۇ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى،
قاراۋۇلغا بېرىپ قىلدى سۆزىنى.
سۈرۈشتۈردى نازارىنى ئۇنىڭدىن،
دىدى: كەتكەن خېلى ئەۋۋەل بۇنىڭدىن.
يېقىن قالغاندا خۇپتەن نامىزىغا،
يېتىپ باردى نازارىنىڭ بېغىغا.
ئىشكىنى چەكتى، چىقتى ئات باقارى،
ئۇنىڭدىن سوردى، بارمۇ دەپ نازارى.
جاۋاپ چىقتى ئۇنىڭدىن، ئۆيدە يوق دەپ،
ئىست! دەپ چەكتى غەمكىن ئاھ غەم يەپ.
سوئال قويدى كېلەر ئۇ دەپ قاچاندىراق،
دىدى: خۇپتەنگە چىقتى، تۇرۇڭ ئازراق.
ئوغۇل تۇردى كۈتۈپ ئىشك تۈۋىدە،
دىلىدە قايغۇدىن ئوت، ياش كۆزىدە.
كۈتۈپ ئۇندا يېرىم سائەتچە تۇردى،
لېكىن بۇ ۋاقت ئۇڭا بىر يىل كۆرۈندى.
قاراڭغۇدىن كېلىپ چىقتى يورۇقلۇق،
ئىكى گەۋدە، بىرى پانۇس تۇتۇقلۇق.
"ئوغۇل" بىلدى يېتىپ كەلدى نازارى،
ۋۇجۇدى تىترىدى بىئىختىيارى.
ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا كېلىشتى،

ئۇنى ئاڭلاپ ئىچۇك ياسىدى ئۆزىنى.
يىغىنچاقلاپ ئۇنىڭغا دىدى بىر-بىر،
سۆزىن قىلدى يىغى ئاھ بىرلە ئاخىر...
دىدى گەر ئۆزلىرى سالمىسلا قول،
مۇقەررەر ئەرتەلىككە ئۆلىدۇ ئول.
نازارى دىدى قىزغا ئاپىرىن كۆپ،
ئۇنى قىلدى ۋاپادارلىققا مەنسۇپ.
دىدى كۆڭلىدە چىندىن بارىكاللار،
ئەگەر بولسا مۇشۇ روھتا ئاياللار...

رۇبائى

گەر بولسا قىزىڭ، مۇشۇ گۈزەل قىزدەك خوپ،
چىن ئەھدۇ ۋاپاغا مىھر بىرلە مەنسۇپ.
جان نەقدى ئۇنىڭ نىسارى بولسا ئەرزىر،
نە بەخت ئۇڭاكىم، بولسا بۇنىڭدەك مەھبۇپ.

بۇنى ئاڭلاپ نازارى دىدى ۋاي، ئىست،
يامان ۋاقتا يامان كەلدى شارائىت...
ۋاقىت تاركەن، نىمە قىلساقكەن ئاخىر،
بۇنىڭغا قىلغۇلۇق ئەمدى نە تەدبىر؟
سىپىل سوقماققا بۇزغۇنچى دىيىلسە،
ئۇ بىر بەگنى ئۇردى دەپ كۆرسىتىلسە،
بۇنىڭ ئاستىدا باردەك باشقا مەقسەت،
قىلىنغان خەلقنى قاتتىق چۇچىتىش قەست.

چىقاردى پۇتتىكى ئەرچە ئاياقنى.
نازارى كۆردى، تۇغدى بىر تولۇن ئاي،
كۆزى نەرگىس، لېۋى لەئل، قاشلىرى ياي.
ئۆزى، سۇمبۇل چېچىدەكلا پەرىشان،
كۆرۈپ بۇ ھال، نازارى قالدى ھەيران.
بۇ ھەيرانلىقنى "ئوغلان" ئۆزى بۇزدى،
ئۇ، غۇنچە لېۋىدىن سۆز دۇررى تىزدى،
دىدى، تەقسىر ئېغىر كۈن باشقا چۈشتى،
ئەجەلنىڭ تىرنىغى جانغا يېپىشتى.
بۇ كۈن شاگىرتلىرى سەئدىن بېشىغا،
ئۆلۈم چۈشتى. سۇرۇلدى دار قېشىغا.
بولۇپ دۇچ ئۇ، ئايانچلىق بىر زۇلۇمغا،
ھۆكم قىلىنىپتۇ ئەرتە ئۇ، ئۆلۈمگە.
قىلىپ قىسقا ۋە لېكىن بەك ئۇقۇملۇق،
نازارىغا دىدى بولغاننى تولۇق.
ئۆزىنىڭ كىملىگى، نىمەلىگىنى،
ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن ھۆكم بولغانلىغىنى،
نىچۈن ئۆزىنىڭ ئەرەنچە كەيگىنىنى،
بۇ دەرگاھقا نىچۈن كەلگەنلىگىنى.
نازارىنى نىچۈك بىلگەنلىگىنى،
ئۇنى سەئدىنىنىڭ ئۇستاز تۇتقىنىنى.
ئۆزى ئويلاپ بۇ يەرنى تاپقىنىنى،
بۇنىڭدىن باشقا چارە يوقلىغىنى.
بايان قىلدى جاكاچىنىڭ سۆزىنى،

بۇگۇن سەن ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ تۇر،
قىلىپ خىزمەتچىسىنى ئۆزىگە ھەمرا.
چىقىپ كەتتى ئۆيىدىن، ئۆزى ئاگاھ.
رابىيە قالدى يىغلاپ دىلى قانلىق،
نىمەدەر مىرغەزەپ بەگ دەپ گۇمانلىق.
ئەگەرچە كەلدى شائىر بەك كېچىكمەي،
كۆرۈندى بەك ئۇزۇن رابىيەگە، كەلمەي.
كېچىككەندەك كۆرۈندى ئۇ ناھايەت،
مۇشۇ ئاز ۋاقىت ئۇڭا بولدى قىيامەت.

قىتئە

ھەر كۆڭۈلكىم بولسا ئۇ، بىر ئارزۇغا ئىنتىزار،
بىر سېكۇنتى، سائىتى، بىر سائىتى بىر كۈنچە بار.
دىل قۇشى گەر ئىنتىزارلىق قەپەسگە چۈشسە ئۇ،
يىگىدىن قەپەسكە چۈشكەن قۇشقا ئوخشا، بىقارار.

خېلى ۋاقتتىن كېيىن كەلدى نازارى،
دىدى: بەردى قىزىم بەخت بىزگە يارى.
بار ئىكەن مىر غەزەپ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە،
ھۆكۈمىنىڭ ئەرتە ئىجراسى كويىدە،
سەمىمى ئىلتىماس قىلدىم ئۇنىڭغا،
بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم بۇنىڭغا.
دىدىم مەن، ئەرتە بەگ قېشىغا بارۇرمەن،
بۇ ھەقتە ئىلتىماسىمنى سۇنۇرمەن.

دىدىيۇ، ئاق ساقىلىنى تۇتاملاپ،
خىيالغا چۆمدى، كەتتى چارە ئويلاپ.
تەپەككۇر بىرلە ئاز يۇمدى كۆزىنى،
مۇشۇنداق باشلىدى ئۇ ئۆز ئويىنى:
دىدى بولغان ئىكەن بۇ خىلدا بۇيرۇق،
ھاكىم بەگدىن بۆلەك، بۇڭا ئامال يوق.
زوھورىدىن ھاكىمنى تاپمىغۇنچە،
ئۇنى بۇ ئىشتىن ئاگاھ قىلمىغۇنچە،
بۇ ھادىسگە بۆلەك چارە تېپىلماس،
بۆلەك ئەرباپلار بۇ ئىشنى تۇسالماس.
بولۇپ قالدى قىزىم ئەمدى نىسپى شەپ[1]
تېپىپ بولمايدۇ ھازىر بەگنى ئىستەپ.
بولۇر مۇمكىن كۆرۈشكە بەگنى ئەرتە،
باراي مەن "مىرغەزەپ"[2] ئۆيىگە شۇ پەيتتە.
ئۇڭا دەي، قايتا بۇيرۇق بەرمىگۈنچە،
كۆرۈشۈپ بەگ بىلەن مەن كەلمىگۈنچە،
ھۆكۈم ئىجراسىنى ئۇ ئارتقا سوزغاي،
ئۈمىت كى شۇ بىلەن سەئىدىن قۇتۇلغاي.
دىدى ئۇ، ئورنىدىن قوزغالدى دەرھال،
قىزىم بۇگۈن ئۆزۈڭ بۇندا قونۇپ قال.
ھەرەمخانەدەكىلەرلە بولۇپ جۇر،

---

① نىسپى شەپ — يېرىم كېچە.
② مىرغەزەپ — غەزەپ باشلىغى.

بۇ ئىشلار ئاچقۇچىدۇر، قولىمىزدا،
توسالماس بىزنى ھېچكىم يولىمىزدا.
ھەرەمگە بۇيرۇدى خىزمەتچى بىرلە،
دىدى: ئۇخلا قىزىم، ئۆي ئىچى بىرلە.
رابىيە توكتى ئۇمىتۋار يېشىنى،
دىدى رەھمەت، ئېگىپ غەمكىن بېشىنى.
چىقىپ كەتتى نازارىنىڭ قېشىدىن،
بېغىر پارە، زامانىنىڭ گەردىشىدىن.

كەل ئى ساقى، ماڭا سۇن جامى-ئۇمىت،
نىتاڭكىم بولمىغايلار، بولار نەۋمىد.
ئەمەستىم مەن، شاراۋابىڭنىڭ خۇمارى،
ئېتىلگەچ ئەكس كۆز ئالدىمدا نازارى.
ئۇنىڭ ئىنسانى مەيدانىنى كۆرگەچ،
بۈيۈك شەپقەتلى ۋىجدانىنى بىلگەچ،
كۆتەرمەكچى ئۇنىڭ شەئنىگە بىر جام،
كۆرۈلسۇن مەڭگۈ تارىخ ئۆزرە بۇ نام.
قارا، رابىيە قانداق ئىزتىراپتا،
ئىچۈك ئەندىشىدە كۆڭلى شۇ تاپتا.
زۇلۇم تىغى ئەسرى زار سەئدىن،
ئۈمىتسىز قانچىلىك، شىرىن جېنىدىن؟
بولامدۇ قىلغىلى ھالىنى تەسەۋۋۇر،
خەتەر، قايغۇ بۇلاردا قانچىلىك زور.
نىتاڭكىم قىلسا خوش سۇنغان شارابىڭ،
قۇتۇلسا بۇ ئىككى باغرى كاۋابىڭ...

قىلىك تەخىر، يېنىپ مەن كەلگۈچىلىك،
ھاكىم بەگنىڭ سۆزىنى ئۇققىچىلىك.
ىبھەمدىلا سۆزۈمگە رازى بولدى،
"ئېسىش" مەن كەلمىگۈنچە توختىتىلدى.
قىزىم، ئەمدى خۇدايىم يار بەرسە،
ھاكىم بېگىم سۆزۈمنى توغرا كۆرسە،
مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىم بولسا مەقبۇل،
ئەجەپ ئەرمەس قۇتۇلسا داردىن ئۇل.
مەن ئۇيلايمەنكى رەت قىلماس سۆزۈمنى،
قىلار ئەلۋەتتە ھۆرمەت بۇ يۈزۈمنى.
قىزىم، بىرئاز خاتىرجەم بول، ئارام ئال.
ئۈمىدىم شۇكى، بولغان ياخشى ئەھۋال،
سەھەردە ئوردىغا بىللە بارۇرمىز،
ھاكىمنىڭ ئالدىغا بىللە كىرەرمىز.
يىگىتلىك كىيىمگىنى سەن كىيۇرسەن،
باياتىن كەلگىنىگدەك ياسىنۇرسەن.
ئۇنىڭا دەيسەن ماڭا ئېيتقان سۆزۈڭنى،
ھولۇقماستىن تۇتۇپ مەھكەم ئۆزۈڭنى.
شۇ چاغدا مەن بولۇرمەن ئىلتىجادا،
"ئېنقلايلى بۇ ئىشنى" دەپ دۇئادا.
ئېنقلاشقا كۆنۈپ بۇيرۇق بۇزۇلسا،
بۇگۈن سەندىن ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇلسا،
بولۇشى ھەل بۆلەك ئىشلارنىڭ ئاسان،
ھاشار بولسۇن ۋە ياكى بولسا زىندان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 34. قايتقان ئوق ۋە ھاياتلىق ئەلچىسى

2258 بۇ بەگلەر ياقىن تۇتسا ئەزگۇ كىشى
ئاتى ئەزگۇ قالدى ھەم ئەل كۈن ئىشى،
يەشمىسى: ئۆزىگە يېقىن تۇتسا ياخشىنى خان،
تېپىپ ياخشى ئات، ئەل تۈزىلەر ھامان.
——«قۇتادغۇ بىلىك».

كەل، ئى نەققارەچى چال شادىيانە،
خوشاللىقتىن بىرۇر ناغرالىڭ نىشانە.
چىقار ناغرالىڭنى قەشقەر پەشتاقىغا،
ئۇرە! چىقسۇن ئۈنى، كۆكنىڭ تاقىغا.
ئۇرە! ناغـرالىڭـنى قەشـقـەر ئەھلىگە ئەيت،
بۈگۈن ماتەم ئەمەس، بەلكى ئىرۇر ھەيت.
خەلق كۆردۇ نىجاتلىق ئەلچىسىنى،
ئېتىلغان ئوقنىڭ ئارتقا قايتقىنىنى.
چېلىنسا شادىيانە گەر سەھەردە،
سۆيۈنچى بەلگىسىدۇر بۇ شەھەردە.
شۇڭا سەن شادىيانەڭنى تازا ئۇر،
بۈگۈن ھېيت، ئىككى ئاشىقتا قاراپ تۇر.

## غەزەل

يار بولساڭ رابىيەدەك يار بول دار ئالدىدا،
گۈل يۈزۈڭ كۈلگەي سېنىڭ، شۇ چاغدىلا يار ئالدىدا.

يار قانداق يارمەن دەپ يارلىق دەئۋا قىلىۋر،
بولمىسا يارىغا ياۋەر، يار دەرتمەن چاغىدا.

بىۋاپالىقتۇر كېپىلەكتەك چىمەندە گۈل ئۈزە
قونسايۇ، بولسا ھەمىشە نەشتىرى گۈل باغرىدا.

گەرچە دەر، ئاچىلمىدى مېھرو ۋاپانىڭ بىر گۈلى،
ھىچقاچان، ئەگرو ماگار، بۇ كاج زامانىنىڭ باغىدا.

لېكىن بولدى رابىيە مېھرو ۋاپانىڭ بىر گۈلى،
مەڭگۈگە چاچقان ۋاپا بويىنى قەشقەر باغىدا.

بۇ ۋاپا باغىدا ئۈسكەن غۇنچە ھەرگىز قىلمىدى——
بىۋاپالىق، بولسىمۇ قان باغرى دەرد تىرناغىدا.

كۆر نىچۈك چاچتى نۇرىنى بۇ ۋاپانىڭ مەشئىلى،
يارى قالغاندا ئەبەتكە، يوقۇلۇشنىڭ شامىدا.

قۇرۇلدى ھەر تەرەپتە مىڭلىغان دار،
جاھان بولدى كىشىلەر كۆزىگە تار.
ئوغۇل-قىزلار يېتىم بولدى، ئايال تۇل،
كېسىلدى باش، ئويۇلدى كۆز، سۇندى قول.
بولۇپ كەتتى ۋەتەن شۇ خىلدا ۋەيران،
كى، قالدى چەرخ زالىم، بۇڭا ھەيران.
بولۇپ تۇرغاندىمۇ شۇنداق زۇلۇملەر،
كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ ناھەق ئۆلۈملەر،
يانا شۇ چاغدىمۇ بۇ تاڭلار ئاتقان،
قۇياش ئۆز نۇرىنى شۇنداقلا چاچقان.
رابىيە گەرچە شۇنداق ئويلىناتتى،
پەلەك چەرخى يانا ئۇ ئايلىناتتى.
قۇياش شەرقتىن نۇرىن چاچتى ئېخىرى،
قارا كېچىنى يورۇتتى سۇبھى نۇرى.
ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلدى تۇغدى چولپان،
چىقىپ كەتتى پۈتۈن مەسچىتتە ئەزان.
سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان نازارى،
ئىدى، شۇ تاڭ ئېتىشىنىڭ ئىنتىزارى.
قىچىرتقۇزدى رابىيەنى ھەرەمدىن،
سوراپ چىقىپ ھال ئەھۋالنى سەنەمدىن.
دىدى: تېز بول قىزىم ئەرچە كىيىنگىل،
ئېلىپ مەشئەلنى، ماڭ ئارقامدا دادىل.
بېرىپ مەسچىتكە تاڭ نامازىن ئوقۇيمىز،
ھاكىمنى تاپىمىز بۇ ھالنى دەيمىز.

رابىيە تۇن بويى بىر يۇممىدى كۆز،
بۆلەكلەر ئۇخلىدى، ئەيتىلمىدى سۆز.
يۇزى كۆكنىڭ، قارايغان خۇددى قۇندۇز،
ياقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇرماقتا يۇلتۇز.
تېخىچىلا خەۋەر يوق ئەردى تاڭدىن،
هاۋا بەك ساپ، ئەسەر يوق ئىدى چاڭدىن.
قوپۇپ قانچە قېتىم چىقتى تالاغا،
يۇگۇرتتى كۆزىنى ئۇ، ساپ هاۋاغا.
بۇ تاڭغا ئىككى خىل ئويدا ئىدى ئۇ،
بىرى پات ئاتسا، بىرى ئاتمىسا ئۇ.
"هاكىم بەگ ئەمر ئېتەر ئېسىلمىسۇن" دەپ،
خىيالنى قىلسا، دەيتتى: "ئاتمىدى زەپ".
ئەگەر ئۇ ئويلىسا كۆڭلىدە دارنى،
"ئېسىلسۇن ئەرتە" دىگەن شۇم قارارنى.
يۇرىگى ئەرسىقىپ بەك ئەنسىرەيتتى،
تاڭ-ئاتماي مەڭگۇ بولسۇن كېچە، دەيتتى.
پەلەك چاقى بۇگا باغلىق ئەمەسقۇ،
نە بولسۇن هەر قاچاندا تاڭ، ئاتار ئۇ.
قىلىپ ماڭغاندا زور قىرغىن چىڭگىزخان،
ئېقىتىپ سۇنىڭ ئورنىغا قىزىل قان.
ئەمىر تۆمۇرمۇ ئەلگە رەهم ئەتمەي،
ئادەم كاللىسىدىن ياسىغاندا پوتەي.
ئاتالمىش مەدىنىيەت ئىنقلاۋى،
ۋەتەنگە يەتكۈزۈپ قاتتىق خارابى.

سالامىغا جاۋاپ بەردى بەگ ھاكىم،
بېشىن ئەگدى ئۇنىڭغا قىلدى تازىم.
شائىرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ ئەتتى،
نازارىي ئولتۇرماي قىزنى كۆرسەتتى.
دېدى "بۇ قۇللىرىنىڭ باردۇر ئەرزى،
بۇ قۇل تا بولمىغۇنچە ئۆزى رازى،
تۇرۇرمەن ئۆرە، ئولتۇرمايمەن شاھىم،
سائادەت بەرسۇن ئۆزلىرىگە ئىلاھىم".
دېدى ئۇ رابىيەگە قېنى، ئەرز ئېيت،
سۆزۈڭنىڭ سورتى، زاتىڭنى كۆرسەت.
رابىيە ئەرچە كەيگەن تونىنى سالدى،
بېشىدىن ئەر كىيەر سەرپۇشنى ئالدى.
گۈزەل بىر ھۆر زوھور قىلدى ئېچىدىن،
بۇنىڭغا قالدى ھەيرەتتە زوھورىدىن.
شائىرغا قارىدى ئۇ، بۇ نە ئىش دەپ،
رابىيە ئاچتى سۆزگە، تەۋرىتىپ لەب.
بايان قىلدى ئۇ، ھەممە ئىشنى بىر-بىر،
مۇشۇنداق ئىلتىماسنى قىلدى ئاخىر:
سورايمەن قايتا بىر تەپتىش بولۇنسا،
ئۆلۈمنىڭ بۇيرۇغى بىكار قىلىنسا،
ئەگەر ئۆلتۈرگۈلۈكتۇر ئۇ، كېچىكمەس،
ۋەگەرنە ئۆلسە ئۇ، ئورنىغا كەلمەس.
زوھورىدىن ھاكىم ئويلاندى بىرئاز،
دېدى: پەرماننى شۇنداق قايتىدىن ياز.

چاپان بازىرى جامىگە كەلدى شائىر،
ناماز ئوقۇدى بىرئاز ۋاقت قىلدى تەخىر.
ئۆزى ئىشقا كىلۇر ۋاقتىدىن ئەۋۋەل،
يىتىپ كەلدى ئۇ، ئوردا ئالدىغا دەل.
سالام هۆرمەت بىلەن قىلدى قاراۋۇل،
بىرىپ ئۆتتى سالامىغا جاۋاپ ئول.
ئۇدۇل ماڭدى ئۇ هاكىم بار هەرەمگە،
دىدى ياساۋۇلغا، "ئىيتقايلا بىگىمگە،
نازارى بەك مۇهىم بىر ئىشقا كەپتۇ،
كۇتۇپ رۇخسەت، مانا ئىشكتە تۇرۇپتۇ".
ياساۋۇل "خوش" دىدى ۋە كىردى، كەتتى،
ناهايەت تىزلا قايتىپ چىقتى ئەيتتى:
"قىنى كىرگەيلا" دەپ قىلدى ئىشارەت،
بۇنى ئۆزىگە بىلىپ ياخشى بىشارەت.
ئوغۇلنى بىللە ئۆز يانىغا ئالدى،
زوهورىدىن هاكىم قىشىغا ماڭدى.
بۇ جايدا قىلىمىز بۇ سۆزنى قىسقا،
ۋاقت تار بەكمۇ، بولمايدۇ سوزۇشقا.
زوهورىدىن ئۇنىڭ شان-شەۋكتىنى،
ئۇنىڭ ئوردا بىناتى قىممتىنى،
بىرىشكە ئۇڭا ئوبراز، ۋاقتىمىز يوق،
نازۇك شۇنچە مۇهىم بىر ئىش تۇرۇقلۇق...
مەئەلقىسسە، سالام قىلدى نازارى،
يىنىدا ياش "يىگىت" — سەئىدىنىنىڭ يارى.

www.uyghurkitap.com



ئۆلۈمنىڭ بۇيرۇغى بىكار قىلىنسۇن،
تۇتۇپ زىنداندا قايتا تەكشۈرۈلسۇن.
نازارى يازدى بۇيرۇقنى قولىچە،
زوھورىدىن ئۇڭا، باستى موھۇرچە.
دۇئا قىلدى رابىيە ھەمدە شائىر،
دىيىشتى بارىلى مەيدانىغا ھازىر.
تۇرۇپتۇ ئۇ بىچارە، دار تېگىدە،
قۇتۇلدۇرىلى ئۇنى جېنىنىڭ بېرىدە.
بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇ، قىلدى رۇخسەت،
بېرىڭلار تېزلا دەپ قىلدى ئىشارەت.
چىقىپ رابىيە ئەر كىيىمنى كەيدى،
ئېلىپ بۇيرۇقنى، قايغۇسى كەمەيدى.
ھاسىل بولدى بۇنىڭدىن خوشلۇق ئانچە،
تېنىنى باستى تىترەك قىلسا شۇنچە.
تاپالماي قالدى ھىسسىياتىنى دەرگە،
شائىرغا خوشلۇقىنى ئىزھار ئېتەرگە.
ئىككىسى چىقتى دەرھال ئوردىدىن تېز،
نازارى ۋە كىيىنگەن ئەرچە بىر قىز.
ناھايەت تېز ئىگەرلەتتى ئىككى ئات،
بولۇشۇپ يېڭى بۇيرۇقتىن تولا شات.
بۇراپ مويدۇڭزاغا ئات تىزگىنىنى،
ناھايەت تېز قويۇپ بەردى ئېتىنى.

www.uyghurkitap.com

# 35. سۇنغان دار، ئۈزۈلگەن سىرتماق

ئى قەشقەر، سەن تولا ئىشلارنى كۆرگەن،
ئاجايىپ زور ۋەقەلەرنى كۆچۈرگەن.
بېشىڭدىن ئۆتتى نە-نە بەخت-سائادەت،
يانا كەچتى تولا شۇملۇق شاقاۋەت.
لېكىن شۇ تاپتىكىدەك بىر ئەجەپ ھال،
مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق، قىزىق ئەھۋال،
بولۇپمۇ ئىشق بىلەنلا يۇغۇرۇلغان،
مۇھەببەت ئۇچقۇنىدىنلا تۇغۇلغان،
سېنىڭ تارىخلىرىڭدا كۆرمىدۇق بىز،
ئىشقلىق ھادىسە ئۇچراتمىدۇق بىز.
بىر ئاشىق ئىشق سەۋەپلىك دار ئاستىدا،
بىرى ئاشىقنى دەپ شاھنىڭ يېنىدا.
بىر ئاشىقنى ئېسىشقا دار قۇرۇلغان،
يانا بىرى سەۋەپلىك قۇتقۇزۇلغان.
تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان يول —
بىلەن كەتتى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ئول.
چىققۇچىلار ئۆلۈمنى كۆرىمىز دەپ،
يېنىشتى ئۇلار ھەيران، قولنى چىشلەپ.
ئى ئىلھام، سەن كېتىپ بارىسەن قەيەرگە.

# غەزەل

خەتەرلىك نەرسە دۇشمەن، بولما غاپىل، ئۆزنى ئاسراشتىن،
بۇ ھالغا ئۇچرىدى سەئدىن چۇپان كەپىدە ئۇخلاشتىن.

ئۇنىڭغا يۇرتلىقى جابىر قۇردۇردى ئىگىز دارنى،
بولۇر ھەر ئاغرىق ئاشتىن، ھەر بالا كەلسە قېرىنداشتىن.

خالاسلىق دۇشمىنىڭدىن ئىستىسەڭ تۇتقىل ۋاپالىق دوست،
مانا سەئدىن نىجاتلىققا ئېرىشتى ياخشى يولداشتىن.

ھاياتتا ئەقىل-تەدبىرنى قولۇڭدىن بەرمىگىل زىنھار،
چۈشەر قاپقانغا يولۋاس، بولسا غاپىل ئۆزنى ئاسراشتىن.

ئەجەپمۇ بىر رىزالەتكە يېتەكلەر شەخسى دۇشمەنلىك،
مەگەر كىم باغرى دۇشمەنلىك قۇرۇلغاندۇر قارا تاشتىن.

ۋاپا، مېھرى-مۇھەببەتنىڭ سۈيى ئۇ بىر شېرىن سۇدۇر،
قۇيۇلسا قايسى گۈلغا، ياشنىتۇر ئۇنى يېڭىۋاشتىن.

ئەگەر مېھرى-ۋاپالىق چىن يۈرەك بىر ئاشىنا تاپسام،
ئۇنى دەيتتىم قەدىرلىك ھەم باھالىق لەئلۇراست تاشتىن.

كىرىش ئەمـدى بۇ ۋەقەنى يېشەرگە.
ئىشتىنگلار، نازارى بىرلە ئوغلان،
قاراپ مويدۇگزاغا ئېتىنى چېپىشقان.
ئۇلار يولدا كېتىپ بارغان چېغىدا،
بۇ يولنىڭ ئىچىدە ھەم قاسناغىدا،
مويدۇگزاغا ئاقماقتا ئىدى ئادەم،
قېرى، ياش ئايرىماستىن ئەر-خوتۇن ھەم.
جاكاچىلار يانا توۋلاپ جاكانى،
كىچە نىمىنى دىسەلەر، دەيتتى ئانى.
خالايىقلار كېتىپ بارىدۇ مىغىلداپ،
دىسەكچى بىرلە پاششەپ ئەلنى زورلاپ.
نىمە بولسا يىغىلدى نۇرغۇن ئادەم،
يامانى، ياخشـىسى، دىۋانەسى ھەم.
سېپىل سوققان نەچە ئون مىڭ ھاشاچى،
بۇلارنى قىچقىرىپ كەلـدى جاكاچى.
ئىدى، مەقسەت ئېسىلسا دارغا سەئدىن،
سېپىل سوققانلار ئىبرەت ئالسۇن ئانـدىن.
سوقۇشتىن بۇ سېپىلنى تارتمىسۇن باش،
بىلىپ قويسۇنكى، باش تارتسا كېتەر باش.
مانا مويدۇگزا تولدى كىشىگە لىق،
ئىگىز دار ئورتىدا، سىرتماق سېلىقلىق.
كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشكەندە دارغا،
ئوقۇيتتى بارلىغى لەئنەت جابىرغا.
ئۇلار دەيتتى: ئۇ ئىت گەر قىلمىسا قەست،



دىدى: سەئىدنىنى كەلدى يوق قىلىش چاغ.
ئۇنى مەجبۇرى ئىشلەشكە ئەۋەتتى،
ئۇرۇپ، تىللاشنى دوغىغا ئۇگەتتى.
سېپىلدا تېچ توپا يۆتكەن كىشىگە،
ئۆزىنى كۆرسىتىپ تەگدى چىشىگە.
بۇ ياش ئاشىق ئىلاجىسىز ئۇنى ئۇرغان،
لېكىن ئۇ ئۆلمىگەن، جان تەندە تۇرغان.
بۇنىڭ ئاستىدىمۇ جابىر قولى بار،
بېرىپ نۇرغۇن پارا، قۇردۇردى بۇ دار.
مۇشۇنداقتۇر بۇلارنىڭ ماجاراسى،
گۇناھكاردۇر مۇشۇ جابىر ئاساسى.
بۇلار ئاغلاپ دىدى: "زالىمغا لەنەت،
تېپىپتۇ-دە، ئۇ بەدبەخ ياخشى پۇرسەت."
مۇشۇ ھالەتتە خەلق توپى بۇزۇلدى،
بويۇن، كۆزلەر، شەھەر يېقىغا بۇرۇلدى.
قىرق، ئەللىكچە چېرىكلەر كەلدى ئاتلىق،
بۇلارنىڭ بارلىقى پۈتكۈل قوراللىق.
ھارۋا، چېرىك بىرلە ئورالغان،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كاجاۋا ياسالغان.
كاجاۋا ئىچىگە سەئىدنى ئېلىنغان،
قول-پۇتىغا كويزا-ئىشكەل سېلىنغان.
بېشىغا بىر مېتىر تاختا قادالغان،
بۇ تاختايغا ئۆلۈم ھۆكمى يېزىلغان.
ئۇنى خەلقلەر ئاتايدۇ خان ئوقى دەپ،

ئۇنى سەئىدىن ئۇرمايتتىكى، ئەمەس مەست.
ئۆئۇمگە كەتتى سەئىدىن، ئىست! ناھەق،
ئۆلۈم لايىق ئەمەس بۇ ئىشقا مۇتلەق.
بىرى مۇنداق دىسە، دەيتتى بىرى چىن،
ئۇلار دەيدۇ "جازاسىز قالسا سەئىدىن،
سىپىلگە ئىشلىمەيدۇ خەلقلەر" دەيدۇ،
شۇڭا ناھەق، ئادەم بېشىنى يەيدۇ.
بۇلارنىڭ قېشىدا تۇرغان بىر ئادەم،
دىدى: بۇندىن بۆلەك بار باشقا سۆز ھەم،
ھۆكۈمنىڭ ئاستىدا بىر سۈيىقەست بار،
ئۇنى جابىر دىگەن ئىت، قىلغان تەييار.
يىگىتنىڭ بىر گۈزەل مەشۇقى بولغان،
جابىر كېلىپ ئۇنىڭغا قولىنى سوزغان.
بۇ ئىككىسى كۆيۈشكەن بىر بىرىگە،
ئاتا كۆنمەي بولارنىڭ سۆزلىرىگە.
جابىرغا قىزنى بەرمەكچى بولغان،
ياقۇپ، جابىر ئارا زور توي قۇرۇلغان.
نىكاھ ئاخشاملىقىدا بۇ يىگىت، قىز،
يوقالغان ئۆيلىرىدىن ئىز - دېرەكسىز.
جابىر بەگ مانجۇلارنىڭ بىر ئىتتى،
بۇ كۆكچى يۇرتىدا گەپ - سۆز شۇنىڭتى.
قارا ئۆيگە بۇ سەئىدىننى سولاتتى،
بىرەر يىل بولدى ئۇ، زىنداندا ياتتى.
چىقىپ قالدى ھاشار بەختىگە مۇنداغ،

نىچۈن ئىجرا قىلىنمايدۇ بۇ پەرمان.
شۇ ھالەتتە كۆرۈندى ئىككى ئاتلىق،
ئېچىشتى ئاتقا يول تۇرغان خالايىق،
بۇ ئاتلىقنىڭ بىرى شائىر نازارى،
بىرى مەھكۇم يىگىتنىڭ ئىدى يارى.
بۇلارنىڭ كېلىشى دىققەتنى تارتتى،
نازارى مىرغەزەپكە خەت ئۇزاتتى.
ئېلىپ خەتنى كۆرۈپ ئۇ، قىلدى قۇللۇق،
ئۇنى ئاچتى، ئوقۇدى: يېڭى بۇيرۇق.
بۇنى كۆرگەچ ئۇ،باقتى خەلققە شۇئان،
دىدى: كەلدى مانا بۇ يېڭى پەرمان.
ئۆلۈم ھۆكمى پۈتۈن بىكار قىلىنغان،
يانا تەكشۈرگىچە ھۆكۈم بولـدى زىندان.
كېتىلسۇن ئۇ ئېلىنىپ دار تېگىدىن،
قىلىنۇر قايتا تەپتىش ئەمدى سەئىدىن.
چۇۋىرلاپ كەتتى قۇشقاچتەك خالايىق،
دېيىشتى "ئەمدى بولدى بۇ مۇۋاپىق".
شۇ بىرلە ئۆتتى جاللاتنىڭ قولىدىن،
يانا زىندان باقار ئىلكىگە، سەئىدىن...
بۇنى ھارۋا بىلەن زىندانچى ئالدى،
يانا چېرىك بىلەن زىندانغا ماڭدى.
بۇ قەشقەردە نازارى مەشھۇر بولغاچ،
تولا كىشىلەرگە ئۇ، ياخشى تونۇلغاچ،
ئۇنىڭ بۇ جايغا ئاتلىق كېلىشىنى،

قادالسا خان ئوقى، بولمايدۇ سۆزلەپ.
نىمە يازسا، شۇ ئىشنىڭ بولغىنى شۇ،
شۇ تاختا مەزمۇننى قىلغىنى شۇ.
ھارۋا كەلتۈرۈلـدى دارنىڭ ئاستىغا،
ئۆلۈم پۈرىدى كىشلەر بۇرنىغا.
كىشلەر قوزغۇلۇشتى قوپتى شۇئان،
چىرىك، يايى چىپىشتى ئاتـنى ھەر يان.
تاياق، توقماقلار، دەشنام، تىل، ھاقارەت،
تىچلاندى ئۇنى، خەلقنىڭ ناھايەت.
تىكىلدى خەلق كۆزى سەئىدىنگە، دارغا،
ھەممىسى شۇك، ھۇشى يوق سۆز قىلۇرغا.
ئۆتەتتى ئۇلارنىڭ پىكرى ئويىدىن،
ئىستكىم كەتتى ياش ئوغلان بۇ سەئىدىن.
قىلىپ قالدى يانا بىرنەچچە مىنۇت،
ئۇنى جاللات قىلۇر دار ئۆزرە نابۇت.
ئۆتۈپ كەتتى يىرىم سائەتچە ۋاقت شۇك،
تىخىچە بولمىدى ئىجرا بۇ بۇيرۇق.
پىچىرلاشلار خالايىق ئىچرە بولـدى،
كۇسۇلداشلار، جاۋىلداشلار كۆرۈلدى.
بۇلارنىڭ كۇتۇشى بەك ھەددىدىن ئاشتى،
جاللاتلار مىرغەزەپ بەگكە قاراشتى.
ۋە لىكىن مىرغەزەپمۇ چىدىيالماي،
تۇراتتى ئۇ، شەھەردىن كۆزنى ئالماي.
يىغىلغان ئەل بولۇشتى تازا ھەيران،

كېتىشتى خۇش خەۋەرنى بىللە ئالغاچ.
گۈزەل ئۈنلەر بىلەن تۈرلۈك ناۋادا،
ئۇچۇشتى خىلمۇ-خىل قۇشلار ھاۋادا.
ئىراگېدىيەلەر كىم كەلدى ئويناپ،
پەلەك چەرخى تۈمەن دەرياسى بويلاپ.
ئۈنىڭ بىر پەردىسى تۈگىدى بۇ يەردە،
يانا ئويناپدىكىن ئۇ، قايسى پەردە؟!
بولۇر روشەن كېيىنكى سەپھەلەردىن،
ئۇلاردۇر يانىمۇ قانلىق، بۇلاردىن.

قەلەم، كەل، ئەمدى بىرئاز ئالغىل ئارام،
بولۇپ كەتتىڭ ناھايەتتە بىئارام.
قىلىپ بولغۇنچە بۇ ئىشلارنى تەقرىر،
مۇقەررەركىم ساڭا ئۇ، قىلدى تەسىر.
يېزىپ بۇ بىر غەزەلنى توختا بىر دەم،
ئىرۇرمىز دەمگە مۇھتاج سەنمۇ، مەن ھەم.

غەزەل نازارىغا

چىشلىدى ئىلگىنى زالىم، مېھر ۋىجدانىڭ كۆرۈپ،
بەندەدۇر ئالەم ساڭا بۇ ساپ ئىمانىڭ كۆرۈپ.

تاپمىدى تىل دىللىرىدا، ساڭا ئىزھار قىلغىلى،
رابىيە، سەئدىن سىنىڭ، بۇ لۇتفۇ ئېھسانىڭ كۆرۈپ.

"گۇناھكار"نىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشىنى،
نازارنىڭ ئىشى دەپلا بىلىشتى،
تولا رەھمەت ئوقۇپ تەھسىن قىلىشتى.
دېيىشتى شاھ ۋەزىرى بولسا ئاقىل،
بولۇر دانا ئۇ شاھ گەر بولسا جاھىل.
ئەگەر شاھنىڭ ۋەزىرى بولسا نادان،
بولۇر نادان، ئەقىللىق بولسىمۇ خان.
تارالدى خەلق، قۇتۇلدى بۇ ئۆلۈمدىن،
مۇھەببەت ئوتىنىڭ قۇربانى سەئىدىن.
نازارى بىرلە ئات ئۈستىدە بىر ئاي،
تۇراتتى كۆزىنى سەئىدىندىن ئالماي.
ۋاپا گۈللىغىدا ئۆسكەن بۇ بىر گۈل،
ئىدى ئۇ گۈل يانا ھەم ئىدى بۇلبۇل.
ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھازىر ئىككى تۇيغۇ.
بىرى چەكسىز سۆيۈنچى، بىرى قايغۇ،
كۆرۈپ سەئىدىننى شۇنداق قايغۇراتتى،
ئېغىر ئىچكى ئەلەم لېيىغا پاتاتتى.
بولاتتى خوش ھايات قالغاننى كۆرگەچ،
يېقىن كۈندە خالاس بولۇشنى بىلگەچ.
تارالدى خەلق، بۇزۇلدى دار ـ مەيدان،
قىلىشتى خەلق ئەجەپ بۇ ھالغا ھەيران.
سوزۇلدى بىر نەپەس قەشقەر ھاۋاسى،
پۈتۈن تىللاردا بۇ ئىش ماجىراسى.
ئۇچۇشۇپ، چۆگىلەپ ھەر ياندا قالغاچ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## غەزەل سەئدىنگە

چۆكتى ئەل غەم قايىنىمغا دىلدىكى زارىڭ كۆرۈپ،
تۆكتى ياشلار، چەكتى ئاھ، تارتقان بۇ ئازارىڭ كۆرۈپ.

بىلمىدىڭ قانداق سۇنۇلدى، ساڭا شەپقەتنىڭ قولى،
تاپمىدىڭ ئىمكان بىلىشكە، بۇنى سەن يارىڭ كۆرۈپ.

قانچە روھى قىيىنىلىش ئىچىدە قالغانسەن ئۆزۈڭ،
ئۆلتۈرۈشكە سېنى قۇرغان سىرتماق-دارىڭ كۆرۈپ.

بولمىدى تەسۋىر قىلىشقا، مەشۇقەڭ ئەھۋالىنى،
كۆرمىدىڭسەن تۇردى ئات ئۆزرە، ۋاپادارىڭ كۆرۈپ.

ئاھكىم بەرسە ئىدى، بۇ چەرخ بىر ئىمكان ساڭا،
دەرت تۆكۈپ ئۆتسەڭ ئىدىڭ، بىر لەھزە دىلدارىڭ كۆرۈپ...

بىر ھۇمادەك سايە سالدىڭ بەختسىزلەر باشىغا،
بارلىغى چەكسىز سۆيۈندى، سايە سالغانىڭ كۆرۈپ.

تولدى خوشلۇقىڭ مەيدىن يۈرەكىنىڭ جاملىرى،
بىباھا مېھرىڭنى شائىر، تۆندە مېھمانىڭ كۆرۈپ.

نىل رەڭ يۈزگە خىجالەتتىن قارا تارتتى نىقاپ،
چەرخ ئۈنىڭ بىمېھرلىك دامىنى بۇزغانىڭ كۆرۈپ.

## غەزەل رابىيەگە

ئى پەرى، ئايدۇر خىجىل، ھەرلەھزە رۇخسارىڭ كۆرۈپ،
ھۆسن باغبانى قىلۇر رەشك، ھۆسن گۈلزارىڭ كۆرۈپ.

دىل قارا ۋەھشى رەزىللەر بىر قىيا كۆز سالمىدى،
چىن مۇھەببەت ئالىمىنى قوزغىغان زارىڭ كۆرۈپ.

شان ساڭا، سۇندۇڭ ۋاپادىن دەستە-دەستە گۈل ئۈزۈپ،
قالدى ھەيران بۇ پەلەك، قىلغان ۋاپالىرىڭ كۆرۈپ.

قىلمىسۇن كىم ساڭا تەھسىن، ئاپىرىن قەشقەر قىزى،
ئەھد ۋاپا گۈلزارىدىن ئۈزگەن بۇ گۈللارىڭ كۆرۈپ.

قۇل ئىرۇر مىڭ دىل ساڭا لېكىن ئەمەس ھۆسنىڭ ئۈچۈن،
بەلكى قۇلدۇرلەر ۋاپالىق، رەڭگۇ رۇخسارىڭ كۆرۈپ،

مىنىپ ئاق ئېتىنى قايتىتى نازارى،
يېنىدا ھۆسىن گۈلزارى باھارى.
سۈيۈنچىدىن يۈزى گۈل-گۈل ئېچىلغان،
ئۈزۈلگەن گۈل كەبى ھۆسنى پۇچۇلغان.
قاتار كىرپىكلىرى كۆز سۈيىدىن نەم،
ئىچۇككىم سەبزە ھۆل، قونغاندا شەبنەم.
كېتىپ بارىتى نازارى بىرلە گەرچە،
ۋۇجۇدى خىرمىنى، يانىتى بۆلەكچە.
جۇدالىق ئوتىدىن بولغان كۆيۈپ كۆل،
سورۇلماقتا پىراق شامىلى بىلەن ئول.
نەكىم، يىللار ئازاپ چەككەن ئىگارى،
جامالىغا ئۇنىڭ مۇشتاق بۇ يارى.
بېشىدا دار، قولى بەند، پۇتتا زەنجىر،
پۈتۈن ھەركەت ۋە كۈچتىن ئاجرىغان شىر.
ئەگەرچە ئۇ، ئۆلۈم، داردىن قۇتۇلدى،
ۋە لېكىن يانا زىندانغا تۇتۇلدى.
ئۇنى قايتا ئازات ھالدا كۆرەرمۇ؟!...
كۆڭلىدە ساقلىغان مۇڭنى تۆكەرمۇ...
ئۇ ھەم چەككەن ئەلەم كۈلپەتلىرىنى دەپ
ئۆتەرمۇ بىللە بۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ.
بولۇپ شۇنداق خىيال دەرياسىغا غەرق،
كېتىپ بارىتى قىلالماي نەرسىنى پەرق.
مۇشۇ ئويلار بىلەن كەتكەن ئۆزىدىن،
رابىيە يىغدى ھوش، شائىر سۆزىدىن.

## 36. ئاخىرقى ئۇچرىشىش

چە خوش باشەدكى، بەئەز ئىنتىزارى
با ئۇمىدى رەسەد، ئۇمىتۋارى.
(ئىنتىزارلىقتىن كېيىن بىر ئۇمىت قىلغۇچىنىڭ
ئۆز ئۇمىدىگە يېتىشى نىمە دىگەن ياخشى بولىدۇ؟)
——ھازىق.

كەل، ئى ساقى، ۋىسال جامىنى تۇتقىل،
بىر ئۇتلام بولسىمۇ كۆڭلۈم ئاۋۇتقىل.
ۋاقىتلار ئۆتتى، بىرمۇ سۇنمۇدۇڭ جام،
ۋىسالنىڭ مەيى يوق، بولدى كۈنۈم شام.
ئەگەرچە بۇ شاراپ، مەڭگۈ ئەمەستۇر،
ئۇنىڭدىن قەترە تەگسە، شۇمۇ بەستۇر،
ئۇشۇل كۈنكىم زۇلم قولىنىڭ ئەسرى،
جاھان ئاشىقلىرىنىڭ بىنەزىرى①،
مۇھەببەت تىغىنىڭ قۇربانى سەئدىن،
قۇتۇلدى مۇئجىزەدەك، دار تېگىدىن.
پۈتۈن ئەل قايتتى دار مەيدانىدىن شات،
بىرئاز بولدى بۇزۇلغان كۆڭلى ئاۋات.

---

① بىنەزىر — ئوخشىشى يوق.

www.uyghurkitap.com

"ئوغۇل كېيىمى بىلەن كەلسۇن" دېدى ئول.
تاڭ ئەرتە سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارۇرسەن،
ئۇنى سەن ئۆز كۆزۈڭ بىرلە كۆرۇرسەن.
سېنى بىر خادىمىم بارماقچى باشلاپ،
ئۆزۈڭنى تۇرمىغىل ئۇستىگە تاشلاپ.
دېگىل كۆپلەپ سالاملارنى مېنىڭدىن،
خاتىرجەم بولسۇن ئەيتقىل، ئەمدى سەندىن.
بۇ ھەقتە ۋەدە قىلدى ماڭا ھاكىم،
ئۇزۇن ئۆتمەي چىقار قۇتۇلۇپ ئۇ، بەلكىم.
بېرىپ سەن ئۇخلا، خاتىرجەم كېچىچە،
ئۇمىدىم شۇكى بولغاي ئىش، كۆڭۈلچە.
رابىيە خوش بولۇپ قايتتى ھەرەمگە،
ئوقۇپ رەھمەتنى مىڭ، بۇ مۆھتەرەمگە.

### قىتئە

سېلىپ چەرخ بېشىغا دەھشەت شاقاۋەت،
قامالغان شەخسكە بولغان بىشارەت.
ئىرۇر ھەر نەرسىدىن كۆپ قەدىرلىك ئۇ،
ئۇنى بىلگەي ئۆزى ئۆزىگە سائادەت.

ئۆزىن كۆرسەتتى قايتا شەرق شاھى،
يوقالدى يېڭىلىپ، تۈننىڭ سىپاھى.
قارامتۇل تۇسكە كىرگەن نىل رەڭ تاق،
بولۇشقا باشلىدى بارغانچە ئاپپاق.

قىزىم دەپ باشلىدى سۆزنى نازارى،
دېدى: بار ئۆيگە قىل ناشتا ناھارى.
بىرىپ مەن ئوردىغا ھاكىمغا كۆرۈنەي،
ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىغا رەھمەت ئېيتەي.
يېنىپ بارغۇنچە مەن، كەتمە دىۋاندىن،
تۇرۇپ تۇرغىل ئۆيۈمدە، كەتمە ئۇندىن.
دېدىيۇ، ئوردا ياققا تۇتتى ئۇ يول،
شائىر ئۆيىگە يۈز تۇتتى، گۈزەل گۈل.

ئى كۆيچى، كۆيلە بىر كۆي، ئاشىقانە،
سۇنايچى چال سۇنايىنى شادىيانە.
بۇ كۈن ئاشىقلىرىنىڭ ئاڭلاش خۇمارى،
بىرىپ ئاز بولسىمۇ تالىيى يارى.
كېلىپ قالدىكى بىر پۇرسەت ئۇلارغە،
نەپەس بىر بىرىنىڭ يۈزىنى كۆرەرگە.
قۇياش ئاززاق ئىگىزدىتى ئۇپۇقتىن،
چېكىلگەنتى قىزىل لېنتە شەپەقتىن.
دىۋاندىن ئۆز ئۆيىگە كەلدى شائىر،
چىرايىدىن خوشاللىق ئىدى زاھىر.
كۆلۈمسىرەپ رابىيەگە، قارىدى ئول،
دېدى: بىل، ئۇچرۇشۇرلەر گۈل ۋە بۇلبۇل.
بۈگۈن زىنداندىكى بەگ بىرلە كۆرەشتىم،
سىنى ئۇچقاشتۇرۇش پىكرىنى ئەيتتىم.
مېنىڭ پىكرىمگە دەرھال كەلدى ماقۇل،

ئۇنىڭ كىرپىكلىرىن ياش قىلمىدى نەم،
بىلۇر سىرنى، بىشىدىن كەچكەن ئادەم.
ئۆلۈم خەۋپى كىشىنىڭ باشىغا چۈشسە،
ئۇنىڭا ئۆلتۈرۈلۈش خەۋىرى يىتىشسە،
قىتىپ قالىدۇ بولۇپ ئۇ، بىر قاتتىق تاش،
تىمىمايدۇ كۆزىدىن، تامچىمۇ ياش.
بۇ داستاننى يىزىۋاتقان ئاجىز قۇل،
كۆچۈردى مۇشۇ ھالنى ئۈچ قىتىم ئول.
پەقەتلا چىقتى ئاھ دەرتلىك يۈرەكتىن،
ئۆزىنى توستى ئارتۇق سۆز دىمەكتىن.
بۇنىڭ ئەكسىنچە رابىيە بولۇپ، سۇ،
ئىقىنتى كۆزىدىن ئىككى بۇلاق، ئۇ.
ئۇ بىردەم ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ ئالغاچ،
يىشى كۆزىنىڭ بۇلاقىدا ئازايغاچ.
بايان قىلدى بۇ ئىشلار، قانداق بولدى،
ئۇ، دارنىڭ ئاستىدىن قانداق قۇتۇلدى.
ئۆزىنىڭ شەھەر ئىچىدە تۇرغىنىنى،
جاكاچىنىڭ سۆزىنى ئىشتكىنىنى.
بىشى قاتقان، نەئەيلەشنى بىلەلمەي،
ئۆلۈپ كىتەيىن دىسە، ئۆزى ئۆلەلمەي،
قىلىپ تۇرغاندا ئاجىزلىقتا زارى،
كىلىپ قالغاننى يادىغا، نازارى.
ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆزىنىڭ بارغىنىنى،
بىرىشتا ئەر كىيىمى كەيگىنىنى،

تۆگىدى، ئۆچتى يۇلتۇزلار جۇلاسى،
تۇرۇلدى كېچىنىڭ زۇلمەت پالاسى.
رابىيە ئالدى راستلاپ، ئەرمىغانىن،
ئوغۇل بولدى كىيىپ، ئەرلەر چاپانىن.
نازارى قوشتى خادىم بەردى مەكتۇپ،
دىدى، ئى گۇل قىزىم، ئاسرا بۇنى خوپ.
ئۇنى تاپشۇر بىرىــپ زىندانچى بەككە،
مۇقەررەر يەتكۈزەر، كۆتكەن تىلەككە.
ئىشارەت قىلدى تۇر! زىندانىسىرى بار،
ساڭا ئاللا ئۆزى بولسۇن مەدەتكار.
بۇلار ئۆيدىن چىقىشىپ يولغا چۈشتى،
بىرىپ زىندانچىنى تاپتى كۆرۈشتى.
ئۇنىڭغا بەردى شائىرنىڭ خېتىنى،
كۆرۈپ زىندانچى ئۇ زاتنىڭ ئېتىنى.
ناھايەت تېز قىچقارتتى گۇنداپايىنى،
دىدى ئەپ چىق تۇنۇگۇنــكى گادايىنى.
ئېلىپ كېلىندى سەئــدىن، قول-پۇتى بوش،
بولۇپ كەتتى رابىيە نايىــتى خوش،
بۇلارنى قويدى يالغۇز نەچچە سائەت،
بېكىتمەي كەتتى ئۈستىدە نازارەت.
يېقىن كەلمەي يىراقىراقتا تۇرۇشتى،
بۇلار بىر بىرىگە قاتتىق تەلمۈرۈشتى.
ئىدى سەئدىن ئۇنىڭــكى باغرى قاتقان،
ئۇنىڭكى كۆز يېشى بولغان ئىدى قان.

بۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭلە بىللە كەتتى،
ئۇنىڭ كۆڭلى بۇنىڭلە قالدى يۇتتى.
بۇلار ئايرىلدى بىر بىرىدىن مۇشۇنداغ،
دىلىدا بىھساپ ھەسرەت بىلەن داغ.

غەزەل

يورۇپ كەتتى ئىشقىنىڭ قەسرى، ئۆز مېھماننى كۆرگەچ،
بۇلار بىر بىرىگە باغلاشقان ۋاپا پەيماننى كۆرگەچ.

تەسەۋۋۇر ئەيىنگىدە ئەكسى ئىمكانسىز سۇرەتلەرنىڭ —
زوھور دۇنياسىدا پەيدا بولۇپ قالغاننى كۆرگەچ.

قارايدى چەرخ يۈزى رەشكىن بولۇپ دۇتى خىجالەتتىن،
مۇھەببەت شەمئى چۆرىستە ئىككى پەرۋاننى كۆرگەچ.

ئېچىلدى كۆڭلى، كۆيدى باغرى بۇ بىچارە ئاشىقنىڭ،
ۋاپادا تەڭدىشى يوق يار، پەرى رۇخسارىنى كۆرگەچ.

قەلەم قانداق بۇلارنىڭ سۆيگۈسىنى ئەيلىسۇن تەسۋىر،
ئىشق ئوتىدا سورۇلغان كۆڭۈل ئەسرارىنى كۆرگەچ.

نىچۇك خوشلۇق ھاۋاسىدا كۆڭۈللەر قىلمىسۇن پەرۋاز،
ئۆلۈم ئاستىدىكى يارنىڭ، تىرىك دىدارىنى كۆرگەچ.

پىراق ۋادىسىنىڭ سەيياھلىرى بۇ ئىككى ياش ئۇيغۇر،
سۆيۈنۈپ كەتتى ئۈمىت كەلگۈسىدىن يارىنى كۆرگەچ.

نازارىنىڭ مەدەتكار بولغىنىنى،
ھۆكۈم ئىجراسىنى توختاتقىنىنى،
زوھورىدىن ھېكىمغا كىرگىنىنى،
ئۆلۈم ھۆكمىنى بىكار قىلغىنىنى،
بىتەپسىل، ھەممە ئىشنى بەردى سۆزلەپ،
ئارادا ئىبرەتلىك يېشىنى يۈزلەپ.
ئاخىردا دېدى شائىرنىڭ سالامىن،
ئېچىپ ئاغزىنى ھەيران قالدى سەئدىن.
دېدى: "ئىشنىڭ تېگى مۇنداق ئىكەندە،
تەشەككۈردىن بۆلەك يوق چارە مەندە.
پىدامەن ئۆزلىرىگە مېھرىبانىم،
سەۋەپلىرىلە قۇتۇلغانكەن بۇ جانىم.
تۈگەمدۇ بۇ تەشەككۈرلەر بىلەن، ياق،
ۋاپاغا يوق، ۋاپادىن باشقا خوپراق.
سالاملار ئەيتسىلا ئۇستازىمغا مەندىن،
ئەگەر چىقسا سالامەت، ئەمدى سەئدىن،
بولۇر مەڭگۈ ئۇنىڭ دەرگاھىدا قۇل،
ئۆزۈن ئۆمۈر، بەخت ئىچىدە ياشىسۇن ئۇل".
شۇ ھالدا گۇندىپاي قىلدى ئىشارەت،
دېدى: كەتتى ئۇزاپ سۆزلەش ناھايەت.
سۆزۈڭلارنى مانا ئەمدى بەس قىلىڭلار،
تۇرۇڭلار، جايلىرىڭلارغا يېنىڭلار.
يېنىشتى، ئەمما كۆڭلى قالدى كەتمەي،
بۇ ئاز ۋاقت مۇڭلىرىن، ئەيتىشقا يەتمەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com

## 37. بۇ جاسارەتلەر رابىيەدە ئىشقىنىڭ زوھورى ئىدى

پەلەك ساقىسى ئەمدى جامنى تۇتما،
زەھەر قوشقان شارابىڭنى ئۇزاتما.
نىمە ئانچە قارا يۈزسەن چەرخ مەككار،
قىلۇرسەن قايتىلاپ ھىلەڭنى ئىزھار.
ئەمەسمەن بۇ شارابىڭنىڭ خۇمارى،
كى، يوقتۇر نەشئەسىنىڭ ئېتىبارى.
تەپەككۇر تارت، ئېتىڭنىڭ تىزگىنىنى،
نەدە رسەن بۇ پەلەكنىڭ قىلغىنىنى.
ئۇ بىر چەرخ، چەرخگەدۇر دۇملاشلا ئادەت،
بولامدۇ تۇرغىلى ئۇستىدە راھەت.
دىمەك ھەرلەھزىسى بىر ئۆزگىرىشتە،
يولىدا ئۇچرىغانلارنى ئېزىشتە.
شۇڭا سەن داستانىڭدا داۋام ئەت،
ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئالغىل ئىبرەت.
مەئەلقىسسە، مۇشۇنداق ئىشلار بولدى،
سەئىدىنىڭ ئۆلۈم ھۆكۈمى ئوقۇلدى.
ئىبراھىمغا يېقىن بىر كۆكچىلىك زات،
ئۇنىڭ قېشىغا كەتتى چاپتۇرۇپ ئات.
بۇ پاجىئەدىن ئۇنى قىلدى خەۋەردار،

ۋە لېكىن رەھىمسىز دەۋران مازاق بىرلە كۈلۈپ قويدى،
بۇلار ئالدىدىكى مۇتلەق ئەجەلنىڭ دارىنى كۆرگەچ.

چېكەر ھەسرەت بىلەن ئاھ، ئىشق دۇنياسىدا ئاشىقلار،
ئەجەلنىڭ ئوقى ئۈزگەن ئىككى ياش ئەرمانىنى كۆرگەچ.

www.uyghurkitap.com

يىغلىدى تۇل خوتۇن ئاجىزلاپ دەڭگە.
غېرىپ-غۇرۋاغا نۇرغۇن پۇل تاراتتى،
دىلى رابىيەنى كۆرۈشنى تارتتى.
بۇلارنىڭ ئىشقىنى بىلگەچكە ئاستىن،
ئۇنىڭ ياتىغىغا ماڭدى توختىماستىن.
تۆشۈك دەرۋازىدىن كىردى شەھەرگە،
ئۇ ماڭدى سەپسېلىپ ھەرقايسى يەرگە.
سېتىقچى، ياكى ئەپكەش، يا دۇكاندار،
بىكارچى، ياكى بولسۇن ئۇ خېرىدار.
قوغۇنچى، ياكى ئاشپەز، ياكى ناۋاي،
ھۈنەرۋەن، يوقسۇل بولسۇن، ياكى ئۇ باي،
ئايال-ئەر، قىز-يىگىت ھەم قېرى-ياشلار،
مۇشۇ ھەقتە قىلاتتى سۆز تۇتاشلا.
بىرى دەيتتى، ئەجەپ ئىش بولدى ياپىر،
ئامان قالدى يىگىتنىڭ جېنى ئاخىر.
بىرى دەيتتى، بۇ خاندىن ئىدى بۇيرۇق،
كىشىلەر دەيدىغان خان بۇيرۇغى ئوق.
بۈگۈن ئوق ئارقىغا قايتقانىنى كۆردۈم،
ئەجەلنىڭ چېكىنىپ يانغانىنى كۆردۈم.
بىرى ئەيتتى، سەۋەپ نە بولدىكىنتاڭ،
بۇنىڭدىن بولدى ئەلنىڭ بارى ھاڭ-تاڭ.
يىغىلىپ چارسۇدا بىر توپ كىشىلەر،
مۇشۇنداق سۆزلىشەتتى بىر بىرىلە.
بۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى سۆزلەپ،

دېدى: سەئىدىنىگە تىكلەندى ئىگىز دار.
پۈتۈن كۆكچى ئېلىنىڭ روھى چۈشتى،
ئىبراھىم ئائىلىسىدىن ھوش ئۇچتى.
تۇرماستىن، ئاتلىنىپ قەشقەرغە چاپتى،
مېڭىپ تېز شۇنچە ئۇ، قەشقەرغە يەتتى.
ئىبراھىمنىڭ يۈرۈپ تېز، كەتتى ھالى،
ئىدى مويدۇگزادا، داردا خىيالى.
نە بەختسىزلىك، ئوغۇلنى داردا كۆرسە،
جېنى يوق مۇردىنى داردىن چۈشۈرسە.
نىچۈك تاقەت قىلالايدۇ بۇنىڭغا،
يولۇقتى قانچىلىك دەھشەت ئۇنىڭغا.
يېتىپ كەلگەندە قەشقەرغە ئىبراھىم،
ئىشىتتى بىر خەۋەر، شىرىن مۇلايىم.
پۈتۈن كىشلەر تىلىدا ئىدى "سەئىدىن
قۇتۇلدى ھەر نىچۈك بولسا ئۆلۈمدىن".
تۆشۈك دەرۋازىدا بىر دەڭگە چۈشتى،
بولۇپ ئۆتكەننى، بىر-بىرلەپ تونۇشتى.
ئوغۇلنىڭ قايتقىننى دار تېگىدىن،
ھازىر زىنداندا ساپ-ساق تۇرغىنىدىن،
ئوچۇق روشەن خەۋەرگە ئىگە بولدى،
دىلىدا ئارزۇدىن گۈل ئېچىلدى.
ئوغۇل ساق قالغىنى شۈكرانىسىغا،
سۆيۈپ غايىپ ئوغۇل پىشانىسىغا.
سەدەقە قىلدى ئاجىزلارغا تەڭگە،

www.uyghurkitap.com

سوراپ ئالغان ئۆلۈمدىن ئۇنى ئاخىر.
شۇنىڭ بىرلە يىگىت داردىن قۇتۇلغان،
ئۆلۈمنىڭ بۇيرۇغى شۇنداق بۇزۇلغان.
ئىشتكەنلەر دىيىشتى باركاللا،
نازارىغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن ئاللا!
بىرى ئېيتتى تونۇمتىكىن نازارى؟
ئەجەپ ۋاقتا قىلىپتۇ ئاڭا يارى.
تازا ۋاقتىدا سوزۇپتۇ ئۇ قولنى،
قۇتۇلدۇرۇپتۇ ئۇ بىچارە ئوغۇلنى.
بۇنىڭغا بەرمىدى ھىچكىم جاۋاپنى،
يا ئۇنداق، ياكى مۇنداق دەپ خىتاپنى.
ئىبراھىم، بۇنى ئاڭلاپ تۇردى چەتتە،
خەۋەرسىز بىر يولاۋچىلىق سۈپەتتە.
لېكىن بىلدى نىچۈك ساق قالدى سەئىدىن،
نازارى قۇتقۇزۇپ ئالدى ئۆلۈمدىن.
لېكىن قالدى تۈگۈن دىلدا يېشىلمەي،
نازارى ئارىلاشقان ھالنى بىلمەي.
سەۋەپ نىمە بولۇپتۇر، يار ئوغۇلغا،
قۇيۇپتۇ سۇ، ئۆلەۋاتقان بۇ گۈلغا؟
ئۇزاتتىنىڭ بۇنىڭدىن قەستى نىمىكىن؟
ئەگەر بىلسەم ئىدى ئۇ، نىمە دەركىن؟
نىمىنى ئارزۇ قىلسا بېرەتتىم،
ئۇنىڭ رازىلىغىنى بىر ئالاتتىم.
ئەمدى سورىسام بولار بۇنى كىمدىن،

چىگىش ئىشنى يېشىپ تاشلاشنى كۆزلەپ،
قېشىدا تۇرغۇچىلارغا خىتابەن،
دېدى: مەيداندا تۇرغان چاغـدا سەن، مەن،
ئاق ئاتلىق بىر كىشى مەيدانغا كەلدى،
ئۇنى مىرغەزەپ ھەم قارشى ئالدى.
ئۇ مېھمان بولارغا بىر خەت ئۇزاتتى،
كۆرۈپلا ئۇنى جاللات ياققا چاپتى.
ھېرىپلا قىلدى ئۇ، جاللاتقا بۇيرۇق:
ئالە ئاغامچىنى، ئەمدى ئۆلۈم يوق.
شۇنىڭ بىرلە ئۆلۈم دارى بۇزۇلدى،
ئەجەلنىڭ سىرتمىغى دەرھال ئۈزۈلدى.
بىلەمسىزلەر ئاق ئاتلىق كىشى كىمتى؟
زوھورىدىن ھېكىمنىڭ كاتىبتى.
ئۆزى شائىر كىشى، نامى نازارى،
ئۇنىڭ ۋاڭ ئالدىدا زور ئېتىبارى.
پەمسچە ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكم قىلىنغان،
ھۆكۈم بويىچە دار ئۇندا قۇرۇلغان.
ئازاپ خەلق ئۈستىدە بەك زور ۋە كاتتا،
ئۆلۈمدۇر قەدىرسىز ئۇ جايدا ھەتتا.
مۇشۇنداق بىر شارائىتتا سىياسەت
يىگىتكە بۇيرۇغان ئۆلۈم ناھايەت.
يىگىتكە بەخت ـ سائادەت يار بولغان،
نازارى بۇ ۋەقەدىن خەۋەر ئالغان.
مۇرۇۋۋەتلىك، بىلىملىك مۇشۇ شائىر،

ئۇنىڭ ھەر تامچىسىنى بىلدى بىر دۇر.
تۇرۇپ ئۇ، ئويلىدى ئوغلۇم قۇتۇلسا،
مېنىڭ بىرلە بېرىپ يۇرتۇمدا بولسا.
بۇ سۇدىن ياشنىتىپ چۆللەردە ئورمان،
ئۇنىڭدىن ياسساق بىز بىر گۈلىستان.
ياساپ گۈل باغچىلار، قىلساق تېرىلغۇ،
يېشىل شاخلاردا سايرىسا تورغۇ.
سالامەتلىك نېسىپ بولسا بالامغا،
پۇتۇمغا پۇت، قول بولسا ئۇ، قولۇمغا.
قىلىپ خىزمەت سوۋۇتسا ئۇ قولۇمنى،
قېرىغان چاغدا قىسقارتسا يولۇمنى.
مۇشۇنداق ئوي بىلەن ئۆتتى تۈمەندىن،
ئۆزۈپ گۈللار خىيالى بىر چىمەندىن.
يۈرۈپ بىرئاز، تېزىپ باغىغا كەلدى،
ئىشكىنى قاقتى، باغ ئىشكى ئېچىلدى.
ئىشكىنى زوھرا چىقىپ تېزلا ئاچتى،
ئىبراھىمنى كۆرۈپلا يىغلاۋەتتى.
ئۇ ئىبراھىمنى باشلاپ كىردى باغقا،
رابىيە دەم ئېلىپ ياتقان ياتاققا.
رابىيە ئۆيدە ئىبراھىمنى كۆرگەچ،
ئۆزىنى توختىتالماي كەتتى ئۇ ھىچ.
ئىبراھىمغا ئېسىلدى باللارچە،
ئۇمۇ سىلىدى بېشىنى ئاتىلارچە.
ئىبراھىمغا تامامەن قىلدى ئىزھار،

تەشەككۈر، مىڭ تەشەككۈر ئىچ-ئىچىمدىن.
دىدى ۋە بولدى يولغا راۋانە،
تىۋىپ بېغىنى قىلىپ ئۆزىگە نىشانە.
رابىيەنىڭ بۇ باغدالىقىن بىلەتتى،
ئۇنى بەزىدە يوقلاپمۇ كېلەتتى.
تۇمەن بويىغا يەتكەندە ئىبراھىم،
ئۇرۇلدى يۈزىگە سالقىن مۇلايىم.
باراقسان ياپ-يېشىل ئۆسكەن سۆگەتلەر،
ھاۋاغا باش كۆتەرگەن تۈز تېرەكلەر.
بولۇپ توپ-توپ، ئۇچۇپ يۈرگەن كەبۇتەر،
ھاۋا، قانىتى جۇلاسىدىن مۇنەۋۋەر.
قۇياش غەرپتە تۇرماقتىدى قايتاي دەپ،
شەپەق تۇرىتى ئۇپۇقلارنى بوياي دەپ.
ئىبراھىمنىڭ دىلىنى ئورىغان غەم،
ئەگەرچە خۇش خەۋەردىن كەتسىمۇ ھەم.
ئەلەملىك چاغ، كۆڭۈلنىڭ ئەينىگىدىن،
تامامەن كەتمىگەن ئىدى ئۇنىڭدىن.
دىلى بۇ مەنزىرەدىن بولدى روشەن،
يامغۇردىن سۇڭ ياشارغاندەكلا گۈلشەن.
تۇرۇپ قالدى قاراپ بىر دەم تۇمەنگە،
گويا بىر جان تومۇر بولغان ۋەتەنگە.
ئۇنىڭ ئەجدەر كەبى ئاققان سۇيىنى،
بېيىشتەك ياپ-يېشىللىق گۈل بويىنى.
سۇزۇك بىر ھىس بىلەن قىلدى تەسەۋۋۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇمكىن بولمايتتى بۇنداق ئىش زوھورى.
ئۇنىڭ يۈرىگىدە ئىشقىنىڭ نۇرى بولغاچ،
ۋۇجۇدى شۇ ئەجەپ نۇر بىرلە تولغاچ،
ئاياللىق تورلىرىنى يىرتتى تاشلاپ،
قەدەم قويدى بۇ ئىشقا ئۆزى باشلاپ.
ئىدى بۇ سۆيگۈنىڭ ئەسرارىدىن سىر،
قىلىپ بولمايدۇ تىلدا، ئۇنى تەقدىر.
ھەقىقەتتە مۇشۇنداقتۇر مۇھەببەت،
ئەگەر بولسا مۇھەببەت چىن ھەقىقەت.
ئۇنىڭ ئالدىدا بارلىغى ئېتىبارسىز،
ئېچىنماس بولسا تەن بۇ يولدا، جانسىز.
ئاشىق ئىشق مۇددىئاسىدىن چېكىنمەس،
پەسەنت، ھەرقانچە مۇشكۈل بولسا، ئەتمەس.
مانا، ئىشق قەيسىنى قانداق قىلدى مەجنۇن،
بولۇپ لەيلى جامالىغا ئۇ مەپتۇن.
قويۇپ كەتتى كىشىلەر ئالەمىنى،
بۇرادەر تۇتتى ۋەھشىلەر توپىنى.
ئىشقىنىڭ زورىدىن شاھزادە پەرھات،
كېسىپ تاغنى، ھاياتىنى قىلدى بەربات.
سۆيۈپ زوھرانى بولدى ئۆمرى ئاخىر،
باش ئەگۈن سۈيىدە، ساندۇقتا تاھىر.
ئىشقىنىڭ زورىدىن رابىيە، سەئدىن،
ياسىدى بىر ئورۇن تەكلىماكاندىن.
ئىشق رابىيە قىزنى قىلدى باتۇر،

دىدى "بولدى خۇدا بىزگە مەدەتكار.
نازارى بولدى بىزگە ياردەمدە،
قۇتۇلدى، شۈكرى ئاخىرقى قەدەمدە".
ئىبراھىم رابىيەنىڭ سۆزلىرىدىن،
يېقىن ئىدىكى كەتسە ئۇ، ئۆزىدىن.
بولۇپمۇ رابىيە ئەردەك كىيىنىپ،
نازارى يېنىغا قورقمايلا بېرىپ.
ئۇنى قىلغانىنى ئىشتىن خەۋەردار،
ۋاقتىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىن تار.
بۇنىڭدىن ئالدى تەسىر بىناھايەت،
دىدى، بۇ نەدىگەن ئەقىل، جاسارەت!...
ئۆپتى ئۇ رابىيە پېشانەسىدىن،
مۇھەببەت قايىنمى دۇردانەسىدىن.
ئۇنىڭغا ئەيتتى چىن دىلدىن تەشەككۇر،
دىدى "بۇ ھېچ كۆرۈلمەس بىر ۋەقەدۇر.
ئاياللار بۇ قەدەر زور ئىشنى قىلماق،
شۇ خىل قورقۇنچىنىڭ ئالدىنى ئالماق،
كىرىپ ئەرباپ بىلە شۇنداق كۆرەشمەك،
كۆيۈپ تۇرغان مۇشۇنداق ئوتقا چۈشمەك،
كۆرۈش بۇ ئىشقا شۇنداق چارە ـ تەدبىر،
نىچۈك ئەقىل، جاسارەتتۇر بۇ، ياپىر!..."
بىلەلمەي قالدى، قىزدا بۇ جاسارەت،
تۇغۇلغان يېرىتى ئىشقتىن ئىبارەت.
ئەگەر بولمىسا قىزدا ئىشق زورى،

www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئۇرغۇپ دىلدا جاسارەت روھى،
شۇنداق بىر چاغدا، شۇنداق تىرىشقان.

سۇنۇق گۈمبەز ئىچىدە بۇ گۈزەل پەرى،
يارى بىلەن ئىدى ئەھد-پەيمان قىلىشقان.

ئەھدىنى ئورۇنداپ سۆيگۈ گۈلىدىن،
سولاشماس گۈل ئۈزۈپ، بولدى سۇنۇشقان.

ۋاپاسىز ئى پەلەك كۆر ۋاپا گۈلىنى،
قانچىلىك چىرايلىق، قانداق ياراشقان!...

ئوغۇللارچە كيينىپ ماڭدى بۇ هۆر.
ئىشق سەئىدىنگە جابىرنى ئۇردۇردى،
ئىشق سەۋەبلە دار ئاستىدا تۇردى،
ئىشق رابىيەگە قىلدۇردى چارە،
ئۆلۈمدىن قالدى ساق، سەئىدىن بىچارە.
قاچانكىم ئاشىغى ئىشقىدا ئۆلگەچ،
ئۇنىڭ ئىشق يولىدا ئۆلگەننى بىلگەچ.
سوغاق مۇز ئاستىغا ئاتتى ئۆزىنى،
جاهاندىن بىر يولى يۇمدى كۆزىنى.
مانا بۇ هەممىسى ئىشقىنىڭ خىتابى،
نىمە سۆيگۈ؟ دىگەنلەرگە جاۋابى.
بۇلار، رابىيەدە ئىشقىنىڭ زوهورى،
ئۇنىڭ قەلبىدە يانغان سۆيگۈ نۇرى.
دىمەك ئىشق بۇلىنىڭ قەلبىدە ئۈندى،
شۇڭا شۇنچە ئەجەپ ئىشلار تۇغۇلدى...

## غەزەل

بۇ كائىنات چەمبىرىگە سۆيۈش رىشتىسى،
بەكمۇ سىرلىق هەم يوشۇرۇن بولۇپ چىرماشقان.

هايات پەلىكى ئۈستىدە مۇهەببەت پىرىشتىسى،
ۋۇجۇت ئۈچۈن ئىلهاملار بىرىپ ئورناشقان.

مۇهەببەتنىڭ هەقىقى قۇدرەتلىك سىررى،
پاك كۆڭلىگە قىزنىڭ، ئىكەن سۇۋاشقان.

بىجىردىم ئۇنى بەك ئۇز دەپ بىلۇرسەن.
ئەگەرچە بولسىمۇ ئۇ ئىش ئۆزى تۈز،
يانا ھەققىدە يۈرگەي مۇختىلىپ سۆز.
دىمەيدۇ ياخشى قىلدى دەپ پۈتۈن تىل،
بولۇر قارشى پىكىردە بەزى بىر دىل.
لايىقتۇر مۇشۇ يەردە شۇ ھىكايەت،
قىلىپتۇرلەر رىۋايەتتىن رىۋايەت.

## ھىكايەت

ياشانغان بىر كىشى يولغا چىقىپتۇ،
ئېشەكى بار ئىكەن ئۇنى مىنىپتۇ.
كىچىك بىر ئوغلى ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ،
بىرەيلەن ئارقىسىدىن شۇنى دەپتۇ:
مىنىپ ئاپتۇ تۇرۇپلا چوڭ، ئېشەكنى،
نىمىشقا مىندۇرمەيدۇ ئۇ كىچىكنى؟
ئېشەكتىن ئۇ كىشى دەرھال چۈشۈپتۇ،
ئېشەككە نەۋرىسىنى مىندۇرۇپتۇ.
مېڭىپتۇ ئازلا، ئۇچراپتۇ بىر ئادەم،
ئۇنىڭكى ئارقىسىدىن دەپتۇ ئۇ ھەم.
قېرى تۇرۇپ ئۆزى ماڭدۇ نىمىشقا،
كىچىك بالا ئەمەسمۇ خوپ مېڭىشقا.
بۇنى ئاڭلاپ ئۆزى ھەم مىنىپتۇ،
بالىسى ئارقىسىغا مىنگىشىپتۇ.
يولۇقۇپ بىر كىشى، ئۇ دەپتۇ شۇنداق،
بولامدۇ رەھىمسىز ئادەممۇ شۇنداق.

## 38. بەگۋاشمۇ ياكى ۋاپادار؟

ئى دوستۇم، كەل بىرئاز ھال مۇڭدىشايلى،
مىنۇت غەم ـ قايغۇدىن ئازات ياشايلى.
ئەگەرچە بولسىمۇ تۇتقۇن ھىلىھەم،
يوقالدى ئاشقىڭدىن ئەڭ بۈيۈك غەم.
خالاسلىق تاپتى جاللاتىنىڭ قولىدىن،
ئشق ئىلھامى ئاچقان پىكر يولىدىن.
پەلەك چەرخىنى ئەگرى دەپ كېلىشكەن،
ۋاپاسىز، ئەگرى ماڭغاق دەپ يۈرۈشكەن.
پەلەك ئۇ ئەگرىمۇ ياكى ئىرۇر تۈز،
ۋە يا، ئەگرى دىگەنلەر ئەگرىمۇ ئۆز،
بۇنى پەم ئەتمىكىڭدۇر بەكمۇ مۇجمەل،
جاھان پەيدا بولۇپ بۇ بولمىغان ھەل.
لېكىن ھەيران قالارلىق بىر تۈگۈن بار،
يېشىشتىن ئەقل قىلۇر ئاجىزلىق ئىزھار.
ئۇ، شۇدۇركىم، پىكىرلەر موختېلىپتۇر،
قېلىن دەرلەر ئەگەرچە ئۇ، لەتىفدۇر.
نە قىلساڭ ئۇڭا قارشى پىكىر مەۋجۇت،
يىغىلماس پىكىرلەر بىر جايغا مەزبۇت.
ئەگەر بىر ئىشنى ياخشى دەپ قىلۇرسەن،

تارالدى سۆز بولۇپ ھەققىدە چۆچەك —
يامان ـ ياخشى، قارا ـ ئاق، ئاقىل ـ ئەخمەق.
قاراپ ئىنساپ بىلەن بەرسە باھانى،
بولامدۇ ياخشى دەپ ئەيتماسقا ئانى؟
ئۇنى سەلبى دىسە بولمايدۇ ھەرگىز،
ۋاپادار، قەھرىمان، ئاقىل، جەسۇر قىز.
ئەمەس ھىچكىم ئۇنى ئەيپلەشكە ھەقلىق،
ھوقۇقىنى قوغداشنى قىلدى، تەھقىق.
كىمكى ئۆز ھوقۇقىنى ئۇنۇتسا،
ھوقۇقسىز كۈن كۆرۈش يولىنى تۇتسا،
ئىرۇر بۇنداق كىشىلەر، كەم خوتۇندىن،
رابىيە مىڭ قېتىم ئەلا ئۇنىڭدىن.
ھوقۇقسىزلىقتا كۆنگەن ئەر بولۇرمۇ،
ھوقۇقتىن چوڭ نىمەرسە كۆرۈلۈرمۇ؟
ھوقۇقى يولىدا رابىيە ئۆلدى،
ئۇنىڭ جىسمى چوكان ياردا كۆمۈلدى.
لېكىن قالدى بولۇپ تىللاردا داستان،
قىلىپ تارىخى، بەتلەرنى گۈلستان.
قېنى سازەندە، سازدىن بىر ناۋا تۈز،
بۇ تۈگىمەس رىشتەنى چورتتىدا ئۈز.
سىڭىلىڭ كۆيۈك كۆڭۈلگە بەرسۇن ئارام،
تەپەككۇر بۇ ئارامدىن ئالسۇن ئىلھام.
سۆز ئاچسۇن رابىيەنىڭ ئاتىسىدىن،
نە دەر، قىز ھەققىدە ياقۇپ خۇدبىن.

مىنىپتۇ بىر ئىشەككە ئىككى ئادەم،
ئىشەكنىڭ قىيىنلىشىدىن يەمەي غەم.
ئىشەكتىن ئىككىلىسىلا چۈشۈپتۇ،
قىلىپ سالتاناق ئىشەكنى ھەيدىشىپتۇ.
كېتىپ بارسا بىرى ئۇچراپتۇ يولدا،
بۇلارغا تەنە بىرلە دەپتۇ شۇندا.
ئىشەكنى قۇرۇق ھەيدەپ ئۆز ماڭامدۇ،
مۇشۇنداق ئەخمەق ئادەممۇ بولامدۇ؟
مۇنى ئاڭلاپ ئۇدەپتۇ بولدىلا بەس...
كىشىنى رازى قىلماق ئىكەن بەك تەس.

بۇ ئىككەيلەن ئىشىمۇ بولدى شۇنداغ،
ئېلىپ تاشلاندى سەئدىن ئۈستىدىن تاغ.
بولۇپ رابىيە چىندىن بىر ۋاپادار،
ۋاپادارلىقنى قىلدى تولا ئىزھار.
ئۇنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن ئىشىنى،
خىيال قىلسا، قىلۇر قايىل كىشىنى.
بۇنى ھەممە دىدىمۇ ياخشى دەپ؟ ياق!
قارا دىگەنلەر چىقتى، بولسىمۇ ئاق.
بىرى دىدى ۋاپادار، بىرى بەڭۋاش،
بىرى گەۋھەر دىدى، بىرى دىدى تاش.
بىرى ئاقىل دەپ ئەيتسا، بىرى نادان
ئايالىلىق "ئابروينى" يوقاتقان.
بىرى دىسە جەسۇركەن ئۆزى، سۆزىسىز،
بىرى دىدى چىغىردىن چىققۇچى قىز.

تۇتۇق قارىدى قىزنىغا ئىختىيارسىز،
پەقەت زوھرانى دەپلا ئۆتتى، يۈرسىز.
قىزى سەئىدىن بىلەن قاچقانلىغىدىن،
ئۇنىڭ پىكرىنى رەت قىلغانلىغىدىن،
نىكاھدا قىز رىزاسى بولسىمۇ شەرت،
قىزىنىڭ قىلغىنىنى ئۇ بىلىپ سەت.
يانا دەيتتى ئۇ، قىزىنى گۇناكار،
ئۇنى سۆكۈپ ھەر چاغ قىلدى ئەيىپكار.
قاچانكىم بولدى بۇ ئىش ئەمدى مۇنداغ،
گويا چۈشكەن ئىمىش ئابروييغا داغ.
ئۇنى ئەيىپلەرمىش خالايىق تامامەن،
قىلارمىش ئۇلار ئارقىسىدىن زەھەرخەند.
لېكىن، بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى قىز،
دىدى دىلدا، ئەمەسمەن ھىچ ئەدەپسىز.
ئەمەسمۇ شەرت نىكاھدا قىز رىزاسى،
نىمە قىلسام، يامانلارنىڭ جازاسى...
بۇ ئىشتا مەن ئۆزۈم، پاكىزەدۇرمەن،
نىمە دىسە دىسۇن، دىگىنىن كۆرەرمەن.
ئاتاسىن قارشى ئالدى ئۇ، ئوچۇق يۈز،
سوراپ تېچلىق مۇۋاپىق سۆزلىدى سۆز.
ياقۇپ بولغان بۇ ئىشتىن ئاچمىدى تىل،
نە پايدا، ئاچسا رەنجىيدۇ بىكار دىل.
تۇۋىپتىن قىزىنىڭ ھالىن سوراشتى،
دىدى ئۇ، بىرقەدەرلا، ياخشىلاشتى.

شۇ چاغكىم ئىشتتى ئىبراھىم خەۋەرنى،
يۇتۇپ ئۇ بىر قاچا ئۆتكۈر زەھەرنى.
جان ئاچچىغىدا چىپىپ قەشقەرغە كەتتى،
ئىككىنچى كۈنى ياقۇپ بايمۇ يەتتى.
شەھەرگە كەلدىيۇ، كۆڭلى تۇتۇلدى،
بۇلۇت باسقان ھاۋادەكلا بۇزۇلدى.
ئىشتتى خەلق تىلىدىن بولغان ئىشنى،
بىلەلمەي قالدى ئۇ، نىمىنى قىلىشنى.
نەكىم قىز قىلمىشى تىللاردا داستان
بولۇپ، قەشقەردە ئۇ كەڭرى تارالغان.
كىچىك ـ چوڭ ھەممىنىڭ تىلىدا رىۋايەت،
رابىيەنىڭ جاسارىتىدىن ھىكايەت.
قىزنىڭ قىلغىنىن بىلگەندە ياقۇپ،
بولۇپ ھەيران ئۇڭا قىلدى تەئەججۇپ.
بولۇنغىنى بۇ ئىشنىڭ قانداق بولدى؟
قىزى قانداق قىلىپ بۇ ئىشنى قىلدى؟
نىچۈن ئارىلاشتى بۇ ئىشقا نازارى،
ئۇنى تونۇدى نىچۈك، بۇ گۈلئۈزارى.
سىپىل سوققانلىنى بۇزغان تۇرۇقلۇق،
جابىر بەگنى تۇتۇپ ئۇرغان تۇرۇقلۇق،
ئۆتتۈلگەن تۇرسا شۇنداق زور جىنايەت،
نىچۈن بولدى ئۇنىڭغا بۇ، ئىنايەت؟
مۇشۇنداق ئويلىنى توپلاپ بېشىغا،
يېتىپ كەلدى ئاخىر قىزنىڭ قېشىغا.

ئىدى مەزمۇنى مەكتۇبىنىڭ مۇشۇنداق:
"سالامىم ھىسلىگە بولغايلا تەن ساق.
نەۋەتىلدى سالام تائىنىڭ يىپلىدىن،
سىغىنغان مېھرىبان بىر قىز تىلىدىن.
بۇ مەكتۇپدۇر ھاياتلىق يادىكارى،
ئۇنى يازدى ۋىسالىنىڭ ئىنتىزارى.
ئەزىزىم كاچ پەلەك بىزنى يىقىتتى،
ئاخىرى سىزنى بۇ زىندانغا تىقتى.
كۆكلەر غۇنچىدەكلا قاتمۇ-قات قان،
ئازابۇ دەرد، كۆلپەت داغى ھىجران.
ئىدىلەر نەۋقىران بۇركۈت يېتىشكەن،
مېھرلىرى ئىدى كۆكلۈمگە چۈشكەن.
ئىلىندىلا مېنى دەپلا تۇزاققا،
ئاخىرى چۈشتىلە ئۇشبۇ دوزاققا.
قاناتلىرى ئەلەم قايغۇدا سۇندى،
يىگىتلىك گۈللىرى غەم بىرلە سولدى.
خىجىلمەن ئويلىسام ھەر بارە-بارە،
دىلىم گۈل بەرگىدەك مىڭ پارە-پارە.
مۇراتنىڭ گۈللۈقىدىن غۇنچە ئۈزمەي،
مىنۇت بىرلىكتە خوشال دەۋر سۈرمەي.
بولۇپ كەتتۇق مۇشۇنداقلا ئاۋارە،
ئىكەن تەقدىر، بۇنىڭغا نىمە چارە؟
ئاتام كەلدى يېتىپ ئەمدى بۇ يەرگە،
تەييارلاندى مېنى ئېلىپ كېتەرگە.

بولۇپمۇ نەچچە كۈنلەردىن بۇيانى،
ئازايدى ئىنجىقى، ئاھى، پىغانى.
نىچۈك دورا ئۇنىڭغا پايدا قىلدى؟
ۋۇجۇدىدىن كېسەللىك دەپ بولدى؟
بۇنى بىلىتى پەقەتلا شۇ پەرىزات،
داۋا شۇدۇركى، مەھبۇپ بولدى ئازات...
خۇلاسە شۇ، ئېلىپ قايتماقچى بولدى،
بېرىپ يۇرتقا قاراپ باقماقچى بولدى.
بۇ ئىشتىن غۇنچىدەك كۆڭلى سىقىلدى،
يۈرىگى لالەدەكلا قانغا تولدى،
ۋە لېكىن دەپ تۇرسا ئاتىسى كېتەيلى،
قىلالمايتتى بۇنى رەت قىزنىڭ مەيلى.
ناچار جابدۇندى رابىيەمۇ كېتىشكە،
جېسىنى تۇرمىدە تاشلاپ ئېتىشكە.
ياناتتى دەرد ئوتىدىن كۆڭلى گەرچە،
ۋە لېكىن كۆڭلى توقراق ئىدى شۇنچە.
نەكىم بەرگەن ئىدى ۋەدە نازارى،
بولار دەپ تېزلا ئۆمرىنىڭ باھارى.
ئېچىلىپ قايتا ياشنايدۇ قىزىل گۈل،
كېلەر گۈللۇققا قايتىپ يانا بۇلبۇل.
ئىدى شۇ ۋەدە بىرلە ئۇ خاتىرجەم،
بولارمىز دەپ يانا بىز بىر كۈنى جەم.
كېتىش ئالدىدا بىر مەكتۇب تۈزەتتى،
ئۇنى مەھبۇبى سەئىدىنگە ئەۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قىتئە

سۆيۈنگەي دىلى ئاشىقىنىڭكى مەشۇقتىن خەت ئالغاندا،
نىچۆككىم خوش بولۇر بۇلبۇل، كۆرۈپ گۈللار ئېچىلغاندا.
ئەجەپ بىر زەۋق بېغىشلار چارەسىز مەھبۇس كۆڭۈللەرگە،
ئوقۇش سىرتتىن كىرگەن خەتنى، كۆڭۈل ھەر بىر سىقىلغاندا.

ئىلاجسىز ئەمدى قەشقەردىن كېتەرمەن،
بىلەلمەيمەن نىچۈك هالدا ئۆتەرمەن.
كېتىش ئالدىدا ئۆزلىرىگە گېپىم بار،
نازارىدىن سېغىنىشلىق سالام بار.
ئۇ ئېيتتى ئىككى يا ئۈچ ئايغا قالماي،
ئازات بولغاي سولاقخانىدىن قۇتۇلغاي.
بۇ ئىشنى تەكشىرۈۋۈچى تەكشۈرۈپتۇ،
هاكىم بەگ ئىشنى ئاستىن چۈشۈنۈپتۇ.
چېقىمچى چاققان ئىشنىڭ يوق ئاساسى،
ئەمەسكەن مۇشۇ خىلدا سەئدىن ئاسى.
ئېنىق ئېيتتى ماڭا بۇ هالنى شائىر:
يېنىپ چىقىدۇ تولا قايغۇرما ئاخىر.
ئۇنىڭ بۇ ۋەدىسىدىندۇر دىلىم توق،
نەكىم سۆزىدە ئۇنىڭ باشقا غەرەز يوق.
ئۈمىدىم شۇكى بەخت ئاپتابى تۇققاي،
بەخت قۇشى بۇ ئىككى ياشقا قونغاي.
يېشىللىقلار ئارا ئويناپ كۈلەرمىز،
كېپىلەك قوغلىشىپ گۈللار ئۈزەرمىز.
كۆرەشكۈنچە خۇدايىمغا ئامانەت،
مېنىڭ بەختىمگە بولغايلا سالامەت".
بۇ خەتنى هەدىيەلەر بىرلە ئەۋەتتى،
ئۇنى تاپشۇردى زوهرا، بىللە كەتتى.

www.uyghurkitap.com



# 39. قايغۇ ئوتىنىڭ جانغا تەسىرى

**ئالەم ھەمە داغەست، نەدارەد ئەسەرى داغ،**
**دەر لالىستان نىست كىسى راخەبىرى داغ.**
**(ئالەمنىڭ بارلىقى داغدۇر، لېكىن داغ ئەسەرىنى تۇتمايدۇ،**
**لالەلىكتە تۇرۇپ كىشىنىڭ داغدىن خەۋىرى يوق)**
**دىل قابىلى گەرۋىدىنى ئەسرارى جۇنۇن نىست،**
**در زىرى سىياھىست ھۇنۇز سەھەرى داغ.**
**(دىل جۇنۇننىڭ ئەسرارلىرىنى چۈشىنىشكە قابىل ئەمەس،**
**داغنىڭ تاڭلىرى تېخى قاراڭغۇلۇق ئاستىدادۇر)**

—— بىدىل.

ئىشق دۇنياسىدا باشلاندى ماتەم،
ماتەم كۆيگە چال كۆيۈكنى سەن ھەم.
بۇ ماتەمنىڭ بايانىدۇر مۇشۇنداغ،
ئىشق سەئدىنىگە سالدى ئەڭ يامان داغ.
ئۆلۈمدىن گەرچە ئۇ تاپتى نىجاتلىق،
تېخى گۇندىخانىدىن يوق خالاسلىق.
بۇنىڭ ئۇستىگە رابىيەدەك ۋاپادار،
بۇنى دەپ تارتتى چەكسىز، تەئنە، ئازار.
يانا چۈشتى ئۇنىڭ ئېسىگە ئاتا ـ نا،
ئۇلار قايغۇدا بۇندىن، بەك ھامانا.

ئۇنىڭغا چىرمىشىپ ئالدى كىسەللىك،
ئىلىنجىغا كىسەللەر، خىلى خەۋپلىك.
قىزىلگۇل چىرايى، بولدى سېرىقگۇل،
قۇرۇپ دەرمانى ئاجىزلاشتى بۇلبۇل.
مىڭىپ يۈردى ۋە لېكىن ياتمىدى ئۇ،
ئېسى-ھۇشىنى ھەم يوق ئەتمىدى ئۇ.
مۇشۇنداق ھال ئارا يۈرگەندە سەئدىن،
بىشارەت بەردىلەر بوشانغىنىدىن.
پىشىن ۋاقتى ئىدى پۈتكۈل بوشاتتى،
ئۇنى گۇندىخانىدىن سىرتقا ئاتتى.
قىلىپ بولمايدۇ خوشلۇقنى تەسەۋۋۇر،
بايانىدىن قەلەم ھەم تىل ئاجىزدۇر.
مۇشۇ ھالەتنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن،
كىشىلەرلا بولۇر بۇ ھالنى بىلگەن...
مەئەلقىسسە، بوشاندى ئۇ قاماقتىن،
دىدى ياناللا كۈن چىقتى قاياقتىن؟
چېچى ئۆسكەن چۈشۈپ تا مۈرىسىگە،
ئورۇنلاشقان توپا-كىر، چېھرەسىگە.
قىلىپ ئۆز ھالىتىنى ئۇ تەسەۋۋۇر،
دىدى: شۇ ھالدادۇرمەن كۆزگە مەنفۇر.
تۇمەن دەرياسىغا ئەۋۋەل بارايىن،
يۇيۇنغاندىن كېيىن چاچ ئالدۇرايىن.
تاپاي ئەۋۋەل تۇرار ئۆي-جايلىرىمنى،
ئۇنىڭدىن سوڭ كۆرەيمەن دوستلىرىمنى،

قۇيرۇغى ئارقىدا يوق، ئالدىدا يايلى،
ئەمەسمىتى ئۇلارنىڭ يالغۇز ئوغلى.
تۇغۇلغان چاغدا خوش بولغان ئانانى،
ئۇنىڭدىن زور ئۈمىت كۈتكەن ئاتانى،
يېتىپ تۇتقۇن، بۇلارنى كەتتى ئويلاپ،
ئۆزىچە ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەتتە يىغلاپ.
كىشىكىم ئۇ ھاياتتا تۇتقۇن بولسا،
ئۈمىدى ھەممە بارلىقتىن ئۈزۈلسە،
پۈتۈن كۈتكەنلىرىدىن كەتسە ئاجراپ،
بولۇپ كېتىدۇ كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى ساپ.
ئېتىپ ئەكس ھەممە كەچمىش ئىشلار ئۇندا،
مىڭىسىدە ئۇنى قىينايدۇ شۇندا.
بىرىنى قىلمىغاندىن دىلدا ھەسرەت،
بىرىنى قىلغىنىدىن يەپ نادامەت.
نىمەكىم ئۇنى قىلدى دوست ئەغيار،
بۇ ئەينەكتە قىلىپ ئەكسىنى ئىزھار.
يېتەر جىسمى بىناسىغا خاراپلىق،
بولۇر پەيدا تېنىدە نەچچە ئاغرىق.
قاماق چۈشكەندە سەئىدىنىڭ بېشىغا،
بېرەلمەي قالدى بەرداش، چەرخ ئىشىغا.
ئىرادىسى ئۇنىڭ چىڭ بولسىمۇ گەر،
ھاۋادىس دولقۇنىدىن تىترىمەس ئەر.
ياش بولغاچقا تېخى سەئىدىن جاپاكەش،
ئۇ ئىشلار ئەكسىدىن كۆڭلى بولۇپ غەش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەشى ئەزسالى پەيغەمبەر،
بىنا قىلدى بۇ قەلئەنى زوھورىدىن بەلەند ئەختەر.

دىيارى ئەھلىنىڭ ھالىغا رەھم ئەيلەپ ھىدايەتتىن،
قىلىپ بۇ قەلئەنى مەھكەم، گويياكى سەددى ئىسكەندەر.

ئوقۇپلا بىلدى يازغاندۇر نازارى،
مۇنداق شېئىر شۇ شائىرنىڭ شوئارى.
قارا، مەناسى كەڭرى لەفزى قىسقا،
پاساھەتنىڭ گۈلى، لايىق قىسشقا.
مۇشۇنداق ئوي بىلەن چۈشتى تۆۋەنگە،
يۈرۈپ بىرئاز، يېتىپ باردى تۈمەنگە.
قاراپ ماڭدى تۈمەن دەريا بويىگە،
چۈمۈلەي دەپ ئۇنىڭ سۈزۈك سۈيىگە.
تۈگەپ ياز كۈنلىرى، كەلگەن ىدى كۈز،
بىرئاز تونۇتتى شامالدىن يۈز بىلەن كۆز.
يوپۇرماقلار سېرىقلاپ ئالدى چۈشكەن،
باھار تۈگىگەن، خازان پەسلى يېتىشكەن.
چىمەنلەر چەيلىنىپ، قۇرۇغان بۈزۈلغان،
كېتىپ بۇلبۇل دەرەخكە قارغا قونغان.
دېمەك مىزان① تۈگەپ كەلگەنتى ئەقرەپ②،
يۈرەتتى ھەممە خەلق قىشنىڭ غېمىن يەپ.

---

① مىزان — تارازا يۇلتۇزى. كۈز پەسلىنىڭ بىرىنچى ئېيى.
② ئەقرەپ — چايان يۇلتۇزى. كۈز پەسلىنىڭ ئىككىنچى ئېيى.

كېرەك ئەۋۋەل نازارى لە كۆرەشمەك،
ئاياغىنى بۇ ئۇستازىمىنىڭ ئۆپمەك.
قىلۇرمەن ئۇڭا ئىزھار كۆپ تەشەككۇر،
لېكىن ئۇ زات ئەمەس دۇنياغا مەغرۇر.
قوبۇل قىلسا ئىدى ئەجرىگە ئۇ زەر،
قىلاتتۇق ئەرمىغان كـۆپ دۇر ۋە گەۋھەر.
بىلۇرمەن ئۇ ئۆزى پاكىزە زاتتۇر،
ئۇ دەيتتى بۇنداق ئىش كىشىگە ئۇياتتۇر.
مۇشۇنداق ئوي بىلەن ئۆتتى گۇزەردىــن،
كۆچۈردى ھەممە ئەتراپنى نەزەردىن.
قاراپ كۆردى سېپىلگە، ئىدى پۇتكەن،
ئىگىزلىكتە بويى تاغلارغا يەتكەن.
ياسالغان ئۇستىگە چوقچا تۇرۇشقا،
تەييارلانغان پۇتۇنلەيلا ئۇرۇشــقا.
مۇكەممەل بىر سېپىلكىم بۇرچ-بارى،
ئېتىشقا ئوق ۋە توپ باردۇر كامارى.
يېنىغا بىر تېرەن خەندەك قېزىلغان،
يانا كالتا سېپىل دەپ تام قۇرۇلغان.
مۇشۇنداق كۇزىتىپ يول ماڭدى سەئدىن،
كېلىپ چىقتى تۆشۈك دەرۋازىسىدىن.
ئۇ چىققاندا يېڭى سېپىل تېشىغا،
كۆزى چۈشتى تۆشۈك داۋزا بېشىغا.
يېزىلغان كۆردى ئۇندا چوڭ قىلىپ خەت،
تۆۋەندىكى تۆت مىسرالىق ئىككى بېيت:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناماز خۇپتەنگە مەزۇن ئەيتتى ئەزان،
ناماز تۈگىدى قىلىندى خەتم قۇرئان.
جامائەت يولنى ئۆيلىرىگە سالدى،
بۇ كەڭ مەسچىتتە سەئدىن ئۆزى قالدى.
پۈتۈن ئەتراپ چۈمۈلگەن بىر سۈكۈتقا،
كۆزى چۈشتى ئۇنىڭ تۇرغان تاۋۇتقا.
يىراق بىر قەبىر ئارا بىر يەردە قارى،
ئوقۇپ قۇرئان قىلاتتى ئاھ زارى.
خىيال قىلدى مۇشۇ ھاللارنى سەئدىن،
تىزىلىپ ئۆتتى بولغان ئىش بېشىدىن.
ئېغىر بىر غەم كېلىپ ئۈستىنى باستى،
بىلىندى ئوتقا ئوخشا ئۈستى-ئاستى.
ئۇنى تۇتتى يىغا، توختالمىدى ھېچ،
بولۇپ كەتتى سۇدەكلا، تاش ھەم ئىچ.
تولا يىغلاپ يۈرەك باغرى ئېزىلدى،
تېنى تىترەش بىلەن ماغدۇر ئۈزۈلدى.
بەدىنىدە ئېشىپ كەتتى ھارارەت،
تۇرۇشقا قالمىدى جىسمىدە تاقەت.
يىقىلدى ئولتۇرالماي بولدى ھوشسىز،
يېتىپ قالدى ئۇ تىنىسىز ھەمدە ئۈنسىز.
ئۇپۇق ئاقىرىپ شەرقتىن ئاتسىمۇ تاڭ،
ئەزان ئۇنى دېسە "مەسچىتكە تېز ماڭ!..."،
قىزارسىمۇ شەپەقتىن كۆك كانارى،
كۆتۈرۈلسىمۇ قەۋرىستاندا زارى،

يېقىنلاشقان ئىدى كۈن غەرپ تەرەپكە،
بىرئازلا ۋاقت قالغان ئىدى كەچكە.
ئۆتۈپ سەئدىن دەرەخنىڭ دالدىسىغا،
يوشۇرۇندى سېرىق شاخ ئارىسىغا.
كىيىملىرىنى سېلىپ ئۇ، سۇغا چۆكتى،
سوغاق سۇدىن تېنى بىر ئېندىكتى.
يۇيۇندى پاكىزە ئالدى تاھارەت،
كېچە ھەزرەتتە تۇرماق قىلدى نىيەت.
كىيىپ كىيىمنى ئۇ يۈزلەندى شەرققە،
ئاپاقنىڭ گۈمبەزى بولغان تەرەپكە.
تۆشۈك دەرۋازا كۆۋرۈگدىن ئۆتۈپ ئۇ،
غېرىپ بىر باش چۈشۈرگۈچىنى تېپىپ ئۇ،
چېچىنى ئالدۇرۇپلا يولغا چۈشتى،
لېكىن تېنىگە ئۇنىڭ تىترەك يېپىشتى،
ھاۋا قاتتىق بۇزۇلغان، يوقتى يۇلتۇز،
قارايغان ئاسمان گوياكى قۇندۇز.
ئۇ، چوڭ يول بىرلە ماڭدى ئاستا-ئاستا،
تېنى ئاجىز ۋە ماغدۇرسىز ئاساستا.
بۇ يولنىڭ ئىككى يانىدا پۈتۈن قەبر،
تېنى چىرىگەن ئىگىسىنى يىگەن يەر.
ياتاتتى ئۇندا ئوخشاش شاھ، دەرۋىش،
يوق ئۇندا كېچە-كۈندۈز، ياز بىلەن قىش...
بۇلارنى ئويلا-ئويلا ئالغا كەتتى،
بىرەر سائەت مېڭىپ گۈمبەزگە يەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

پۈتۈن كۈن ئۆتتى، لېكىن ئاچمىدى كۆز،
قىلالمىدى سورىغانلارغا ھەم سۆز.
خەلقلەر كەلدى قىچقاردى تىۋىپنى،
كىرىشتى قىلغىلى دورا — سەۋەپنى.
قويۇپ تۈرلى ئۇنى ئاپاقتا ئاغرىق،
ساقايماس دەردكە ئۇچراپ قالدى ئاشىق.
بىز ئەمدى ئىشتىلى سۆز باشقا ياقتىن،
نىچۈك كېلىدۇ خەۋەر ئەمدى يىراقتىن.

قۇتۇلغان ئىشقىنىڭ قۇربانى سەئىدىن،
خەتەرلىك بىر ئۆلۈم دارى تېگىدىن.
ھازىرغىچىلىك ئۆتۈپ كەتتى بەش-ئالتە ئاي،
ئارادا كىشى قاتناپ تۇردى ھارماي.
ھەر ئون بەش كۈندە قەشقەرغە ئىبراھىم،
ھەسەن بىرلە ۋە يا يالغۇز ئۇ دائىم،
كېلىپ تۇردى ئۇلار سەئىدىننى يوقلاپ،
ئاتالىق، دوستلۇق مېھرىنى ساقلاپ.
يېتىپ كەلدى بۇلار ئۆز ئادىتىچە،
ئېلىپ لازىم نىمەرسىلەرنى قانچە.
يامۇلنىڭ داۋزىسىغا يۈگۈرۈشتى،
كۆرۈشتۈرەر كىشىسى لە كۆرۈشتى.
ئۇ ئەيتتى: ئىككى كۈندۈر بولدى ئازات،
نىمىشقا قىلىسىز بۇندا ئۇنى ياد.
بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار كۆپ خوش بولۇشتى،

بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى تۇيمىدى ئۇ،
ئېغىر بۇ ئۇيقۇدىن ئويغانمىدى ئۇ.
جامائەتلەر نامازدىن بارى يانــدى،
مۇئەززىنمۇ ئىشك ئەتمەكچى بولدى.
كۆزى چۈشتى ئۇنىڭ، ياتقان كىشىگە،
قىلىپ ئاچچىق يېتىپ كەلدى قېشىــغە.
ئۇنى لىڭشىتتى ھەم قاتتىق تۇرتتى،
دىدى تۇر! بامداتنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.
قىمىرلاپ قويمىدى ياتقۇچى لېــكىن،
مۇئەززىن ئەنسىرەپ قالدى بۇنىڭدىن.
ئىگىشىپ كۆردى گويا بىر ئۆلۈكتەك،
يېتىپتۇر بىر يىگىت، ھېچ جېنى يوقتەك.
چىرايى ساغىرىپ كەتكەن سامانــدەك،
تېنى قىزىغان تونۇر ئىچىدە ناندەك.
ياتاتتى سوزۇلۇپ تاشتەكلا ھۇشسىز،
قىمىر قىلماي تىنىقى پەس، تاۋۇشسىز.
مۇئەززىن كۆردىكىم بىر ياش يىگىتــكەن،
ئېغىر ئاغرىق بىلەن، ھۇش-ئەقلى كەتكەن.
ئىچى ئاغرىپ سىلىدى يۈز، كۆزىنى،
لېكىن ئۇ ئاچمىدى يۇمغان كۆزىنى.
يىغىلىشتى نەچچە كىشى يېــنىغا،
ئېلىپ چىقتى ئۇنى گۈمبەز قېشىغا.
سېلىپ ئاستىغا پاكىز كۆرپە-چۈشەك،
ئۇنى ياتقۇزدى ياتتى ئۇ، ئۆلۈكتەك.

ھامان ياتتى ئۇ ھۇشسىز خۇدىنى بىلمەي.
مۇشۇنداق ئۆتتى ئۈچ ـ تۆرت كۈن ناھايەت.
قىلىندى دورا ھەر تۈرلۈك بىغايەت.
كۆرۈلمىدى داۋادىن زادى پايدا،
ئۆلۈم كېسىلگە نەپئىلىك دورا قايدا...
كېلىدىن ئۆتمىدى ئاش، سۇ بىلەن نان،
تۇرامدۇ يېمىسە ئاش، تەنىدە بۇ جان؟
تېۋىپلار ئاخىرى بولدى ئۈمىتسىز،
داۋالاشتىن كېلىشتى، ئۇلار ئاجىز.
ئىبراھىمغا كېچەش بەردى كېتىشكە،
ھاياتلىغىدا ئانا قېشىغا يېتىشكە.
دىدىلەركىم تۇغۇلغان يەر ھاۋاسى،
بولۇپ قالغاي ئۇنىڭ دەردى داۋاسى.
ياساپ ئىككى ئېشەك ئۇستىگە جىيغا،
سېلىپ سەئدىنىنى چۇشتى بۇلار يولغا.
بۇ ئىش ماھىيىتى شۇ خىلدا بولغان،
ئۇ ئىككى يىلچە گۇندىخانىدا بولغان.
ئاجىزلاشقان ئۇنىڭ بۇ چاغدا جىسمى،
پەقەت قالغان ئۇنىڭدا تەنىنىڭ ئىسمى.
ئۇ گۇندىخانىدا قالغان توق ھەم ئاچ،
ئىكەن نۇرغۇن داۋالاشلارغا مۇھتاج.
بۇنىڭ ئەكسى سوغاق سۇغا چۈمۈلدى،
يامان تەسىرى ناھايەت زور كۆرۈلدى.
بۇنىڭ ئۇستىگە ئەسلەندى ئۇ ئۆتمۈش،

ئۇنىڭ تۈيلىقى بار يەرگە بېرىشتى.
لېكىن ئۇلارمۇ بىلمەپتۇ بۇ ئىشنى،
ئۇنى گۈندىخانىدىن بوشۇتۇشنى.
شەھەر ئىچىدە تونۇشقان جايغا باردى،
ئۇنى كۆپ ئاختۇرۇپ ھەر ياندا، ھاردى.
ئاخىرى ھەزرەت ئاپاققا چىقىشتى،
تونۇشقان جايلىرىنى ئىزدىشىشتى.
تاپالماي باردىلەر گۈمبەز قېشىغا،
يىقىلدى قاپ-قارا بىر تاغ بېشىغا.
ئىبراھىم كۆردى ئامراق ئوغلى ياتقان،
يۇمۇلغان كۆزلىرى، پۇت-قولى قاتقان.
تۇرۇپتۇ چۆرىسىدە قانچە ئادەم،
ئۇنىڭغا ئاغرىنىپ ئىچ، يىيىشىپ غەم.
بالام، دەپ ئاتتى ئۆستىگە ئۆزىنى،
سۈرتۈپ يۈز، كۆزىگە يۈز، كۆزىنى.
ھەسەن، دوستۇم دىدى، يۆلىدى بېشىنى،
لېكىن تۈيمىدى سەئىدىن ھېچبىرىنى.
ئۇلار بىر ھارۋىنى تاپتى تېزدىن،
ئۇنىڭغا ياتقۇزۇلدى زار سەئىدىن.
ئېلىپ كىردى ئۇنى ئاستا شەھەرگە،
كېسلىنى تىۋىپكە كۆرستەرگە.
تىۋىپلارنىڭ بارىغا كۆرستىنىشتى،
دىگەن دورالىنى قويماي قىلىنىشتى.
لېكىن كەتتى ئوغۇل كېسلى تۈزەلمەي،

بۇ قەشقەر ئالىمىنىڭ ئېيتقىنىدەك،
زامان سەئىدىنى چەنلەپ ئاتقان ئوق، بەك.
تۇرسا تەككەن زامان ئوقى بۇنىڭغا،
قىلىپ بولىدۇ نىمە چارە ئۇنىڭغا!

## غەزەل

بۇ چىمەندىن كەتتى، كۆڭلى بەرگى گۇلدىن پارەراق،
باغرى ئوق تەككەن كىيىكنىڭ تەنلىرىدىن يارەراق.

ئارقىمۇ-ئارقا ئۇنى باسقان بالالەر ئىلكىدە،
بوز لىچىن قارماقلىغان كەكلىكتىن ئۇ بىچارەراق.

ئۇ مۇھەببەت ئالىمىدە چارەسىز قالدى ئەجەپ،
بولمىدى ئەۋارەكىم، ئۇندىنمۇ ھەم، ئەۋارەراق.

كۆيدۈرۈپ ئىشق، سورىدى ھىجران يىپلىدە جىسمىنى،
بەرمىدى گوردىن بۆلەك، تۇرماققا جاي ئازادەراق.

سۆيگۈ گۇلزارى ئارا بىر تازا گۇلنى كۆرمىدۈق،
ۋاقىتسىز ئۈچراپ خازانغا، توزىدى ئۇ تازەراق.

ئېزىلدى باغرى ئىسلەپ دەرتلى تۇرمۇش.
مۇشۇنداق چاغدا قەبرىستانغا باردى،
گورۇستانلىقتا ياتقانلارنى كۆردى.
يۈرىكىدىن يىغا چىقتى بۇلۇقلاپ،
ئېزىلدى باغرى، قالدى سىرتتا ئۇخلاپ.
كېلىپ تەگدى يېلىنىڭ جىسمىغا سوغاق يەل،
بولۇپ شۇنداق سەۋەپلەرنىڭ بارى تەل.
كېلىپ تەگدى بولۇپ بۇ ھەممەسى ئوق،
قىلىشقا پانى دۇنيادىن ئۇنى يوق.
بۇ ئوقنى ئۇڭا ئاتقانكەن زامانە،
ئۇنى قىلغان ئىكەن ئوقىغا نىشانە.
بولامدۇ قىلغىلى بۇ ئوققا چارە،
ئۇنىڭ ئالدىدادۇر، ھەممە بىچارە.
بۇ ھەقتە دەيدۇ مەھمۇت قەشقىرى سۆز،
بولۇر ئويلانسا بۇ بىر سۆزنى ھەر ئۆز.
دىۋان لوغاتىت تۈركىدە يېزىپتۇ،
تازا چىن بىر ھەقىقەتنى تىزىپتۇ.

ئوكرە يۈكى مۇنداغ ئوق،
مۇندە ئازىن تىلدەغ ئوق،
ئاتسا ئەژۈن ئوغرەپ ئوق،
تاغلەر بېشى كىرتىلۈر.

يەشمىسى: زامانىنىڭ ئادىتى زادى مۇشۇنداق، بۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە قورقۇنچلۇق سەۋەپلەر بار تېخى. تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا، تاغ بېشىمۇ پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ماڭدى ئۇنى يۇرتقا ئىبراھىم،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ دەپ، ۋاي خۇدايىم.
ئۆلۈكتەك كۆزنى ئاچماي ياتتى سەئىدىن.
ئىدى ئەتراپتىكىلەر بەكمۇ غەمكىن.
نە بولغاي بۇ كېسەلنىڭ ئاخىرى دەپ،
كېتىپ بارىدۇ بۇلار، بەك كاتتا غەم يەپ.

ئى قايغۇ، سەن نىچۈك ئىشكتە تۇرۇرسەن،
كىرمەمسەن! بىزگە سەن قەرداش ئىرۇرسەن.
قېرىنداش بىزگە سەن بولغانلىغىڭدىن،
كېلىمىز ئايرىلالماستىن سېنىڭدىن.
ئىرۇرسەن نەگە بارساق، بىزگە ھەمرا،
سېنىڭدىن ئەمدى دەيلى كىمگە بىز، ئاھ.
مانا ھازىرمۇ ئەھۋال بولدى شۇنداغ،
قۇتۇلغان خۇش خەۋەردىن، خۇش تۇرغان چاغ.
كېلىپ، پۈتكۈل تۈگەتتىنىڭ، ھەممە خوشلۇق
پۈتۈنلەيلا بولۇپ كەتسە بۇلار يوق.
مانا شۇ چاغدىلا يالغۇز قالارسەن،
بۇلار كېتىدۇ ۋە كەتتى، نە قىلارسەن.
بۇلار يۇرتقا يېتىپ كېلىشتىن ئالدىن،
خەۋەر تارقالدى دەپ، قۇتۇلدى سەئىدىن.
تارالدى بۇ خەۋەر كۆكچىگە شۇ دەم،
بۇنى ئىشتتى ۋاپادار رابىيە ھەم.
سۆيۈنگەندىن ئېچىلدى يۈزى گۈل-گۈل،

# 40. ئىنتىزارلىق ۋە مەھرۇملۇق

**چەرخىڭ جامى نەگۈن دان، كەزمەيى ئىشرەت تەھست.**
**بادە ئەز جامى نەگۈن جۇستەن نىشانى ئەبلەھست.**
**(چەرخنى دۈم قويۇلغان قاچا بىلكى، ئىشرەت مەيدىن قۇرۇقتۇر، دۈم قاچىدىن شاراپ ئىزدەش ئەخمەقلىق نىشانىسىدۇر.)**
**ـــــجامى.**

كېپەندۇر بارچىنىڭ كەيگەن لىباسى،
ھازادۇر ئۆرلىگەن بارلىق ساداسى.
قارالسا نەگە ئۇندا قانچە ماتەم،
پىراقو، ھجر، قايغۇ، دەرت ـ ئەلەم، غەم.
ئاتايدۇ كائىنات دەپ ئەسلى يوقلۇق،
يورۇقلۇق ياكى زۇلمەت، سۇ، قۇرۇقلۇق.
جاھان تۈگمەن، زىمىن، ئاسمان ئىرۇر تاش،
يوقىلۇر ئورتادا، بولسۇن قىرى-ياش.
مۇشۇ تۈگمەندە بارچە ئۇن قىلىنغاي،
پانانىڭ شامىلىدىن سوۋرۇلغاي.
مانا سەئدىنىمۇ شۇنداق ئۇن قىلىندى،
ئاخىرى شۇ شامالدا سوۋرۇلىدى.
دىمەك، جىيغا قىلىپ ئىككى ئىشەكتە،
كېسەل سەئدىننى ياتقۇزدى چۆشەكتە.

بولۇر يار بىزگە قايتا بەخت ـ سائادەت.
مۇشۇنداق ئوي بىلەن بەزلەيتى ئۆزىنى،
ۋىسال گۈلزارىغا تاشلايتتى كۆزىنى.
خىيال چىمەنىدە ئارمانسىز كېزەتتى،
ئۈمىتىنىڭ گۈلشەنىدىن گۈل ئۈزەتتى.
ياساپ گۈلدەستە بۇ ئۈزگەن گۈلدىن،
هايات قەسرىنى زىننەتلەپ ئۈنىگدىن،
خىيالىدا قىلاتتى يوق پىراقنى،
ياقاتتى ۋەسلدىن نۇرلۇق چىراقنى.
كۆچايدى بېشىدا سۆيگۈ خىيالى،
ئىچىگە سالدى ئوت، يارىنىڭ ۋىسالى.
ئۈمىدى مەشئىلى قەلبىدە ياندى،
يوقالغان هىسسيات قايتا ئويغاندى.
بېرىپ ئۆزىگە ئۆزى يانا بىر جاسارەت،
دىدى يولدا توساپ ئەيلەي زىيارەت.
قىلىپ سۆيگۈمنى ۋە مېھرىمنى زاهىر،
كۆرەي بىر كەررە دىدارىنى ئاخىر.
يېتىپ كېلىدۇ بۇ كۈن دەپ قىلدى مولجەل،
دىدى كەلسە مۇشۇ ئۇدۇلغا ئۇ، دەل.
توساتتىنلا دەرەخلىقتىن چىقايىن،
خالاسلىقنى مۇبارەكلەپ قويايىن.
ئارام ئالسۇن ئۇنىڭ كۆڭلى، مېنىڭمۇ
پەسەيسۇن تەپتى هىجران ئوتىنىڭمۇ.
مۇشۇ بىر ئويدا توختاتتى ئۆزىنى،

ئەمەس گۈل بەلكى بولدى ئۆزى بۇلبۇل.
تېخى ئۆتمەي ئارادىن بىر يېرىم كۈن،
سەئىدىن ئاغرىق ئىكەن دەپ كەلدى بىر ئۈن.
خەۋەر بولدى ناھايەت ئېچىنىشلىق،
پەرىزاتتىن پۈتۈنلەي كەتتى تېچلىق.
تولۇن ئاينى بۇلۇتلار باستى گويا،
ئۇنىڭ خوشلۇق ئۈمىدى بولدى زايا.
بىئارام بولدى زوھرانى يۈگۈرتتى،
بېرىپ سەئىدىن ئۆيىگە گەپنى ئۇقتى.
بىلىپ كەلدى ئۇنىڭ ئاغرىقلىغىنى،
جىيىغدا ياتقۇزۇپ كېلىۋاتقىنىنى.
بۇنى ئاڭلاپ ۋاپادار قىز بىچارە،
يۈرىگى بولدى گۈلدەك پارە-پارە.
بېشى قاتتى قىلارىنى بىلەلمەي،
قامالغان يارىنى ئازات كۆرەلمەي.
يىسىمۇ ئۇ كېسەلكەن دەپلا، غەمنى،
خىيال قىلمايتتى ھەرگىزمۇ ئۆلۈمنى.
خىيالدا تېخى يارىنىڭ ۋىسالى،
كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ ھۆسنى كامالى.
قۇتۇلدى ئۇ، ئۆلۈم دارى تېگىدىن،
نىجاتلىق تاپتى گۈندىپاي قولىدىن.
بولۇر ھەر تەنگى باردۇر ئۇندا ئاغرىق،
كېسەلنىڭ ئارقىسىدىن بارغۇ، ساقلىق.
كېسەل بولسا يانا بولغاي سالامەت،

## 41. ئاي قەلبىدىكى قۇياش پېتىپ كەتتى

ئى ئوركېستىر، ماتەم كۈيىنى كۈيلە،
يوقالدى بىز ئۈمىت قىلغان ئۇ تويلار.
بىر ئاشىق بۇندا مەھرۇم بەردى دەپ جان،
مۇھەببەت ئالىمىدىن چىقتى چۇقان.
ئىشتىڭمۇ ئاينا چىققان سادانى،
ئېچىلغان كۆكچىدە دەرتلىك ھازانى.
بىلۇرسەن، سالدى سەئىدىننى جىيغاغا،
كىشىلەر ئولىشىپ ئالدى ئاراغا.
كۆرۈندى بەك ئۇزۇن بۇ يول ئۇلەرگە،
نىچۈك بولسۇن يېتىپ كەلدى بۇ يەرگە.
رابىيە كۈن بويى ئاشۇلارنى كۈتتى،
كۆزىنى ئاشىقى يولىغا تۇتتى.
جىيغادا ياتتى سەئىدىن بولۇپ ھۇشسىز،
ئۇنىڭ بۇ ھالىدىنتى، قىز خەۋەرسىز.
يېقىن كەلگەندە سەئىدىن ئاچتى سەل كۆز،
مىدىرلاتتى ئېغىزنى، چىقتى بىر سۆز.
بۇلار ئۈمىت قىلدىكىم، تۈزەلدى،
مانا كۆڭلى ئۇنىڭ بىرئاز سۈزۈلدى.
ئۇلار بىلمىدىلەركىم، ئۇندا بۇ ھال،

يولغا ئنتزار تۇتتى كۆزنى...

## رۇبائى

ئۈمت ئۇدۇر هاياتتا ئستەك گويا،
مەۋجۇتمۇ ئۈمت يوقالسا، تۇرمۇش ئايا؟!
ئۈمتكە ئگە بولمسا ئنسان مەغرۇر،
پۈتكۈللا خاراپ بولۇپ كېتەتتى دۇنيا.

www.uyghurkitap.com

## شىكايەت

ئەجەپ بىرەھىمسەن ئى چەرخ غەددار،
نەپەسمۇ بولمىدۇڭسەن ئۇلغا يار.
كىچىككەن ئۇگا سالدىڭ ئىشق ئوتىنى،
بۇ ئوتتا ئۆرتىدىڭ، ئاجىز تېنىنى.
كىرىشتىلەر قېچىپ تەكلىماكانغا،
يولۇقتۇردۇڭ ئەجەپ قاتتىق بورانغا.
يەنە غەپلەتتە ئۇيقۇغا پاتۇردۇڭ،
غاپىل ياتقاندا دۈشمەنگە تۇتتۇردۇڭ.
ئۇنى يامۇلدا گۇندىلارغا سالدىڭ،
پۈتۈن ئەركىنلىگىنى تارتىپ ئالدىڭ.
رەقىبى ئالدىدا قىلدىڭ ئۇنى خار،
يانا ئاسماققا تىكلەتتىڭ ئىگىز دار.
ئۇنى ئاخىرى ئۇچراتتىڭ كېسەلگە،
يولۇقتۇردۇڭ ئاخىر ۋاقتسىز ئەجەلگە.
رەھىمسىز بۇ ئوقۇغنى ئاخىر ئاتتىڭ،
يىگىرمە ياشتا ئاشىقنى يوقاتتىڭ.
ۋۇجۇدىن كۆل قىلىپ كۆككە سورۇدۇڭ،
پۈتۈن ئۈمىتلىرىنى يەرگە ئۇردۇڭ.
بۇ ياش ئۇيغۇر يىگىتى ئۆلدى، كەتتى،
يانانىڭ جامىنى ئىچتى، تۆگەتتى.
ئەبەتكە بولدى بۇ مەي بىرلە بىھۇش،
ئۇنى يوقۇتۇپ ئۆزۈڭ بولدۇڭمىكىن خوش!
كىشىلەر قىلسا سۆز شەنىڭدە تەھرىر،
بېرىپ كەلگەن مۇشۇنداق سۆزلە، تەبىر؛

ئۆلۈم ئالدىدا كۆرلۈچى بىر ئەھۋال.
ئۆچۈش ئالدىدا ۋىللىدە قىلىپ شەمئ،
ئۆچۈپ كېتىدۇ بولۇپ زۇلمەت بىلەن جەمئ.
ئىدى بۇ سۆز قىلىش سەئىدىندە شۇنداغ،
ھاياتى شەمئىدە تۈگىگەن ئىدى ياغ.
ئاخىرقى ئۆمرىدە يار يۇرتىغا كەلدى،
مىگەركىم بۇرنىغا ئۇردى يار ھىدى.
ئۇنىڭغا بولدى بىرئاز سەزگۈ ھاسىل،
پىچىرلاپ ئاستا ـ ئاستا سۆزلىدى تىل.
ھەسەن تۇتتى قۇلاقنى بولدى ئىزھار،
قىلاتتى رابىيە ئىسمىنى تەكرار.
نەچە بار كۆردى تىڭشاپ چىقتى شۇ ئۈن،
بولۇپ كەتتى كىشلەرنىڭ دىلى خۇن.
دىدى شۇنداغ ئىبراھىم زار يىغلاپ،
بېسىپ كۆكسىگە ئوغلىنى قۇچاقلاپ.
ئېچىڭ كۆزنى بالام رابىيە كەلدى،
قاراڭ، ئاينا سالام قىلدى، ئېگىلدى.
ئاران تىنترەپ: ”قېنى ئۇ“ دىدى سەئىدىن،
زەئىپ بىر ئاھ چېكىپ، كەتتى ئۆزىدىن.
چىرايى باشلىدى بەك ساغىرىشقا،
پۇتىنىڭ ئۇچلىرى تۇردى سوۋۇشقا.
ئۆلۈمنىڭ بەلگۈسى ئۇندا كۆرۈلدى،
مانا سەئىدىن ”رابىيە“ دەپ، جان ئۈزدى.

ئېچىلغان گۈلغا ئوخشاش بولدى پارە،
پۈتۈنلەي تۈگىدى ئۈنسىز بىچارە.
قېتىپ قالدى ئەلەمدىن تاشقا ئوخشاش،
دېيەلمەي كەتتى ئاھ، ھەم چىقمىدى ياش.
قەلەم بۇ جايدا ئاجىزدۇر چېپىشتىن،
پىكىرگە چۈشتى تىترەك، سۆز قىلىشتىن.
ئۇنىڭ دەردى نىچۈكرەك بولغىنىنى،
بۇنى ئاڭلاپ نىچۈك يول تۇتقىنىنى.
قىلىپ بولماس ئۇنى تىل بىرلە تەقرىر،
نامۇمكىندۇر قىلىش بەتلەردە تەسۋىر.
ھەقىقىتىنى ئۇنىڭ ئىشىدىن بىلەيلى،
ئۇنىڭ دەردىنى قىلغىنىدىن كۆرەيلى.
ئۇنى كۆرگەن كىشى مۇزنىڭ تېگىدە،
قىلۇر قىز دەردىنى تەھلىل ئېگىدە.
شىرىن جاندىن كېچىش، بۇ نە دېگەن سۆز،
ئەگەر قىينالمىساڭ بەك، قايغۇدىن ئۆز.

### غەزەل

تىغ سۆگەككە يەتمىسە، جاندىن كېچىش ئاسان ئەمەس،
ھەر نىچۈك ئاشىق بۇلاردەك، مەركىزى ھىجران ئەمەس.

ھەر كېپىلەك گۈل ئارا، گۈلنى سۆيەردەك قىلسىمۇ،
ئۆزىنى پەرۋانىمىزدەك، شەمئىگە ئۇرغان ئەمەس.

پەلەك يۈزى قارا! ئەيت بۇ نېمىدىن،
قارالىق مەزلۇم ئاھى تۈتۈنىدىن.
چىمىلداپ تۇرغۇچى يۇلتۇزلار نۇرغۇن،
بۇلاردۇر ئىشق ئەپلى ئاھىدىن ئۇچقۇن.
نېمىشقا گىرۋىكى قاندەك بويالغان،
دېمەك، ئەكس تاشلىغان ئۇندا ناھەق قان.
قىلۇرسەن ھەممىگە زۇلم ھەممە ھالدىت،
يامىنى شۇكى بولمايسەن خىجالەت.
كېچە-كۈندۈز بىلەن قىش-ياز، توپا-تاش،
داۋام قىلماقتا سۇ، ئوت يانا ئوخشاش.
قارا يۈز چەرخ ئەمدى نە قىلۇرسەن،
يانا قانداق ئويۇنلار كۆرستۇرسەن.
سېنىڭ قىلمىشلىرىڭدىن بولدى دىل قان،
تېپىرلايدۇ بەدەن قەپىسدە بۇ جان.
بۇ بىر جۇپ ئىشق ئەپلىنىڭ بىرى كەتتى،
نە بولسۇن ئاخىرى مەنزىلگە يەتتى.
قېلىپ قالدى يانا بىر زار بىچارە،
بولۇپ باغرى ئەلەمدىن پارە-پارە.
ئۇ بىلمەيدۇ تېخىچە، يارى ئۆلدى،
ۋۇجۇدىنىڭ كۆلى توزۇپ تۆكۈلدى.
رابىيە دەپ ئاتاپ كەتتى جاھاندىن،
تۈگەشتى، دەپ ئۇنى شۇنداقلا، جاندىن.
بۇنى بىلسە بولۇر ئۇ قانچە سەرسان،
جېنى سىقىلىپ چىقالماي، قانچە ۋەيران.

قاچانكىم ئىشىتتى، مەڭگۈ كەتتى بۇلبۇل،
دېدى بىر ۋاھ، يىقىلدى ھۇشسىز ئول،

# 42. رابىيە دۇنيادىن كۆڭۈل ئۈزدى

قەلەم كەل، يانا بىرئاز مەن بىلەن بول،
بۇ داستانىنىڭ ئاخىرى تېخى مەجھول.
قىلىپ كەلدىڭ ماڭا، ياردەم ئەگەرچە،
مەن ئۈزگەن گۈلنى قىلدىڭ دەستە گەرچە،
تولا بەتلەرنى دەپتەردىن، قارايتتىڭ،
بۇ پاجىئەلىك ھىكايەنى ئازايتتىڭ.
پۈتۈنلەي پۈتتىمۇ داستان؟ تېخى ياق،
ئاياغدا قالدى بىرقانچە ۋەرەق ئاق.
تۆكۈلگەن يۈنجىلەرنىڭ رىشتەسى سەن،
يوقاتماستىن ئۈنى ساقلاۋچىسى سەن.
ئەگەر سەن بولمىغاندا قايسى شائىر،
تۆكەلەيتى تەپەككۇردىن جاۋاھىر.
يۈرەك سىرىنى قانداق قىلىتى پاش،
قاتۇرغان بىرلە بۇ يولدا نەچە باش.
خېلى بولدى ماڭا قىلدىڭ ئىتائەت،
ھېرىشنى بىلمىدىڭ ئىشلەپ ناھايەت.
تۈۋەن قىلدىڭ بۇ خىزمەتنە بېشىڭنى،
ئېقىتتىڭ توختىماستىن كۆز يېشىڭنى.
يېشىڭ بىرلە قارايتتىڭ قانچە دەپتەر،

سۆيگۈ يولنڭ ۋسالدۇر، ئەڭ ئاخرقى مەنزلى،
بۇلاردەك ھچكم بۇ مەنزل يولدا ھەيران ئەمەس.

گەرچە ئاشقلار بارسى ئشق دەئۋاسى قلۇر،
بارلقى بز كۆيلگەن ئاشقلدەك قۇربان ئەمەس.

ئشق ۋادسدە بۇ ئاي شۇنچلك قينالدكى،
كم ئرۇر بلگەنلدنكم، باغرى لەختە قان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەسىپ بولدى ساڭا يازماقنى قەشقەر.
خۇلاسە، ئۇلدى گۈلشەن، يوق خازانى،
گۈلى خۇش بۇي، خۇش رەڭ ئەرغۋانى.
بۇرۇلۇپ كەتتى ئىلھام باشقا ياققا.
قەلەم كەل ئەمدى مەن بىرلەن بۇ ياققا.
يېزىپ ئۆتىلى بۇ قىسسە ئاخىرىنى،
كۆرەيلى رابىيەنىڭ تەقدىرىنى.

دىمەككى، بۇ مۇرۇۋۋەتسىز جاھاندىن،
ئۇ شۇنداق دەرت بىلەن كۆز يۇمدى سەئىدىن.
پۈتۈن سۆز رابىيە ئۈستىدە قالدى،
سۆز ئەمدى سەئىدىن ئۈستىدىن ئۈزۈلدى.

## رۇبائى

ھەركىمكى ھايات ئاينەسى يەرگە ئۇرۇلدى،
يەنى ئەجىلى يەتتى ئۇنىڭ، چۈشتى، چېقىلدى.
ھەرقانچە يېزىلسىمۇ ئۇنىڭ ھەققىدە داستان،
چىن سۆزنى دىسەڭ ئۇنىڭغا، سۆز ئەسلى ئۈزۈلدى.

شۇ چاغكىم چىقتى يولىنىڭ ئۈستىدە دات،
ئىبراھىم، ۋاي بالام دەپ سالدى پەريات.
رابىيە يارىنىڭ ئۆلگىنىنى بىلدى،
جاھاندىن ھەممە ئۈمىدى ئۈزۈلدى.
ئۇ نىيەت قىلدى دۇنيادىن كېتىشكە،

قىلىپ كەلدىڭ سۆز ئىقلىمىن مۇسەخخەر.
ياساپ كەلدىڭ بەدىئى بىر گۈلستان،
قۇرۇپ كەلدىڭ پاساھەتلىك بىر داستان.
تۈزۈپ چىقتىڭ گۈلستان ئۈستۈرۈپ گۈل،
بۇنىڭدىن سۆيۈنەركىم بولسا، بۇلبۇل.
ئۇلىسكىم بولسا بۇلبۇل، قارغا بولماي،
ھەقىقەتتە تۇرالماس بەھرە ئالماي.
گۈلستان بىرلەگۈل بۇلبۇلغا خاستۇر،
گۈلستان قارغىلارغا يارىماستۇر.
ئەگەر بۇلبۇل سۇپەت بىر قارغا كەلسە،
گۈلستانىڭدىكى گۈللارنى كۆرسە،
ئۇنى ياقتۇرمىسا ئۇ، قىلسا قاق... قاق...
بۇنىڭ مەسئۇلى سەنمۇ؟ زادىلا ياق.
قاچان قارغا كېلىپ گۈلدىن قۇۋانغان؟
تىزەكنىڭ ئۈستىگە قونغىنى قونغان.
يورۇقلۇقنى قاچان سۆيگەن شەپەرەڭ،
قۇياش دائىم ئۇنىڭ ئالدىدا بەدرەڭ.
ئىشەنگىل شۇڭا كىم، داستان ياراتتىڭ،
بۇ يولدا ئانچە مۇشكۇللىنى تارتتىڭ.
يېزىپ سەن ئىككى ئۇيغۇر ئاشىقىنى،
بىزەتتىڭ ئۇيغۇرۇڭنىڭ تارىخىنى.
ئەمەس ئاشىقلىرىڭ شاھزادە، يا خان،
ئىرۇرلەر يېزىلىق بىچارە دىخان.
يانا سەن ئاختۇرۇپ يۇرمەي بۆلەك يەر،

سۇدا سىپسىغان، ئوت ئالماس بىر ئوتتۇنسەن.
نىمە قىلىشىڭ سوراپ تويىنى ئۇنىڭدىن،
ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، قاچقىنى سەندىن.
يانا ئۇ باشقا قانداق ئىش كۆتەتتى؟
نىملەرنى كۆتۈشۈپ تەلمۈرەتتى؟
دىدى ئانىسى: سورالسا نە زىيان بار؟
بۇ ئەرگە بىز ئەمەس، ئۇ بولغۇسى يار.
ئەگەر باشتا ئۇنىڭ پىكرىنى ئالساق،
ئۇ تويىنى رازىلىقى بىرلە قىلساق،
نەچە يىلدىن بۇيانقى ماجرالار،
بولۇپ ئۆتمەيتتى ھەرگىزمۇ ئۇ ئىشلار.
ئۇنىڭدىن رازىلىق پىكىر ئالمىغاچقا،
سۆزىگە ئېتىبار ھىچ قىلمىغاچقا،
بولۇپ كەتتۇق يۇرت ـ ئەل ئاغزىدا چۆچەك،
ئەگەر قىلساق يانا ئىشنى شۇنىڭدەك،
بۇ تويدىن يانا چىقمايدۇ نەتىجە،
قىزىمىز بولغۇسى ۋەيران كېيىنچە.
دىدى ياقۇپ، ئۇنى بۇزغان ئۆزۈڭسەن،
قىلىپ ئۇنى شۇنچە بەگۋاش، چوڭ قىلىپسەن.
ئىلاجى يوق، ئانا ئاغزى يۇمۇلدى،
يامان بىر قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمۇلدى.
بۇلار ئەمدى شۇ بىر ھالدا تۇرۇشسۇن،
قىلۇرمىز تويىنى قانداق، دەپ يۇرۇشسۇن،
كۆرەيلى رابىيەنى، نە خىيالدا؟

ئەزىز مەھبۇبى سەئىدىنگە يېتىشكە.
ئۆزىنى ئۇ، ئۆلۈمگە قىلدى تەييار،
شۇڭا ئۇ قىلمىدى كۆپ قايغۇ ئىزھار.
پۈتۈن دەردىنى ئۇ، يۇتتى ئىچىگە،
تۆكۈپ مۇڭ، ئەيتمىدى دەردنى كىشىگە.
ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ھالىن كۆزەتتى،
دىيىشتىكىم، ئۇ سەئىدىننى ئۇنۇتتى.
ئۇلار ئويلاشتى سەئىدىن بار زاماندا،
ئۆتەتتى ھەر ۋاقت ئاھ، زار، پىغاندا.
كۆزىدىن توختىماستىن ياش ئاقاتتى،
يۈرەكىن، ئىشق ئوتى بىرلە ياقاتتى.
مانەمدى سەئىدىن ئۆلگەنىنىڭ بۇيانى،
تۈگەپ قالدى ئۇنىڭ ئاھۇ پىغانى.
دىمەككىم ئۇنى بۇ، ئۇنتۇلدى بولغاي،
مۇھەببەتىدىن ئۇنىڭكى، ياندى بولغاي.
ئۇنىڭغا ئەمدى تويدىن سۆزنى ئاچساق،
قىلىپ چوڭ توي-مەرىكىنى ئۇزاتساق.
ئۇلار توي ئۈستىدە كېڭەش قىلىشتى،
ئۆزىچە توي پىلانىنى قۇرۇشتى.
ۋە لېكىن بىلمىدى، ئۇ، نە خىيالدا،
جاھاننى تاشلىماقچى قايسى ھالدا.
دىدى ئانىسى: قىزىمىزدىن سورايلى،
ئۇنىڭ رازىلىقىنى بىر ئالايلى.
دىدى ياقۇپ: ئەخمەق بىر خوتۇنسەن،

بولالمىسامۇ ئۇڭا سىڭلىسى ھەمدەم،
تۇسالمايتتى ئۇنى ئۆز قەستىدىن ھەم.
شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ، ھەمراسى چاغلاپ،
يۈرەتتى بىللىلا ئۇنى قۇچاقلاپ.

ئۇ بىر كۈن سىڭلىسىنى يانغا ئالدى،
يولىنى بىر ئالىم قېشىغا سالدى.
مۇشۇنداق بىر سوئالنى سورىدى ئاندىن:
كىشىكى، يەتسە كۆپ ئازار جاھاندىن،
بۇ ئازارلار ناھايەت ھەددىدىن ئاشسا،
پۈتۈن كىشىسى يېنىدىن كەتسە، قاچسا،
ئۇنىڭدا قالمىسا بۇ دەرتكە چارە،
پۈتۈنلەيلا بولۇپ كەتسە بىچارە.
خالاسلىق بولمىسا باشقا ئۆلۈمدىن،
ئۈزۈلگەن بولسا، ئۈمىدى ئومۇمدىن.
ئۆلۈپ ئالسا ئۆزى توغرا بولۇرمۇ؟
ۋە ياكى بۇسى نا توغرا بولۇرمۇ؟
دىدى ئالىم: بۇ ئىش بولمايدۇ جائىز،
قىلىپ بولمايدۇ بۇنداق ئىشنى ھەرگىز.
نە كەلسە، سەبىر بىرلە كۆرگۈلۈكتۇر،
ئۆلۈم كەلسە شۇ چاغدا ئۆلگۈلۈكتۇر.
كىشىگە ئۆزىنىڭ قولىلە ئۆلمەك،
ناچار بىر ئىش، ئىرۇر ناتوغرا مۇتلەق.
دىدى رابىيە: بولسا كىشى ئاشىق،

ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، نە هالدا؟

بولۇپ كەتتى ناھايەت جىم گۈزەل قىز،
گويا يوقتەك ئۇنىڭدا، قايغۇدىن ئىز.
جىم ئاققان سۇ تېرەن بولۇر دىگەندەك،
جىمىپ كەتتى رابىيەمۇ شۇنىڭدەك.
تېرەن سۇ بولغىنىدەك ئۇ خەتەرلىك،
رابىيە جىملىغىمۇ ئىدى خەۋپلىك.
چۈشەنمەيتتى بۇ خەۋپنى، ھېچبىرسى،
نە زوهرا نە ئاتاسى نە ئاناسى.
بولۇپ بەند ئاغزى گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
يۈرۈپ كەتتى ئۇ، سۆز قىلماس بولۇپ كەك،
تولا چاغلاردا سىڭلىسىنى قۇچاقلاپ،
ئېرىپ كېتەتتى سىماپتەك زار يىغلاپ.
بۆلەكلەر دەرتنى ئۇقمايدىغاندەك،
پەقەتلا سىڭلىسىلا ئۇقۇدىغاندەك،
شۇنى كۆرگەندىلا يىغلاپ سالاتتى،
ئۇنىلا ئۆزىگە ھەمرا قىلاتتى.
ئىدى ئۇ ھەممىدىن ئۈمىتنى ئۈزگەن،
بۇ دۇنيادىن كېتىش ئويىنى تۈزگەن.
قوشۇلمايتتى بۇنىڭ پىكرىگە ھېچكىم،
ئاتا-ئانىسى ۋە خاھى بولسا ھەركىم.
شۇڭا ئۇ، سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماي،
يۈرەتتى جىم بولۇپ كۆز ياش ئېقىتماي.

مېنىڭ ساڭا دەيدىغان ئازراق سۆزۈم بار،
مېنىڭدىن بولما ھەرگىزلا دىل ئازار.
ئانىلىق مېھرى بىرلە سۆز قىلۇرمەن،
سېنىڭ بەختىڭنى ئۆز بەختىم بىلۇرمەن.
بىلۇرمەن ئىشق ئوتىغا قالدىڭ ئۇچراپ،
شۇڭا كەتتىڭ ئەقل ھوشۇڭدىن ئاجراپ.
دىدىڭ يار، ئۇ بىلەن جاڭگالغا قاچتىڭ،
يۈزىمىزگە ھاقارەت ئىشكىنى ئاچتىڭ.
نەچە قىلمىغۇلۇق ئىشلارنى قىلدىڭ،
ئۆزۈڭ باغرىنىمۇ غەم بىرلە تىلدىڭ.
خىجىللىق ئىچرە قالدۇردۇڭ ئاتاڭنى،
ئاتاڭ تىلىغا ئۇچراتتىڭ ئاناڭنى.
دىمەك قوشماپتىكەن سىلەرنى تەقدىر،
ئۆلۈپ كەتتى سېنىڭ سۆيگۈنۈڭ ئاخىر.
خۇدانىڭ تەقدىرىگە نىمە چارە،
بۇ كۈچ ئالدىدادۇر، ھەممە بىچارە.
سېنى دەپ بىز ئاتا-نا كۆپ كېچەشتۇق،
قىلىپ ئىتىلى تويىۇڭنى دەپ پۈتۈشتۇق.
ئۈمىدىم شۇكى، ئەمدى قىلمىغىل رەت،
بولۇر قىلغاندا رەت، دەرت ئۈستىگە دەرت.
ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى ئۇ،
جاۋاپ ياندۇرمىدى دەپ ئۇ ۋە يا بۇ.
سۆزى تۈگىگۈنچە ئاڭلاپ جىملا تۇردى،
ئاخىردا ئۇ قاپاق، قاشىنى تۇردى.

ئۇنى كۆيدۈرسە دائىم ئوتىدا ئىشق.
ئۇنىڭ مەشۇقى دۇنيادىن كېتىلسە،
ۋىسالدىن بەس پۈتۈن ئۈمىت ئۈزۈلسە،
ئۇنى بەك قىيناپ ئەتسە داغى ھىجران،
ئۆلۈم بولسا ھاياتتىن، ئۇڭا ئاسان.
مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئۆلسە يامانمۇ؟
يامان دىمەك بىلەن بۇ دەرت تامامىمۇ؟
قاراپ قالدى ئالىم ھەيران بۇنىڭغا،
جاۋاپ بەرمىدى ھېچقانداق ئۇنىڭغا.
شۇنىڭلە رابىيە قايتتى ئۆيىگە،
گويا تاپتى جاۋاپنى ئۆز ئۆزىگە.
ئۇ مۇتلەقلا ئۆلۈشكە باغلىدى بەل،
دىدى بولمايدۇ بۇ ئىش باشقا خىل ھەل...
مېنىڭ ئىشقىمدا ئۇ، كەتتى جاھاندىن،
ماڭا نە پايدا بار ئەمدى بۇ جاندىن.

مۇشۇ ھال ئىچرە تۇرغان كۈنلىرىدە،
مۇشۇنداق جىددى كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
ئانىسى كىردى رابىيەنىڭ قېشىغا،
بېرىپ ھاي ھەم تەسەللى كۆز يېشىغا.
ئېغىر بېسىق خوشال تۇتتى ئۆزىنى،
ئۈزەلمەي گۈل قىزىدىن ئۆز كۆزىنى.
سالامەتلىك سوراپ چىقتى ئۇنىڭدىن،
دىدى: مىڭ ئايلىناي گۈلدەك يۈزۈڭدىن.

مۇھاببەت ئالىمىنى، ياڭرىتار مەڭگۈگە پەريادىڭ.

ئىستىكىم، چەرخىنىڭ كەجرەۋلىكىدىن ۋاقىتسىز سۇنغاي،
گۈزەللىك باغىدا ئۆسكەن، سېنىڭ بۇ سەرۋى ئازادىڭ.

ئىست... ئەپسۇس! نە بولغاي ئەردى چاچسا زارسەئىدىنىگە،
ئۆزىنىڭ زەۋقىنى ئۆز پەسلىدە، بۇ قەددى شەمشادىڭ.

ئىدىڭسەن سۆيگۈ ۋادىسى ئارا تەنها ۋاپادار قىز،
پىراقتىن دادلىدىڭ قاتتىق، لېكىن ئاڭلانمىدى دادىڭ.

ئۆلۈشكە باغلىدىڭ بەلنى، سېنى ئەيىپلەشكە كىم ھەقلىق،
پانا بولدى سېنىڭدىن ئىلگىرى ھەسرەتتە، پەرھادىڭ.

ئاناسىغا قاراپ ئەيلەپ خىتاپنى،
قىلىپ كەسكىنلا بەردى شۇ جاۋاپنى:
"نىمە قىلىۋاقچى بولساڭلار، قىلىڭلار،
ئىرۇرمەن چارەسىز، دەرتمەن قىزىڭلار".
شۇنىڭلە ئۇ سۆزىنى ئەيلىدى بەس،
تۇگەتتى پىكرىنى شۇ بىرلە خۇللەس.

ئۆلۈمگە باغلىسا ھەركىم كۆڭۈلنى،
ئۈزىگە تاللىسا ئاخىرقى يولنى.
كېچۇر، بولسا ئەزىز شىرىن جېنىدىن،
نىمە ئۈمت قىلۇر ئۇ، ھەر كىشىدىن.
ئۈمىتتۇر، كىشىنى ئاجىز قىلۇچى،
كىشىگە كىشىنى، تەلمۇرتتۇرچى.
ئۈمىدى كىشىنىڭ كىشىدىن ئۈزۈلسە،
ئۈمىدى سازىنىڭ تارى ئۈزۈلسە،
بىپەرۋالىق ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسان،
ئەلەم، قايغۇ، خوشاللىق ھەممە يەكسان.
ئۆلۈشكە باغلىغاچ قەتئى ئىرادە،
ئۇنى ئويلاتمىدى، بۇ توي زىيادە.
قاراڭغۇ كېچە بولسۇن ياكى كۇندۇز،
قاچان ئاچقان ئۆلۈك بۇ توغرىدا سۆز.

غەزەل

كېتۇرسەن بۇ جاھاندىن، كەتمىگەي ھەرگىز سىنىڭ يادىڭ،

www.uyghurkitap.com

كېلىپ "رابى مېنىڭ" دېگەن بىر ئويغا.
بۇلار بولغاچقا باي ھەم ئېتىبارلىق،
كۆرۈشكەنتى بۇ تويغا زور تەييارلىق.
قىلىشتى مۇددىتىنى توينىڭ ئۈچ كۈن،
ھازىرلاندى كالا، قوي، ئاشلار نۇرغۇن.
ئۇرۇلدى تاڭ سەھەرلەپ ناغرا-دۇمباق،
ئۈچىنچى كۈنى ئوينالماقچى ئوغلاق.
يىغىلدى قاتنىشىشقا كۆپلىگەن ئات،
چەۋەندازلارلە بولدى كۆكچى ئاۋات.
بۇ ئوغلاق ئويۇنى ئېيتقاندا، خۇللەس،
بىلۇر بەزىلىرى، بەزىلىرى بىلمەس.
ئەمەستۇر بۇ ئويۇن، ئەسلى ئاساسى
بولۇشتۇر جەڭگە تەييار مۇددىئاسى.
بولۇر لازىم بۇنى ئاز سۆزلەپ ئۆتمەك،
بېرەر بىر پايدا بەلكى ئەرز ئەتمەك.
يېزىلغاندۇر تاۋارىخلاردا روشەن،
بولۇنغاندۇر مۇشۇ نۇقتا مۇئەييەن.
كۈرەشچان، جەڭگىۋار بىر ئەلتى ئۇيغۇر،
ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىزلىرى زور.
بىلۇرمىز شۇ ۋاقىتلاردا جاھاندا،
كىشىلەر قارشى دۈشمەنگە تۇرغاندا،
ئىدى زور، ئات رولى جەڭدە ناھايەت،
بولاتتى ھەربى كۈچ ئاتتىن ئىبارەت.
مۇرات ئاتتىن، مېنىش ئاتنى دىمەكتۇر،

## 43. مەجبۇرى توي، بوي ئەگمىگەن قىز

تۇگەپ كۆز كۆنلىرى بولغان زىمىستان،
قىلىنغان سەرپ گۈلخانغا گۈلىستان.
پۈتۈنلەي ئاق كىيەن كەيگەن دالا-تۈز،
ئىقىن سۇلار تۇتۇشقا باشلىغان مۇز.
ئۆسۈپ كەتكەن تېرەك بىرلە چىنارغا،
بولۇپ توپ قونۇپ ئالغان قارا قارغا.
ئەنە تۇرىدۇ، كىرىپ گەۋدە جەنۇپتا،
پامىرنىڭ تاغلىرى سۈت رەڭ ئۇپۇقتا.
يوقالغان يازدىكى يارقىن جۇلاسى،
تاقاشقان كۆككە مۇز تاغنىڭ چوقاسى.
سوغاق چۈشكەن شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
يامان يار "كۆكچى"نىڭ مەلۇم يېرىدە،
قىلىنغان كاتتا بىر تويغا تەرەددۇت،
بۇ تويغا تەۋرىگەن گويا پۈتۈن يۇرت.
سوزۇپ رابىيەگە قولىنى جابىر،
كۆرۈپ سەئدىنىڭە قارشى، ئانچە تەدبىر.
كۆزىن يۇمغاندا سەئدىن بۇ جاھاندىن،
بولۇرمەن بەھرىمەن ئەمدى جانانىدىن،
دەپ ئويلاپ قايتا جابدۇنغان بۇ تويغا،

ئۇرۇنۇشىدۇ يىگىتنى قۇتقۇزۇشقا.
ئەگەر بولسا ئۇلاردا توپ يارار ئات،
رەقىبنى قىلىپ مەيىدان ئارا مات،
ئېلىپ چىقىدۇ ئۇلار ئوغلاقنى توپتىن،
ئۇنى قوغدايدۇ ئاتلىق ھەر تەرەپتىن.
ئېلىپ قاچىدۇ بۇ ئوغلاقنى يانا ئۇ،
ئېتىدىندۇر يېڭەمدۇ ئۇ ۋە يا بۇ.
كەچ بولغاندا "بېرىلدى پەتە" دەيدۇ،
بۇ چاغدا توپ بويىچە يۈگرەيدۇ.
ئېلىپ ئوغلاقنى كىمكى كەلسە بالدۇر،
ئۇنىڭغا بىر شەرەپ بىر ھەدىيە باردۇر.
دىمەك، ئوغلاق ئويۇنى مانا شۇنداغ،
قىلىپ كەلگەن بۇنى ئۇيغۇرلار ھەر چاغ.
بۇ سۆزنى مۇشۇ يەردە بەس قىلىپ قوي،
يېزىپ ئۆتكىل نىچۈك بارماقتا ئۇ توي:
دىمەك بۇ توي ناھايەت كاتتا ئۆتتى،
پۈتۈن ئەل تويغا كەلدى، باردى، كەتتى.
قىلىشتى، قانچىلىك بۇ تويدا ھەشەمەت،
ياساشتى، تويىنى دەپ قانداق ئىمارەت،
نىچۈكرەك باغۇ-بوستانلار قۇرۇشقان،
ساراي، ئايۋان، پىشايۋانلار سېلىشقان،
تولا توختاپ تۇرمايمىز ئۇشبۇ ھەقتە،
نىمە رەسمىيەت ئۇ، بولسا بۇ خەلقتە
ئۇلارنىڭ بارلىقىدىن ئاشۇرۇشتى،

منۇركەن ئات، مننش بلمەك كېرەكتۇر.
شۇڭا ئەجدات قلىپ ئات ئۆزرە جەۋلان.
هەمشە ئات مننشنى مەشق قلغان.
بۇ ئوغلاق ئويۇنى شۇ مەشقنىڭ بىرىدۇر،
منىپ ئاتنى چېپىشنىڭ بىر تۇرىدۇر.
بولۇر بىر جايدا ناهايەت كاتتا مەيدان،
قلىشقا بولغىدەك ئات بىرلە جەۋلان.
ئوغلاق دەيدۇ، ئەمەس ئۇ كىچىك ئوغلاق.
يوغان سەكە ۋە ياكى بىر موزايلاق.
ئاشۇنى مۇشۇ مەيداندا بوغۇزلاپ،
بىرۇرلەر مۇشۇ مەيدان ئىچرە تاشلاپ.
چېپىپ بىرنەچچە ئون ئاتلىق باراۋەر،
ئۇ ئوغلاقنى ئېلىشقا قول سالۇرلەر.
بۇ ئۇچقۇر ئات بىلەن مەيداندا چاپماق،
چاپار ئات ئۇستىدە ئوغلاقـنى ئالماق،
ناهايەت كاتتا چاققانلىقنى ئىستەر،
كىم بولسا چاققان هەم كۈچلۈك ئۇ، ئىلتەر.
هەممىنىڭ قەستى ئوغلاقنى ئېلىشتا،
هاماندۇر ئاتلىرى قاتتىق چېپىشتا.
كېيىنچە قاتنىشىپ كېتىدۇ هەممىسى،
بولۇپ بىر توپقا مەنسۇپ هەر بىرسى.
ئوغلاقنى ئالغان ئۇ، قالىدۇ ئارادا،
چىققالماي قالسا توپتىن ئۇ مۇبادا،
ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى توپنى يېرىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ كەچ ئۆتكۈزۈلدى قىز نىكاسى،
قىزى سۆز بەرمىدى، بەردى ئاتاسى.
مۇشۇ ئارىلىقتا قانداق ئىشلار ئۆتتى،
ئاتادىن قىزغا قانداق دەرت يەتتى؟
رابىيەنى نىچۈكرەك قىلدى مەجبۇر،
ئارادا يىمدى ئازار قانچىلىك زور؟
ئەمەس ھاجەت دەپ ئولتۇرماق بۇلارنى،
تاماملىغىلى بولامدۇ، دەپ ئۇلارنى؟

## رۇبائى

سۆيگۈ يولىدا چەكتى تولا جەبرنى بۇ قىز،
ھەرقانچە جاپا چەكسىمۇ ئۇ، قايتمىدى ھەرگىز.
مەجبۇرى ئۇنى قىستىدىلەر توينى قىلىشقا،
سۇنغان چىنىدەك قالدى ئۇنىڭ كۆڭلى تاۋۇشسىز.

ئاخىرى توي مۇراسىمنى تۈگەتتى،
سىيلىپ مەيگە زورلاپ ئالدى، كەتتى.
قىلايلى ئەمدى سۆزنى بۇندا قىسقا،
رابىيە كۆنمىدى ھىچ بويسۇنۇشقا.
ئارادا ئۆتتى بىر ئايدىن ئوشۇقراق،
قېچىپ كەلدى رابىيە ئۆيگە ھەر ۋاق.
قىلالماي ھىچ ئىلاجنى بۇنىڭا جابىر،
ئاتاسىغا ئۇنىڭ، دەرت تۆكتى ئاخىر.
ناسات بەرمەكنى ياقۇپ ھۆددە ئالدى،

پۈتۈن بايلىق كۈچىنى كۆرسەتمەكتە.
بۇنى تەسۋىر قىلىش ھاجەت ئەمەستۇر،
"قىلىشتى داغدۇغا" ـــ شۇ جۈملە بەستۇر.
بۇ جايدا قەستىمىز بىزنىڭ ئەمەس توي،
قىلىشتۇر ئاشكارا ئىككى خىل ئوي.
بىرى بەل باغلىدى قەتئى ئۆلۈشكە،
بىرى خۇشتار تېخى ئويناپ كۈلۈشكە.
بىرى مېھرو-ۋاپا ئىچرە يېگانە،
رەزىل نەپسانى خاھىشتىن بىگانە.
بىرى شەھۋانى نەپسىنىڭ ئەسىرى،
ۋاپا دۇنياسىنىڭ ئەكسى ۋە غەيرى.
بىرى سۆيگۈ يولىدا چىن ۋاپادار،
بىرى بۇندىن خەۋەرسىز بىر جاپاكار.
بىرى يار ئىشقىدا كەچمەكتە جاندىن،
بىرى ئالماقچى بىر زەۋق بۇ جاناندىن.
مۇشۇنداق مۇختەلىپ بىر ئوي ئىچىدە،
كېتىپ باردۇ رەزىل بىر توي، كېچىدە.

ئۆرۈلدى كاتتا بىر بازارغا كۆكچى،
يېغىلدى كۆپلىگەن چوكان ۋە نوچى.
ھاكاۋۇر قىز جۇۋانلار گۈل قىسىشتى،
رومال بىرلە يانا يۈزنى يېپىشتى.
سىلىشتى ياش يىگىتلەر ئاللا-ئاللا،
قىلىپ چاخچاق، كۈلۈشۈشتى چوكانلار.

ئۇ مەيۈس قىزنىڭ يانىغا كىردى.
دېدى، ئاتىسى سۆزىنى باشلىغا،
سېلىپ قويىدى شۇنى قىزنىڭ ئېسىغا.
دېدى: بىلسەن ئاتاڭنىڭ خۇيى ناچار،
بىرۇر، سەن بارمىساڭ بىزلەرگە ئازار.
ئۇنىڭ يېنىدا مېنى تەڭلىكتە قويما،
ئۆزۈڭنى ھەم مېنى قايغۇغا سالما.
رابىيە كۆردى ئەمدى ئىش چاتاقتەك،
خالاسلىق يوق، پۈتۈن يوللار توساقتەك.
ئۆلۈمگە باغلىغان بېلىنى چىڭتتى،
ئاناسىغا "باراي ماقۇل" دەپ ئەيتتى.
يانا دېدى: سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار،
قەدەمنى ئاستاراق قىلىپ يۈرۈڭلار.
كىچىككىنە ئىشىم بار تېز قىلايىن،
يېرىم يولدا سىلەرگە مەن يېتەيىن.
ئانىسى دېدى، ماقۇل، بار بالام تېز،
ھايال بولما كۈتۈپ قالمايلى ھەرگىز.
ئانىسى زوھرا بىرلە يولغا چۈشتى،
رابىيە ئەمدى جان بىرلە تۇتۇشتى.
ھەقىقى كەچمەك بولدى ئۇ جېنىدىن،
يېتەي دەپ يارىغا ئۆلۈم يولىدىن.
بېشىغا كىيدى كەمچەتلىك تۇماقنى،
قولىغا ئالدى سۇ قاچىسى قاپاقنى.
قاپاقتىن قەست، دېسۇن خەلق كەتتى سۇغا،

ئېلىپ بارسۇن ئانا دەپ يولغا سالدى.
جابىر بەگنى ئۇزاتقاندىن كېيىن ئۇ،
ئايالىنىڭ قېشىغا كىردى دەررۇ.
ناھايەت سەت ۋە قاتتىق قىلدى سۆزنى،
تۇتۇپ بەكمۇ غەزەپ قايغۇدا، ئۆزنى.
چېچىپ زەھرىنى نۇرغۇن، قىلدى بۇيرۇق،
ئانا ـ بالا سەن ئىككىڭگە سۆزۈم: ئوق!
ھازىر مەن ئاتلىنىپ چايغا بارۇرمەن،
كەچ بولغۇنچە يانا قايتىپ كېلۇرمەن.
ھازىرلا جابدۇنۇپ ئال قىزنى بىرگە،
چۇشەندۇر سەن ئۇنىڭغا "تەگدىڭ ئەرگە".
"ئېرىڭنى خاپا قىلما" دەپ ناسات قىل،
ئېرىنىڭ قاشىغا تېزدىن ئەۋەتكىل.
بۇ بولمايدۇ، ئۆزۈڭ بىللە ئېلىپ بار،
ناسات قىل، قويمىغىل مەيلىگە زىنھار.
بېرىپ ئۇ ئەر بىلەن ئۆيىنى تۇتسۇن،
ئۆلۈپ كەتكەن گادايىنى ئۇ، ئۇنۇتسۇن.
ئەگەر ئاڭلاشمىساڭ ئەمدى سۆزۈمنى،
تازا بىر كۆرستىپ قويىمەن ئۆزۈمنى.
شۇ ۋاقىتتا بىلسەن مەن كىم ئىكەنمەن،
جاۋاپ بېرىسەن، ساڭا نىمە دىگەن مەن.
مىنىپ ئېتىنى يولغا كەتتى ياقۇپ،
ئىلاجسىزلىق ئىلە ئەيتتى ئانا، خوپ.
ئېرى كەتتى، ئاناسى پىكىر سۇردى،

## 44. مۇز ئاستىغا ئۆزىنى ئاتتى، كەتتى...

بۇ كۆن قەشقەر زىمىنى ئاسمىنىدا،
ئايانچلىق ۋاقىئەلەرنىڭ يېنىدا،
يېزىلماقتا مۇھەببەت سىرىدىن خەت،
ئېچىلماقتا بويالغان قان بىلەن بەت.
تەپەككۇر بۈركۈتى پەرۋازنى باشلار،
ئۆزىنى تەلۋىچۈك بويىغا تاشلار.
ئۇنىڭ بولدۇ مۇز ئاستى سەيرگاھى،
يېتىشكەچ ئۇڭا قىزنىڭ ئۈنسىز ئاھى.
كېزەر ئۇ، ئاندا مۇز دەريا تېگىنى،
كۆرەر رابىيەنىڭ جانسىز تېنىنى.
ئەگەرچە قاچسىمۇ بۇ چاغدا ئىلھام،
پەلەك سۇنغاچ زەھەر سالغان سۇنۇق جام.
تەپەككۇر بۈركۈتى قارىدى ئانى،
دىدى: ھاي... بۇ مۇھەببەت داستانى.
چالا قالدۇ يانا سەن چىدا، بىرئاز،
ئاخىرقى مۇشۇ دەرتلىك ئىشنىمۇ ياز.
قىلۇر بۇ ئىش يۈرەكنى گەرچە پارە،
بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن، يازماي نەچارە؟
شۇڭا ئىلھام يولىغا قايتتى، ناچار
بايانىغا بۇلارنىڭ بولدى تەييار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ ئۇلتۇرمسۇن توسقۇن ئۇنىڭغا.
يېنىغا مۇنسى سىڭلىسىنى ئالدى،
يولىنى تەلۈپچۈك بويىغا سالدى.

### قىتئە

ھەر نەپەس مىڭ ئۆلگىچە، بىر يولى ئۆلگەن ياخشىراق،
دۈشمىنىلە يۈرگىچە يەرگە كۆمۈلگەن ياخشىراق.
گۈللىرىدىن ئايرىلىپ بېغى كېسىلگەن گۈل شېخى،
بىر يولى گۈلخان ئارا ئوتقا يېقىلغان ياخشىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار قايدا، ئۆزلۈك قايدا، نە ھالدا،
ۋە لېكىن رابىيە ئۇشبۇ مىنۇتتا.
ئۆلۈمنى توسقۇچمىدىن ئېھتىياتتا.
ئۇمت قىلاتتى شۇ دەھشەتلىك ئۆلۈمنى،
ئۇلار كۆرسە توسايدۇ دەپ، يولۇمنى.
قاراپ شۇنداقلا، پات ـ پات ئارقىسىغا،
يېتىپ كەلدى ئۇ تەلۋىچۈك بويىغا.

ئەجەپ بىمېھرسەن، چەرخ جاپاكار،
ئىشىڭدۇر ھەرزامان، ھەرلەھزە ئازار.
كىشىلەرنى ئوغۇل، يا قىز دىمەيسەن،
ھايات قالسۇن، گۈزەلكەن دەپمۇ يۇرمەيسەن.
فانا دۇنياسىغا سەئدىنىنى ئاتتىڭ،
بۈگۈن رابىيەنى ھەم ئۇڭا تارتتىڭ.
مانا رابىيە كەلدى سۇ لېۋىگە،
قاراپ كۆردى ئىگىز قاشىنىڭ تۈۋىگە.
تاماملا بولۇپ دەريا لېۋى تۈز،
پۈتۈنلەيلا بولۇپ كەتكەن ئىدى مۇز.
بۇ ئەھۋالغا قاراپ ئۇ، قالدى رەنجىپ،
ئاياغىدا بىر توقايغا باردى سىلجىپ.
نىمىشقا رەنجىدى ئۇ، مۇزلىسا سۇ،
بۇنىڭ مەزمۇنى شۇ، سۇ بولسا مۇز، ئۇ ـــ
ئۆلەلمەيدۇ ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ،
پىراقو ـ ھىجر ئۇنى قىيناشنى باشلاپ،

قېنى نەيچى، هازا كۈيىگە چال نەي،
قېلىپ قالدىم بۇ دەم بىر پىكىر سۈرەلمەي.
سېنىڭ مۇڭلۇق نېيىڭ قوزغايدۇ ئىلھام،
بېرىدۇ تىترىگەن دىللارغا ئارام.
چالە-چال، قالدى بۇ داستان تۈگەي دەپ،
پەرىزات كەتتى سۇ بويىغا ئۆلەي دەپ.
چالە مۇڭلۇق كۈيۈڭنى مەن بىر ئاڭلاي،
ئېلىپ تەسىر ئاخىرقى سۆزنى باشلاي.

رابىيە كەتتى ئۇ دەريانى كۆزلەپ،
يېتىلەپ سىڭلىسىنى، ئۇڭا سۆزلەپ.
قارايتتى ئارقىسىغا، دەپ بارمۇ ئادەم،
كىشى يوق، بولدى ئۇ بىر ئاز خاتىرجەم.
كۆرۈڭلار بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى،
پەلەكنىڭ بۇ قىزىق قىلمىشلىرىنى.
ئۆلۈم دىسە كىشىلەر قورقىدۇ بەك،
ھەقىقەتتە يامان ئىشتۇر بۇ ئۆلمەك.
دىمەك ئۆلدۈڭ، پۈتۈنلەيلا يوقالدىڭ،
جاھانغا تۇغمىغاندەك ھالدا قالدىڭ.
بىراقلا بارلىقىڭدىن ئايرىلۇرسەن،
قارا يەر ئاستىدا تۇپراق بولۇرسەن.
ئاناڭ بولسا قالۇر يىغلاپ بالام دەپ،
بالاڭ بولسا قالۇر يىغلاپ ئاتام دەپ.
ئۇلار يىغلاپ ساڭا ئۇندىن نە پايدا،

www.uyghurkitap.com

چىقمىدىڭ ئاجىز تېنىمدىن قانچە تارتساڭمۇ ئالام،
قۇتقۇزاي بىر يولى غەمدىن، سېنى جانىم ئەلۋىدا.

كەتتى بۇلبۇل، كەلدى قارغا گۇل شېخىغا قونغىلى،
مەن ۋىدالاشماي نىتەي، كەتتى باھارىم ئەلۋىدا.

كەتمەيىن ئۇشبۇ جاھاندىن دەرتكە دەرمان تاپمىدىم،
مەن كېتەي، ئايرىلدۇق، قالدىڭ يالغۇز سىگلىم ئەلۋىدا.

تۆكۈپ ياش، دەپ تۇرغاندا شۇ ۋىدانى،
ئەجەپ بىر ئىشقى ئەسرار، باستى ئانى.
يىغىسى ئورنىنى بىر كۈلكە تۇتتى،
تەبەسسۇم بىرلە چىھرەسىنى يورۇتتى.
قاراپ سۇغا قىلىشقا باشلىدى سۆز،
بولۇپ ئەينەك ئۇنىڭغا سۇ بىلەن مۇز.
ئىشق ئوتىدا سۇزۇلكەشكەن خىيالى —
غا، ئەكس ئەتتى بۇ دەم سەئدىن مىسالى.
مۇز ئەينەكتە بولۇپ كۆپ ئەكس پەيدا،
كۆرۈندى ئورتادا سەئدىنى شەيدا.
گويا قىلىدۇ ئۇنىڭغا قول ئىشارەت،
بېرىپ بىر مەڭگۈلۈك بەختتىن بىشارەت.
گويا دەيدۇكى، كەل قاشىمغا تېزراق،
قۇتۇلغىن ھەممىدىن مەندەكلا پاتراق.
كۆرۈپ سەئدىننى ئۇ ئەينەكتە شۇنداغ،
ئى سەئدىن! دىدى، چەكتى ئاھ ئانداغ.

يانا چېكىدۇ قىيىنلىقنى جاھاندىن،
قۇتۇلماي كېتىدۇ جىسمى بۇ جاندىن.
بولالمايدۇ ئۆز ئاشىقىغا ئۇ ۋاسىل،
مۇھەببەت مەقسىدى بولمايدۇ ھاسىل.
توقايغا باردى كۆردى كاتتا قاينام،
تۇراتتى مەۋج ئۇرۇپ گويا يوغان جام.
مۇشۇنداق جاينى ئەللەر "قارا" دەيدۇ،
چوڭقۇر قايناملار قىشتا مۇزلىمايدۇ.
كېڭىزنىڭ ئورنىدەك جاي ئىدى شۇنداغ،
چىقاتتى مۇز تېگىدىن، نەرسە ھەرچاغ.
ئۇ چىققان نەرسىنى سۇ يانا يۆگەپ،
گويا ئەجدەر كەبى دەم تارتتى يەپ.
قاراسلايتتى ئۇنىڭ چۆرىسىنى مۇز،
بۇ دەھشەتكە قاراشتىن قورقتى كۆز.
قاراپ گىرداپتىكى سۇغا پەرىزات،
چىن ئاشىقلىغىنى ئۇندا، قىلدى ئىسپات.
ئۇنىڭدىن قىلمىدى ئۇ، قىلچە پەرۋا،
ئۆزىنى قىلدى تاشلانماققا تەييار.
كىچىك سىڭلىسىنى ئالدى قۇچاقلاپ،
ۋىدالاشتى مۇشۇنداق زار يىغلاپ.

ۋىدالىشىش

جان ئانام، جانىم ئاتام، ئى جان سىڭلىم ئەلۋىدا،
تۇغۇلۇپ ئويناپ كۈلۈپ ئۆسكەن دىيارىم ئەلۋىدا.

www.uyghurkitap.com



بوشاتتى ئۆز قولىدىن سىگلىسىنى،
ئۇنۇتتى بۇ جاھاننىڭ ھەممىسىنى.
"ئى-سەئىدىن بارمۇ سەن" دەپ ئاھ تارتتى،
ئۆزىنى مۇز تېگى قايىنامغا ئاتتى.
ئۇنى دەم تارتتى قايىنام ئەجدىھاسى،
بولۇپ كەتتى مۇھەببەتنىڭ پاناسى...
خىيال سۇ بويىدا كۆرگەن پەرىزات،
دىلىدا ئوت، تىلىدا، دات-پەريات.
مانا شۇنداق چېكىپ ئازار زاماندىن،
تۇرۇپ ياش بولدى پانى بۇ جاھاندىن،...

## غەزەل

ئىشق ئوتى باغرىڭغا سالدى داغى ھىجران ئاخىرى،
چىقمىدى بۇ دۇنيادا، دەردىڭگە دەرمان ئاخىرى.

دەم-بىدەم ياققان ئەلەم-غەم ئوقىدىن تاپىماي پانا،
بىر يولى قىلدىڭ ئۆزۈڭنى، مۇزغا پىنھان ئاخىرى.

يار كەتكەچ بۇ جاھاندىن چەكتىڭ ئازار شۇنچەكىم،
سۇ يولىلە، يارغا بولدۇڭ مەڭگۈ مېھمان ئاخىرى.

ئاھكىم، ۋەسلىنىڭ مەيىگە، شۇنچە تارتتىڭ ئىشتىياق،
سۇۋۇرەامەي بىر قەدەھ، كەتتىڭ بىئارمان ئاخىرى.

بىر يولى كەتتىڭ جاھاندىن دەرت بىلەن، ئەمىدى نەسۇد،
تۆكسىمۇ ياش ئورنىغا، ھەرقانچىلىك قان ئاخىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىمەك ئۆرلەپ بېشىدىن ئاھ پەريات،
يىغىزارى بىلەن دەپ ئۇلار، ۋاي دات!
ھەممىسى سۇ بويىغا يۈگۈرۈشتى،
قاپاق تۇرغان قارا بويىغا كېلىشتى.
كېلىشتى، تاپمىدى قىزدىن نىشانىنى،
سىڭىلدىن ئاڭلىدى بارلىق بايانىنى.
بىلىنگەچ بۇ يامان ئەھۋال ناھايەت،
بولۇپ كەتتى بۇ جايدا بىر قىيامەت.
خىجالەتتىن گويا پاتتى قۇياشمۇ،
قىزاردى كۆك كانارى، تاغ ـ تاشمۇ.
ئۇپۇقتا ھال شەپەقتىن سۇس قىزىل قان
سۇرتۇلدى، ھازىدار ھەم بولدى ئاسمان.
قارا زۇلمەت بېسىپ كەلدى جاھانغا،
بۇ كۆكچى، بەس، پۈتۈن تولدى پىغانغا.
پۈتۈن خەلق چىقتى دەريانىڭ بويىغا،
كىرىشتى تەننى ئۇستەشنىڭ كويىغا.
شۇ يۇرتنىڭ بار كىشىسى بولدىلەر جەم،
يورۇتۇپ بارلىغى بىردىن چىراغ شەمئ.
بولۇپ كەتتى سۇنىڭ بويى چىراغان،
پىغان تىلىدا، دىلىدا دەرت نامايان.
كىشىلەرنىڭ قولىدا پالتۇ، كەتمەن،
بولۇشۇپ بارلىقى چىندىنلا دەرتمەن.
جەسەدىنى ئۇنىڭ تاپماق بولۇشتى،
گۇمان قىلغان يېرىدە مۇز چوقۇشتى.

ئۇنى بۇ تەلۋىچۈك دەرياسى يۇتـتى،
كىرىپ مۇز ئاستىغا، مەڭگۈگە يۇتتى.
كىچىك قىز قالدى دەريا بويىدا يىغلاپ،
سوغاقتىن مۇزلىغان قولىنى هوداپ.
ئىسسىپ تۇرىدۇ سوغاق قاتتىق شىۋىرغان،
ئاچا دەيدۇ، ئاچىسى يوق، يوقالغان.
مۇشۇ هالەتتە نەچچە قىز ۋە چوكان،
كېلىپ قالدى بولۇشتى هەممە هەيران.
قاراپ كۆردىكى قىزچاق بۇندا تۇرغان،
يوغان كەمچەت تۇماقنى قولغا ئالـغان.
تۇرۇپتۇ بىر قاپاق سۇنىڭ بويـىدا،
سىڭىل قاينامنى كۆرمەكنىڭ كويىدا.
سىڭىل يىغلاپ يۇرۇپ دەيدۇ ۋاي ئاچام،
ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى، كۆرگىنى قايـنام.
ئۇنىڭ سىڭلىسى ئاخىر زار تۆكۈپ ياش،
رابىيە سۇغا چۆكتى دەپ قىلىپ پاش،
بۇ كەلگەن قىزلىنى قىلـدى خەۋەردار،
ئۇلار ئاڭلاپ بۇنى، يىغلاشتىلەر زار.
ياقۇپنىڭ ئۆيىگە يۇگۈرۈشتى قىزلار،
ئانانى يولىدىن قايتۇردى تېزلا.
ئاناسى ئاڭلىغاندا بۇ خەۋەرنى،
ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ، قىلدى نەلەرنى.
دېيىلمىسمۇ بولۇر مەلۇم ئۆزىدىن،
ئانا تارتتى نىچۇك بىر دەرت ئۇنىڭدىن.

شۇ كۈن تا چۈشكىچە ئىزدەشتە بولدى،
تاپالماي ئىز ـ دېرەك، ئۈمىت ئۈزۈلدى.
كېتىشتى شۇ كۈنى تۈگىگەندە كۈندۈز،
يوقالغاندەك، تاڭ ئاتقان چاغدا يۇلتۇز.
سەدەپ ئىچىدە بولۇنغاندەكلا گەۋھەر،
قېلىپ كەتتى سوغاق مۇز ئىچرە دىلبەر...
بولۇر نىمە دەپ پەلەكنىڭ گەردىشىنى،
ئاجايىپ ئۆزگىرىشچانلىق ئىشىنى،
ياقۇپ ئۆيىدە بولغانتى يوغان توي،
سويۇلغانتى تولا نۇرغۇن كالا، قوي.
بۇ توينىڭ ئورنىغا باشلاندى ماتەم،
خوشاللىق ئورنىغا مەڭگۈ ئەلەم غەم.
قىلىنغان شۇنچە كۆپ نەغمە ـ ناۋالار،
بۇ كۈن بولماقتا نالە، ئاھ، ۋاھلار.

قىتئە

پەلەكنىڭ ئۆزگىرىشچان دەۋرىدىن ھېچ بولمىغىل غاپىل،
يۇمۇلار توپ، بۇ توپ ئۈستىدە ئۇخلالامسە ئى ئاقىل؟
بۇ بىر ئەينەك ئۇنىڭدا ھەر نەپەس مىڭ ئەكس جىلۋە ئەيلەر،
نىچۈن مۇنچە تۇراقسىز، ھېچ قىلىپ بولماس ئۇنى تەھلىل.

چوقۇلغان مۇز بىلەن دەريا توسالدى،
مۇز ئۈستىگە چىقىپ سۇلار يېيىلدى.
جەسەت ئىزدەشكە كەلگەن بار جامائەت،
چېكىشتى ئاھ، ھەسرەت بىناھايەت.
لېكىن جابىر بۇنى ئاڭلاپ تېرىكتى،
مىنىپ ئېتىنى باشقا ياققا كەتتى.
ئۇنىڭدا بولمىدى بىر ئۆزگۈرۈش ھېچ،
بۇ قىزغا ئازغىنا ئاغرىتمىدى ئىچ.
ئەمەس ھەيران قالارلىق مۇشۇ نۇقتە،
جاۋاپ بېرىدۇ پىكىر شۇنداق بۇ ھەقتە:
جابىر ھايۋانى نەپسىگە ئىدى قۇل،
ئۇنىڭا يەكسانتى بۇ بولسۇن ۋە يا ئۇل.
مۇھەببەتتىن ئۇنىڭدا يوق ئىدى ئىز،
ئۇنىڭغا ئىدى ئوخشاش ھەرنىچۈك قىز.
شۇڭا ئۇ چەكمىدى بۇ دەرتكە ھەسرەت،
يوق بولغاچ باغرىدا ئىشق ۋە مۇھەببەت.
دىمەك، تون بويى قىلدى ئاختۇرۇشنى،
توقاي دوقمۇشلىدا مۇزلار چوقۇشنى.
قەيەردە قارا بولسا سالدى ئىلمەك،
ئىلىنۇر دەيدىغان يەر بولسا كۆرمەك.
خوراز ھەر ياقتا تۇردى قىچقىرىشقا،
ئۇپۇق باشلىدى شەرقتە، ئاقىرىشقا.
مۇنەۋۋەر بولدى كۈن نۇرىدىن ئالەم،
كۆپەيدى تەلۋىچۈك بويىدا ئادەم.

ياشناپ ئۈسمىگىنى قىلىپ، ئۈمىت بۇ دەۋران باغىدا،
ئۈششىگەن ۋاقىتسىز مۇشۇنداق، لالە، رەيھان كۆرمىدۇق.

ئاتا ـ ئانا، بەخت، دۆلەت، ياشلىقىدىن ۋازكېچىپ،
ئىشق يولىدا مۇز تېگىگە ئۆزنى ئاتقان كۆرمىدۇق.

شۇنچە زۇلۇم قىلدىڭ پەلەك، لېكىن ئىست، ئەپسۇس ساڭا،
زۇلۇم قىلۇرسەن، ئەمما زۇلمىڭغا پۇشايمان كۆرمىدۇق.

بارچىنىڭ باغرى سېنىڭدىندۇر پەرىشان گۈل كەبى،
نە ئۈچۈندۇركىم سېنى هالى پەرىشان كۆرمىدۇق،

## قىتئە

ئەجەپ بىر سىركى، دۇنيادا مۇرادىڭچە يۇرەلمەيسەن،
جاھان گۈلزارىدىن كۆتكەن گۈلۈڭنى ھېچ ئۈزەلمەيسەن.
دىلىڭغا بىمۇراتلىقتىن تىكەنلەر سانچىلۇر ھەر دەم،
يانا ئۇشبۇ تىكەنلەردىن، ئۈمىدىڭنى ئۈزەلمەيسەن.

بولۇپ كەتتى بۇلارنىڭ ئىشى شۇنداغ،
پانى بولدى جاھاندىن، باغرىدا داغ.
ئاتا ـ نا قالدى شۇنداق دىلدا ھەسرەت،
ئالۇچى بارمۇ بۇ ئىشلاردىن ئىبرەت.
جاۋابى بۇ سوئالنىڭ خېلىلا تەس،
بۇ ھەقتە ئى قەلەم، يازماقنى قىل بەس.
تاپايلى ئىشق قۇربانى تېنىنى،
كۆرەيلى بىز، نېچۈك دەپن بولغىنىنى.

## غەزەل

سۆيگۈدە ھېچكىمنى بۇنداق زار ھەيران كۆرمىدۇق،
ئالمىغان بىر بۇي ۋىسالدىن، باغرىنى قان كۆرمىدۇق.

ئىشق مىزانىغا، تا مەڭگۈگىچە سادىق بولۇپ،
بۇ قەدەر چىن بىر ۋاپادار، ئەھد ـ پەيمان كۆرمىدۇق.

بىرلۇپ كۆز، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ قويىغا.
تۇغۇلغان بۇندا مۇزدىن شاقىراتما،
ئېچىلغان بەزى جايلاردا لايلاتما.
بۇ شوخ ياش باللا بۇندا سەكرەپ ئويناپ،
بىرى قاچسا بىرىنى بىرى قوغلاپ.
قوزۇقلارنى تۇتۇپ خېلى ۋاقت يۇرۇشتى،
كۆزى بىرمۇنچە قارغىلارغا چۈشتى.
ئۇچاتتى ئۇلار بىر جايدا قاقىلداپ،
ئىگىزلەپ، پەس بولۇپ بىر نەرسە پايلاپ.
پادىچى باللا ئويلاشتى بۇ يەردە،
نىچۈن قارغىلار بۇنداق قاق ئېتەردە؟
بۇ يەردە بەلكى بىر نەرسە كۆمۈلگەن،
كۆمۈلگەن نەرسىنى قارغىلار كۆرگەن،
دىيىشىپ، بارلىقى ئۇندا يۈگۈردى،
قىزىل رەختكە ئورالغان نەرسە كۆردى.
بېسىپ كەتكەن تولاراق يېرىنى لاي،
ياتاتتى لاي ئېگىدە بىر تولۇن ئاي.
كۆرۈپ بۇلار بۇلۇت باسقان بۇ ئاينى،
ئەيتتى يۈز، كۆزىدىن ھەممە لاينى.
كۆرۈپلا رابىيە ئىكىنىنى بىلدى،
سېلىپ چۇقان ياقۇپ قاشىغا كەلدى.
خەۋەر تاپقاچ بۇ ئەھۋالدىن ئاتا ـ نا،
ھازا سېلىشىپ يىغلاشتىن ھامانا،
چېپىشتىلەر ھىلىقى يار بېشىغا،

## 45. قارغىلار نىمىشقا قاقىلدايدۇ

رىۋايەت قىلىدۇ، شۇ خىلدا راۋى،
يېشىلدى ۋەقە يۈزىدىن نىقاۋى.
جەسەتنى ئاختۇرۇپ ئىزدەپ تاپالماي،
ئۆتۈپ كەتتى نەچچە ھەپتە، نەچچە ئاي.
جاھانمۇ ئىسسىپ كەلدى باھار ۋاقتى،
ئېرىپ قار-مۇز ئېرىقچە بولۇپ ئاقتى.
چۈشۈشكە باشلىدى دەريادىكى مۇز،
يېقىنلاشتى بولۇشقا، قايتا نەۋرۇز.
ھاۋادا تىزىلىپ ئاغامچىدەك غاز،
بېرىشمەكتە خەۋەرنى، كەلدى دەپ ياز.
تۇغۇلغان قوزىچاق ھەر ياقتا سەكرەپ،
يۈرمەكتە ئاناسى كەينىدە مەرەپ.
ھاۋا ئاز ئىسسىغان كۈنلەر بىرىدە،
بېقىپ قوي تەلۋېچۈك دەريا بويىدا.
يۈرۈيتتى خېلى كۆپ پادىچى باللا،
خوشلۇغىدىن دېيىشىپ ئاللا، ئاللا.
ئۇلار ئويناپ سۇ بويىدا مېڭىشتى،
بوشاشقان مۇزلىنى دەسسەپ چوقۇشتى.
يېتىپ كەلدى يامان يارنىڭ بويىغا،

قىلىپ پەريات يىغان جىنىنىڭ بىرىچە،
قىلىشماقتا ئۇنىڭ ئورنىغا ماتەم،
خوشاللىق ئورنىنى باسقان ئەلەم، غەم.
نە يىغلاشتىن ئۇلارغا پايدا يەتكەي،
نە سالماي زارى بولار سەبر ئەتكەي،
ئەمەس ھاجەت دىيىش ماتەمنى بىر-بىر،
بولۇر ھاسىل نە پايدا، قىلسا تەقدىر.
ئىككى ئاشىق ئۆلۈپ كەتتى مۇشۇنداغ،
يۈرەكىدە، دەپ ئەيتىپ يەتكۈسىز داغ.

**قىتئە**

كەيىننى ئويلىماي ئىش قىلسا ئىنسان،
ئۇنىڭكى مۇسى بولغاي پۇشايمان.
قىلىپ خام ئىش، بولۇشتى داغى پەرزەنت،
قىلىشتى كۆزلىرى ياش، باغرىدا قان...

يېتىپ باردى ئۆلۈك قىزنىڭ قېشىغا.
يىغلىدى ھەممە ياقتىن كېلىپ ئادەم،
يانا باشلاندى قاتتىق ھازا ـ ماتەم.
كۆرۈپ بۇ جايدىكى دەرتلىك ھازانى،
قارا بۇلۇت كېلىپ باستى فىزانى.
جاھان قايتا كىيىپ ماتەم تونىنى،
بېسىپ كەتتى پىغان، ئۆستەڭ بويىنى.
ئەمەس يالغۇز ئاتا ـ نا، قېرى ـ ياشلار،
ئېقىتتى كۆزلىرىدىن دەرتلىك ياشلار.
بولۇپ كەتتى بۇ جايدا بىر قىيامەت،
ئاتا ـ نا چەكتى قىلمىشىدىن نادامەت.
ئەگەرچە قىلسىمۇ كۆپلەپ پۇشايمان،
تاتىلاپ يۈزلىرىنى قىلسىمۇ قان،
ساقال ھەم چاچلىرىن قويماي يۇلۇشسا،
تاتىلاپ تەنلىرىنى قان قىلىشسا،
قىلىشسا دات دىيىشىپ، ۋاي بالامەي،
نەچە پەريات كۆتەرسە ئاغزى تەگمەي،
نە پايدا؟ قىزنى ئاخىر لايدىن ئالدى،
سۇدا لايىنى يۇيۇپ تاۋۇتقا سالدى.
كۆرۈشتى دەپنە قىلماققا تەييارلىق،
پۈتۈن كۆكچىگە بولدى بۇ خەۋەرلىق.
بۇنىڭدىن ئۈچ يېرىم ئاي ئىلگىرىدەك،
مۇشۇ ھويلا خوشاللىقتا ئىدى بەك.
بۈگۈن ئەمدى ئۇنىڭكى تەتۈرىچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

ئىشقىدا بولۇپ گوياكى مەجنۇن.
قىلاتتى كۆپلىگەن جايلارنى ۋەيران،
ئۆتۈپ كەتكەن مۇشۇنداق قانچە دەۋران.
بار ئىدى تەلۋىچۇكتە تۇغ ئاساسى،
ناھايەت كۆپ ئىدى خەلققە جاپاسى.
داۋاملىق ھەر يىلى كەلگەندە سەيلاپ،
كېتەتتى يار، خەلق ئىشلەيتتى ئايلاپ.
بولاتتى يار كېتىش ھەر يىلدا تەكرار،
بولۇپ قالغان شۇڭا نامى، يامانيار.
قاچانكىم رابىيە قىز بىرلە سەئىدىن،
ئىچىشتىلەر مۇھەببەتنىڭ مەيىدىن.
ئۇلار باشىغا ئىشق سەۋداسى چۈشتى،
ئىشقىنىڭ ئەۋجىدە پەرۋاز قىلىشتى.
ئۇلارغا بولمىدى تالەي مەدەتكار،
بالا قايىنامىغا ئاتتى چەرخ مەككار.
يىگىرمە ياش ئىكەن بىچارە سەئىدىن،
رابىيە ئىشقىدا كەتتى جاھاندىن.
يۇقۇرىدا بۇ ئىشلار تاپتى تەھرىر،
دېيىلدى بارلىغى تەپسىلى بىر-بىر.
چىن ئاشىق بۇ ۋاپادار تېنى ئاندىن،
تېپىلغاچقا يامانيارنىڭ تۇغىدىن،
بۇ يەردە بولدى بىر چوكان تېنى بار،
دېيىشىپ قويدى ئات ئۇڭا چوكانيار.
دىمەك شۇندىن بېرى ئۆزگەردى نامى،
چوكانيار دەپ ئاتاشتى خەلق تامامى.

## 46. بۇ يار نىمە ئۈچۈن چوكانىيار دەپ ئاتالغان

سورار بەلكىم قەلەمدىن قىسسەخانلار،
دىلدە سۆيگۈدىن بولغان نىشانلار.
قىلىپ كەلدىڭ گۈزەل گۈللارنى دەستە،
ئۇنى ھىدلاپ، كۆرۈپ كەلدۇق ھەۋەستە.
گاھىدا يىغلىدۇق، گاھىدا كۈلدۇق،
ئېچىلدۇق گاھى، گاھىدا تۈرۈلدۇق.
يېشىلدى كۆپ تۈگۈنلەر قانچە ـ قانچە،
ئېچىلدى گۈل كەبى بىرمۇنچە غۇنچە.
لېكىن قالدى تۇتۇق بىر ئىش يېشىلمەي،
ئوچۇق، روشەن قىلىپ ئەيتىپ ئۆتۈلمەي.
يامانيارنى نىچۈن ئېيتقان چوكانيار؟
بۇنىڭ سەۋەبى ئەگەر بولسىتى ئىزھار،
يېتەتتى كۆڭلىمىزگە ئانچە راھەت،
نە كىم بىلمەسنى بىلمەكلىك سائادەت.
قەلەم ئەيتتى بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مۇنداق،
بولۇپ كەلگەن ئۇ جايدا ھال شۇنداق:
كېلىپ سەيلاپ، كەلكۈن تەلۋېچۈككە،
سېلىپ كەلگەن قىيىنلىق كۆپچىلىككە.
توغانلارنى بۇزۇپ ھەر يىلى كەلكۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 47. ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋىسال خىيالى

بىدىل نەشەۋەر رام كەسى تائىرى ۋەسلەش،
تا ئەزدىل، سەد چاك نىباشەد قەپەس ئىنجا.
(ئى بىدىل: بۇ جايدا قەپەس ئىچ-ئىچىدىن يۈز
پارچە بولۇپ كەتمىگۈنچە، ئۇنىڭ (مەھبۇبىنىڭ)
ۋىسال قۇشى ھېچكىمگە رام بولمايدۇ.)
——بىدىل.

كېلىڭلار ئى خىيال تۇيغۇ ۋە ئىلھام،
پەلەكنىڭ زۇلمىدىن ئالدىڭلار ئارام.
ئېزىشكە ئەمدى ئىككى ھالى خاراپنى،
سۇنالمايدۇ زەھەر قوشقان شاراپنى.
قولى يەتمەيدۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارغا،
ئەمەس قادىر ئۇلارغا زۇلۇم ئېتەرگە.
ئەگەرچە تىكسىمۇ كۆز چەرخى مەككار،
قىلاي دەپ يانا قايتا جەۋرى ئىزھار.
ئۇزاتقان ھالدىمۇ بىرەھىم قولىنى،
تاپالمايدۇ ئۇ زالىملىق يولىنى.
نە كىم بولدى ئۇلار پانى جاھاندىن،
قۇتۇلۇشتى ھاياتلىق ۋە زاماندىن.
زامانىنىڭ قولى يەتمەس جايغا كەتتى،
پۈتۈن بارلىق بارار مەنزىلگە يەتتى.

## قىتئە

سەن ئۆزۈڭ كەتتىڭ جاھاندىن، ئەمما يادىڭ كەتمىدى،
ئۆچسىمۇ شەمئى ھاياتىڭ، لېكىن نامىڭ ئۆچمىدى.
باغرىدا دەھر مۇھەببەت بىرلە ياد ئەيلەپ سېنى،
ئەللىرىڭ ھېچ قىزغا سەندەك شان-شەرەپ بەخش ئەتمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رابىيە بولدى مۇز ئاستىدا نابۇت،
پانا لەۋھەسىدىن راسلاندى تاۋۇت.
يۇرت ئەھلى دەپن مۇراسىمغا يىغىلدى،
ئادەتتىكىچە بۇيۇك سورۇن قۇرۇلدى.
قىزلاغانكەن قىلىشقا دەپن بۇ ھۆر،
ياقۇپ ئەجداتى قەبرىستانىدىن، گۆر.
ۋە ئىككىن كۆپچىلىك قىلدى بۇنى رەت،
دېيىشتى، رابىيە تارتتى ئېغىر دەرت.
ئۆچۈپ مۇز تېگىدە ئىشقىنىڭ چىراغى،
كېتىپ قالدى، دىلىدا ئىشق داغى.
بىلۇرمىز ھەممىمىزكىم، كىچىگىدىن
چوڭايغان بىللە بۇ رابىيە، سەئىدىن.
شۇ يەردە چوڭ بولۇشقان بىللە ئويناپ،
ئۈزۈشۈپ گۈل-چېچەك، كېپىلەكنى قوغلاپ.
سۇنۇلغانكەن مۇھەببەتنىڭ شارابى،
يېتىشكەنكەن ئىشقىنىڭ چىن خىتابى.
بولۇشقانكەن بۇ مەيدىن ئۇلار بىھۇش،
خىيالى بىر بىرى يادى بىلەن خوش.
سوزۇلغاچ ئورتادا بۇ ئىشقى رىشتە،
ئۇلۇنۇپ شۇ بىلەن ئىككى پەرىشتە،
بولۇپ كەتكەن ئىكەن بىر، سۇغا ئوخشاش،
شۇ يۇرتنىڭ باللىرى بۇ ئىككى ئۆز ياش.
بۇنى بىز باشتا ھىس قىلماپتىمىزكەن،
پىغانىغا قۇلاق سالماپتىمىزكەن.

شۇڭا تاپتىڭلار ئۇيلاردىن خالاسلىق،
پىراقۇ، داغى ھىجرانىدىن نىجاتلىق.
بۆلەك بىر ياققا تاشلايمىز قەدەمنى،
قەلەم سىزسۇن بۆلەكچە بىر رەقەمنى.
دىمەك ئەمدى خىيالنىڭ سەيرگاھى،
ئەمەس ئاۋالقىدەك كۆك بارگاھى.
بارار جايى ئۇنىڭدۇر ئەمدى يوقلۇق،
خىيال، ئىلھامغا ئۇ جايدا ئورۇن يوق.
خىيال، جەۋلان قىلۇچى كەڭرى مەيدان،
قۇياش ۋە ئاي، يۇلتۇز، يەر، ئاسمان.
پۈتۈن بۇ كائىنات، ئەپرادلىرى ھەم،
پىراقۇ، ئىشق ھىجرو، ئاھ ئىلە غەم.
ئۇنىڭ ئۇمىدىگە يوق ئەمدى ئىمكان،
ئۆزى ھەم سەيرگاھ بىللە يوقالغان.
ئىكەن ھال شۇ، يانا كىشىلەر خىيالى،
بولالمىدى خىيالدىن يانا خالى.
سۇرۇشتى ئۇلار شۇنداق بىر خىيالنى،
ئۇمىت قىلىشىپ بۇلارغا بىر ۋىسالنى.
قەلەم ئىلھامدىن ئايرىلغان بۇ جايدا،
ئۇڭا جەۋلان قىلىش ئىمكانى قايدا؟!...
قىلالايدۇ پەقەت ئۇيلارنى تەقرىر،
ئۇلارنىڭ تۇيغۇ ئەپكارىنى تەسۋىر.

باشاق تەرگۈچىلەر سۆز خىرمىنىدىن،
خەۋەر قىلىدۇ يامانيارنىڭ بويىدىن.

ئەمەس مۇمكىن بۇنى بىزگە چۈشەنمەك،
مۇھەببەت سىرىنىڭ تەكتىگە يەتمەك.
بولۇپمىز شۇڭا بۇ ئىشتا بىپەرۋا،
بىلىپتۇرمىز ئۇنى ئادەتتە، غەۋغا.
بىز ئەمدى شۇ خىجىللىقتىن چىقايلى،
ئاشىقلارغا ھۆزۈرخاھلىق قىلايلى.
ئىرىشماپتىمىز ھايات ۋاقتا قوشۇشقا،
ۋىسالدا بىللە بىر جايدا ياشاشقا.
بۇگۈنكىم ئۇلار پاك ئىشق بىرلە كەتتى،
ۋاپادارلىقنى بىر بىرىگە كۆرسەتتى.
ئېرىغ كەلدى، ئېرىغ كەتتى جاھاندىن،
ۋىسالنىڭ گۈلىنى ئۈزمەي زاماندىن.
شۇ ياخشى، بىر ئورۇنغا دەپن قىلماق،
ئۇلاردىن ئەيىپىمىز ئۆزرىنى سورىماق.
دىمەك، سەئدىن قەيەردە بولسا بۇ كۈن،
رابىيەمۇ قىلىنسۇن شۇندا مەدفۇن.
كېتىپ قالدى ھايات بىللە بولالماي،
ۋىسال گۈلزارىدىن بەھرى ئالالماي.
ئېلىپ سەئدىن مازارىغا بارايلى،
ئۇنىڭكى دەپنگاھىنى ئاچايلى.
بۇ ئىككى گۈل ۋە بۇلبۇل بىللە بولسۇن،
ئىشق قۇربانلىرى بىر دەپن قىلىنسۇن.
بۇ، بولسۇن بىزدىن ئىشق ئەھلىگە ھۆرمەت،
قەدىرلەنسۇن ۋاپا بىرلە، مۇھەببەت.

بۇلار قىينالدى قانداق ئىشق ئوتىدا،
نىچۇك چەكتى ئازاپلار ئۆز يۇرتىدا.
نىمشقا بولدى بەند زىنداندا سەئىدىن،
ئۇ قانداق ئالدى ئۈچىنى دۈشمىنىدىن.
تۇتۇلغاندا سىپىلدا ئۇ، ھاشارغا،
ئىسلىش ئالدىدا تۇرغاندا، دارغا،
بۇ ھەقتە رابىيە نىمىلەرنى قىلدى،
نىچۈن سەئىدىن ئۆلۈم دارىدىن قۇتۇلدى؟
نازارىنىڭ قىشىغا بارغۇچى كىم؟
ئۆلۈمدىن ئۇنى ساقلاپ قالغۇچى كىم؟
ئەمەسمۇ ئۇ مۇشۇ تاۋۇتتىكى قىز،
ئۇنۇتمايمىز ئۇنى بىز، مەڭگۇ ھەرگىز.
ئۇنى بۇ كويغا سالغان ئىشق ئەمەسمۇ،
جاسارەت بەخش قىلغان ئىشق ئەمەسمۇ؟
قىنى قەشقەردە قايسى ۋاقتا بىر قىز،
قويۇپ كەتكەن رابىدەك سۆيگۈدىن ئىز؟
ئەمەس يالغۇز خىجالەت، ئەيىپىمىز بار،
بۇلالماپىمىز ئۇلارغا بىز مەدەتكار.
دىگەندە چىن ھەقىقەتنى، ئىرۇرمىز،
مۇھەببەت سىرلىرىدىن بىز خەۋەرسىز.
كىشى ئۆز جانىدىن كەچمەك ئاسانمۇ،
ئۇنى ئاسرايدۇ ياخشى، يا يامانمۇ.
بۇلار قانداقىسگە كەچتى جانىدىن،
ئۇمىتنى بىر يولى ئۈزدى جاھاندىن.

كۆرۈلدى ئۇندا سەئدىن دەپنگاھى،
كى مەدفۇنتى ئۇنىڭدا ئىشق شاھى.
قۇچاقلاپ قەبرنى يىغلاپ ئبراھىم،
قىلاتتى دات، دەيتتى ۋاي خۇدايىم.
ئۇ دەيتتى، ئى بالام ئاچقىل كۆزۈڭنى،
ئاتاڭ بىچارە بىر كۆرسۈن يۈزۈڭنى.
مانا رابىيە ئۇ، كەلدى قېشىڭغا،
ئۇنى ھەمرا قىلىپ ئالغىل يېنىڭغا.
نە بولغاي ئەردى تەككەن ھىسلىگە ئوق،
تېگىپ قىلسا مېنى بۇ دۇنيادىن يوق.
سىلەر ئالدىڭلاردا مەن زار ئۆلسەم،
سىلەردىن ئىلگىرى يەرگە كۆمۈلسەم.
ئىست، بولدى خازان ئۆمرۈڭ باھارى،
نە سۇ قىلسام ھەمىشە يىغى زارى.
مۇشۇنداق دەرت بىلەن سۆزلەپ تۆكۈپ ياش،
قوياتتى ئوغلىنىڭ تۇپراقىغا باش.
جىگەر پارەم، كۆزۈمگە سەن ئىدىڭ نۇر،
ئىدىم مەن، سەن ھايات ۋاقتىڭدا مەغرۇر.
ئىدىڭ ياش نوتا، سۇندۇڭ سەن ۋاقتسىز،
ئەجەل سالدى ساڭا، چاڭگال رەھىمسىز.
نەچە قىلسام تۆكۈپ ياش، دات-پەريات،
بۇزۇق ۋەيران دىلىم بولغايمۇ ئابات.
ئېچىلدى ئاخىرى سەئدىن مازارى،
قىلىشىپ خەلق ئۆكسۈپ يىغـزارى.

پۈتۈن كەلگەنلەر شۇنداق پىكىر قىلىشتى،
بۇ سۆزنى توغرى تاپتى، قوزغۇلۇشتى.
دېيەلمىدى بۇنىڭغا سۆز، ياقۇپ باي،
دىدى چارە نەدۇر، نە قىلسا قىلغاي.
يىغىنزارى بىلەن ماڭدى خالايىق،
توقۇشتى ئەل قوشاقلار، شۇڭا لايىق.

## خەلق قوشاقلىرى

قاراڭغۇدا قارا ياغاچ مېنىڭ يولداشىم،
يوپۇرماقى شىلدىرلىسا تۆكۈلۈر ياشىم.

ئېرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تاشىنى،
دەرت كەلگەندە سىڭۇرۇپ بولماس كۆزىنىڭ ياشىنى.

ھاۋا كەيگەن بۇلۇتتىن قاپ-قارا تون،
چىقارماقتا چوكانىيار مەۋجى، شاۋقۇن.
خىجىللىقتىن، قۇياش مۆككەن ئۆزىنى،
تۇمان باسقان كۆك ئاسماننىڭ يۈزىنى.
كېلىشمەكتە قىلىپ ئەل، ئاھ ئىلە ۋاي،
تاۋۇت كەلمەكتە ئاستا، ئىچىدە ئاي.
كۆرۈلدى ئالدىدا كەڭرۇ مازارلىق،
چىرىپ ياتقان جەسەتلەردىن تېگى، لىق.
ئۇنىڭدا مەڭگۈ جىمجىتلىق نامايان،
تېگى ئاۋات ۋە لېكىن ئۈستى ۋەيران.

ئشق كويىدا جۇنۇن منى مۇنارى ئەيلدى،
هجر تاشدىن مۇندققەش، جسسم ئۇريان، ئاقىبەت.

دەهر بوستانى، ئارا سەركەش نەهالىن كۆرمدۇك،
سايە يەگلىغ بولمىغاي يەر بىرلە يەكسان ئاقىبەت.

(ئشق كويىدا جۇنۇن، ئاقىبەت مېنى هجران تېشى بىلەن
نەقشلەنگەن يالىڭاچ جسمدىن ئىبارەت بىرمۇنارە قىلىپ قويدى.

زامان بوستانلىقدا باش كۆتەرگەن ۋە ئاقىبەت سايىدەك
يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتمىگەن بىرمۇ كۆچەتنى كۆرمدۇق.)

ئىككى ئاشىقنى بىر گۆرگە قويۇشتى،
ئۇلار ھۆرمەت قىلىپ ئۆرە تۇرۇشتى.
ھاياتلىق ئاسمىنىدىن جاي تاپالماي،
قارا يەر ئاستىغا كەتتى كىرىپ ئاي...
كۆمۈلدى قەبر، قىلىندى خەتم قۇرئان،
بولۇشتى ئىككىسى بىر گۆردە پىنھان...

كېچەشتى شۇندا ئىبراھىم ۋە ياقۇپ،
ياسالغاي شۇندا بىر گۇمبەز، قىلىپ خوپ.
بىنا تاپتى گۈزەل بىر قۇببە ئۇندا،
ئىككى ئاشىق كۆمۈلگەن شۇ ئورۇندا.
گۇمبەزدە لەۋھە قويىماقچى بولۇشتى،
بۇڭا لايىق بىرەر سۆز ئىزدىنىشتى.
بۇ خاتىرىگە لايىق بىر سۆز تاپالماي،
ئۇلار ئەپلەپ چىرايلىق سۆز يازالماي،
ۋاراقلاپ كۆردى سەئىدىن دەپتىرىنى،
كۆچۈردى كۆزلىرىدىن ھەر يېرىنى.
ئۇلارغا قالدى شۇ مىسرالار ئۇچراپ،
كېتىپ بارغاندا دەپتەرنى ۋاراقلاپ.
شۇ بېيتلارنى ناۋايىنىڭ سۆزىدىن،
تىركەپ ئالغان ئىكەن دەپتەرگە سەئىدىن.
ئويۇپ قويدى شۇ بېيتلارنى قىلىپ كاش،
بۇ گۇمبەز پەشتاقى ئالدىغا نەققاش:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىرۇرلەر تاشقىرى ئاسمان ۋە يەردىن.
پۈتۈنلەيلا جاھان قەيدىدىن ئازات،
پىراقتىن دەرت چېكىپ قىلمايدۇ پەريات.
قارا يەر ئاستىنى قىلدى ماكانى،
جاھانى بولدى يوقلۇقنىڭ جاھانى.
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ياسالدى،
كىشىلەر كۆزىدىن مەڭگۈ يوقالدى.
يوقالدى زاھىرى كۆزدىن ئەگەرچە،
كۆرەلمەيدۇ ئۇلارنى كىشى گەرچە،
ۋە لېكىن كەتمىدى خەلقنىڭ دىلىدىن،
ئىشق قۇربانلىرى رابىيە ـ سەئىدىن.
كىشىلەر قىلىشىپ ھەر ۋاقىتدا ياد،
بۇزۇق كۆڭلىن قىلىپ، يادىلە ئابات.
ئۇلار ھەققىدە سۆزلەر تاراتىپتۇر،
ئاجايىپ قىسسە، چۆچەك ياراتىپتۇر.
يېزىپ بىرىپ ئۇنى بىز، قىسسە خانغا،
بىرەيلى خاتىمە بۇ داستانغا.
بىز ئىككىمىزمۇ ئاندىن خوشلىشايلى،
بۇ مۇشكۈل ئىشلىدىن ئارام ئالايلى.
سىنىڭدىن ئايرىلايمەن، سەنمۇ ئايرىل،
كۆتۈرۈپ باش، تۆكۈشنى ياشنى قويغىل.
بۇ خەلق ئېيتقانلىرىنىڭ ئەسلى مۇنداغ،
بۇلار ئۆلگەچ چۈشۈپ ئەل كۆڭلىگە داغ.
ھەمىشە ئەسلىشىپ تۇرغان ئۇنۇتماي،

# 48. ئىككى خىل چېچەكلىگەن يۇلغۇن

قەلەم بىرئاز ماڭا بول يانا ھەمرا،
قالۇرمىز خوشلۇشۇپ بىز، خاھ ناخاھ.
تۈگەتتۇق ئىككىمىز بۇ داستاننى،
ئاياقلاشتۇردۇق ئىشقى بۇ باياننى.
ئاشىقلىرىمىز پىراقتا بولدى نابۇت،
رەھىمسىز چەرخ ئۇلارغا ئەتتى تاۋۇت.
ئورۇن بولدى ئاخىرى قاپ-قارا گۆر،
قىلالمايدۇ ئەسەر، زۇلمەت بىلەن نۇر.
ئۇلار يوقلۇق جاھانىدا يوقالدى،
چىن ئاشىق دەپ ئاتالغان نامى قالدى.
بولامدۇ نىل رەڭ ئاسماندا كۈندۈز،
كېلىپ تۈن نۇر چاچامدۇ ئۇندا يۇلتۇز.
جاھان ئۆزگەرتەلەمدۇ ئۆز تۈسىنى،
قىلامدۇ سۈبھە ئىزھار كۈلكۈسىنى.
شەپەق تارتامدۇ كۆك قەسرىگە لېنتە،
قادامدۇ تۈن قارا تۇغنى پەلەكتە.
بولامدۇ يەر يۈزى پۈتكۈل گۈلستان،
كېتەمدۇ يا بولۇپ دۇنيا زىمىستان.
ئۇلار ئەمدى بىپەرۋادۇر بۇلاردىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈمبەزلى ئايلىنىشىپ ئاشقانە.
بولۇپ دەرتكە شېرىك ئۇرۇشۇپ ئاھ،
قىلىپ چوڭلار كىچىكنى بۇندىن ئاگاھ،
چىقىرىپ چىن يۈرەكتىن ئاھ پەريات،
قىلاركەن ھەر يىلى قىش ۋاقتىدا ياد.
ئىككىنچىسى تۈگەپ كەتسە زىمىستان،
بولۇشقا باشلىسا دۇنيا گۈلستان،
يالىڭاچ شاخ زۇمرەت توننى كەيسە،
ئېسىپ سالقىن شامال، نوتىنى ئەگسە،
چېچەكتىن قويسا شاخلار، بېشىغا تاج،
يېشىل ياپراق ئارا ئويناشسا قۇشقاچ،
مۇسىقى ئۇن بىلەن سايراشسا تورغاي،
ئىسقىرتسا جۈپتىنى تاغلاردا ئۇلاي.
ناۋا ساز بولسا گۈل شاخىدا بۇلبۇل،
ئېچىلسا، چاچسا خۇش بۇي ھىدلىنى گۈل،
مۇشۇ ئەتراپتا بولغان ئەھل مەھەللە،
كېلىشىدىكەن يىغىلىپ ھەممە بىللە.
قىلىشىدىكەن ئۇلار بۇ جايدا سەيرى،
تارتىپ سۆز ۋە چۆچەك غەيرى-غەيرى.
ئۇلار ئويلايدىكەن بۇ ئىككى يۇلغۇن،
ئەدەم① دۇنياسىدىن بىر بەلگۇ-مەزمۇن.
بۇلار ياپ-ياش تۇرۇپ كەتكەچ جاھاندىن،

---

① ئەدەم — يوقلۇق.

ئاتا ھېچ قالمىغان، بالىسىغا ئېيتماي.
يامانيار كۆكچىلىكنىڭ ئېيتىشىچە،
بالا ئاتادىن ھېكايە قىلىشىچە:
بۇلار بىرلىكتە گۆرگە قويۇلۇپتۇ،
ئۇنىڭدىن مۇددىتى بىر يىل ئۆتۈپتۇ.
ئىككىنچى يىل مۇشۇ قەبرىنىڭ يېنىدا،
بولۇپتۇ ئىككى تال يۇلغۇنچە پەيدا.
چېچەكلەپتۇ كېلەر يىلدا بۇ يۇلغۇن.
يوپۇرماقلىرى ئاجىز، رەڭگى سولغۇن.
بىرى قىزىل چېچەكلەپتۇ، بىرى ئاق،
تۇراركەن چىرمىشىپ، بىر بىرىگە ھەر ۋاق.
ئۆسۈپتۇ ئۇندا بۇ يۇلغۇنلار ئاينىپ،
كېتىپتۇ چىرمىشىپ، كەتمەي ئايرىلىپ.
قىزىلى رابىيە دەپ ئاتىلىپتۇ،
چېچىگى ئېقى سەئىدىن سانىلىپتۇ.
خەلق يۇلغۇن چېچىگى مەۋسۇمىدە،
بۇلارنى ياد ئېتەركەن چىن كۆڭلىدە.
كېلىشىپ قۇببە، يۇلغۇننىڭ قېشىغا،
قويۇپ سۇ مۇشۇ يۇلغۇننىڭ بېشىغا.
ئېتىشىپ تەزىيە رەسمىنى ئىزھار،
قىلىشىپ مەرسىيە قوشىقىنى تەييار.
زىيارەت قىلىتى بۇ ئىككىسىنى،
كۆرۈشەتتى ئۇلارنىڭ قەۋرىسىنى.
ئوقۇپ ئۇلارغا مەرسىيە شائىرانە،



ئەھمەت زىيائى رابىيە، سەئىدىن قەۋرىسى يېنىدا.



ئەھمەت زىيائى رابىيە، سەئىدىننىڭ يۇرتى سۇبھاناللادىكى
دېخانلار بىلەن بىللە.

...شق يولدا ئۇلار جاندىن.
... ئېلىپ تەسىر بۇ تۇپراق،
...ۇن چىچەكلەپتۇ قىزىل-ئاق.
...ەن ئۇلار شۇنداق خىيالنى:
... ئۇ دۇنيادا ۋىسالنى...
... گۇللىغان شاخلارنى جۇپلاپ،
...رلەشتۇرۇپ بىر بىرىگە باغلاپ.
... ۋىسالنىڭ بەلگىسى دەپ،
...شو قىلىقى بىرلە ئەسلەپ،
...ز كۆڭلىگە بىرئاز تەسەللى،
...ن، يامانيار، كۆكچى ئەھلى.
...ۇنلەرگىچە بۇ رەسىم-ئادەت،
...سۇرگەن ئىكەن ئەلدە ناھايەت.
...شۇم مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى،
... بۇنى ھەم، ئۆزىنىڭ خارابى.
...ۇننى قومۇرۇپ تاشلىشىپتۇ،
... قەۋرىنى ۋەيران قىلىشىپتۇ.

... يىلى ئونىنچى ئاينىڭ بېشىدا،
... يازغۇچى دوستلىرى بار قېشىدا،
...شنىڭ چىن ھەقىقىتىنى بىلەي دەپ،
...لارنىڭ مازارىنى كۆرەي دەپ،
... تارىخىي داستان يازغۇچىسى،
...پ قەۋرىنىڭ زىيارەت قىلغۇچىسى،

كۆرۈپ ئۆتتى شۇ ئىش بولغان ئورۇننى،
قىزىل ھەم ئاق چېچەكلىگەن يۇلغۇننى.
دۆۋە تۇپراق بولۇپ قەۋرە تۇرۇپتۇ،
يېگىدىن ئۈستىگە يۇلغۇن ئۈنۈپتۇ.
ئەگەرچە يۇلسمۇ، يۇلغۇننى قۇزغۇن،
يېيىپتۇ يانا قەۋر ئۈستىنى يۇلغۇن.
شۇ يۇرت دېخانلىرى كەلدى قېشىغا،
يىدى ئەپسۇس قۇزغۇنلار ئىشىغا.
توقۇپ بوزغۇنچىلارغا تەۋقى لەنەت،
دېيىشتى چېكىشىپ يۇرت ئەھلى ھەسرەت.
قومۇرۇپ تاشلىدى يۇلغۇننى مەلئۇن،
ئۈنۈپ چىقتى يانا ياش نوتا يۇلغۇن.
قىلىپ كەتتى ئۇلار، شۇنداق يامانلىق،
تاپالمىدى ئۈلۈكلەرمۇ ئامانلىق.
چېچەكلەمدۇ قىزىل ــ ئاق يانا شۇنداغ؟
دىگەن ئويدا قارايمىز ئۇڭا ھەر چاغ.
لېكىن ئەپسۇسكى ئۇنداق ئاچمىدى گۈل،
يانا گۈللامدۇ شۇنداق؟ بىزگە مەجھۇل، ...
ئۇلار شۇ خىلدا دەرتلىرىنى تۆكۈشتى،
قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىشتى.
يازغۇچى كۆردىكىم يۇلغۇنلار ئۈنگەن،
يېيىپ گۆرنى ئۇنىڭغا سايە بەرگەن.
بولۇپ كەتكەن ئۇ ئاينىپ بۆك ــ باراقسان،
بولۇپ كەتكەن ۋە لېكىن قۇببە ۋەيران.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 49. داستاننىڭ يېزىلىش تارىخى

بۇ ۋەقەگە ئەدىپ شائىر نازارى،
قىلىپ تارىخىدا، سەنئەتنى جارى.
"چىراغىم" سۆزىدىن ئىشلەپتۇ تارىخ،
قېقىپتۇ ۋەقەنىڭ تارىخىغا مىخ.
كى ئۆز جايىدا تۇرغاي بەر قارار، ئۇ،
دىيەلمىگەي كىشىلەر، ئۇ ۋە يا بۇ.
مۇشۇ سۆزنىڭ مۇشۇنداقتۇر جاۋابى،
چىراغىم كۆرسىتۇر "ئەبجەد" ھىسابى.
ج 3 ر 200 دۇر، ئېلىپ 1،
غېين 1000، يانى 10 دەپ ئەيلە تەقدىر.
بولۇر مىم 40 ئەبجەد سانى بىرلە،
سەن ئەمدى ھەممىسىنى جەمئ ئەيلە.
ئەگەر يىغساڭ بۇلارنىڭ ھەممەسىن بىل،
بولۇر بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك تۆت يىل.
بۇڭا ئەمدى يۈز ئەللىك يىل توشۇپتۇر،
دىمەككى بىر يېرىم ئەسىر ۋاقت ئۆتۈپتۇر.
كېيىن شۇندىن، يېزىلدى مۇشۇ قىسسە،
ئەمەس قىسسەلا يالغۇز، بەلكى ھىسسە.
يېزىلغان ۋاقتىنى سورىسا بىر ئىنسان،
دىسە تارىخىنى قىل بىزگە ئېھسان.

گوروستانلىق ئىكەن دەريا بويىدا،
دەريا ئاقماپتۇ ھازىر ئۆز يولىدا.
جەنۇبىغا مازارنىڭ يۆتكۈلۈپتۇ،
قەدىمى "تەلۋىچۇك" ساسلىق بولۇپتۇ.
كېتىپتۇ ئۇ قويۇق ئۆسكەن يىكەنزار،
يۇرۇپتۇ ۋىتۋالداق سايراپ بىئازار.
تۇرۇپتۇ بىر ئىگىز قىرغاق توقاي جاي،
شۇ يەردىن مۇزغا پاتقانكەن تولۇن ئاي.
جەسەت چىققان چوكانىيار بۇزۇلۇپتۇ،
زامان ئۆتۈشى بىلەن لايلاپ تىنىپتۇ.
كۆرۈپ بۇ مەنزىرىلەرنى قەلەمكەش،
ۋاپاسىز بۇ جاھاندىن بولدى دىل غەش،
قولىدىن قويدى ھەمراسى قەلەمنى،
چۆكۈپ شۈكلۈككە، بەس قىلدى رەقەمنى.
ئاۋىنى ئىزدىگەن بۆركۈت مىسالى،
يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى خىيالى...

# 50. تۈگەنچ

نە خوش بەختكىم، بۇ سۆيگۈ داستانى
ئاياقلاشتى، مۇشۇ يەردە بايانى.
شوئۇر ـ ھىس كانلىرىدىن چىقتى ياقۇت،
يېقىلدى ئىشقىنىڭ ۋۇلقانىدىن ئوت.
تەپەككۇرنىڭ دېڭىزىغا چۆمۈلدى،
باھالىق دۇر ۋە گەۋھەرلەر سۈزۈلدى.
تىزىلدى نەزم يىپىغا كۆپ جاۋاھىر،
بەدىئى بىر خەزىنە بولدى زاھىر.
كېزىلدى سۆز گۈلى ئۆسكەن گۈلىستان،
ئۈزۈلدى خۇش پۇراقلىق لالە ـ رەيھان.
نەپىس سەنئەت بىلەن باغلاندى دەستە،
تاماششاسىغا دىل، مەپتۇن ھەۋەستە.
تۈمەن مىسرا مۇشۇنداق بولدى ئىجات،
ئۈنىڭدىن ئالسا دەپ بىر بەھرە ئەۋلات.
كىشى قىلسا ئەگەر گۈللۈكنى سەيرى،
گۈزەل گۈل تۇرسا ياشناپ غەيرى ـ غەيرى.
ئەمەس مۇمكىن كىشى بىبەھرە يانماق،
ئەگەردە بولمىسا ئۇ، تاش ۋە توقماق.
بۇرۇن ئەلۋەتتە بىر ھىند ـ ھىندلار ئاندىن،

پىكىر قىل، سەنمۇ تارىخ يۇنجۇسىن تەش!
دىگىل: ھىجرىگە بىر مىڭ تۆت يۈز بەش.
دىسە: سەنمۇ بۇنىڭغا بىر قوزۇق قاق!
تۇرسۇن ئۇ مىدىرلىماي مەڭگۈگە، ھەر ۋاق.
ئەقىل ئەيتتى قىلىپ سەنمۇ پىكىر، ئوي،
ئۇنى ئەبجەد ھىسابىلە تۈزەپ قوي،
«رقىيبى» (322) نى «تارىخى داستان» (1727) دىن
چىقارساڭ چىققوسى، مەقسەت ئۇنىڭدىن.

ئۇنى ئاڭلاش كېرەك ھەر چاغدا پەرزەند.
توتىنچىسى، ئاتا-ئانامۇ بىلسۇن،
بالىسىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشەنسۇن.
بەشىنچىسى، كىمكى بولسا ئاشىق،
ۋاپادارلىقنى كۆرگەي ئۆزىگە لايىق.
ئىرۇر ئالتىنچىسى، قىلماق جەسۇرلۇق،
يوقاتقاي بۇ بىلەن يەتكەندە خورلۇق.
ئىرۇر ئۈچرايدىغان يەتتىنچى ھىسسە،
ئۇنى ئەكس ئەتتۈرەر دىللاردا قىسسە.
قىلىشتۇر ياخشىلىقنى ئۆزىگە ئادەت،
بىلىشتۇر مۇشۇ ئادەتنى سائادەت.
يانا بىر ھىسسە باردۇر داستاندا،
جۇلاداپ نۇر چاچار بۇ ھىسسە ئۇندا.
تۆرەلگەندۇر كىشى پىترەتتە ئازات،
كىشى كۆڭلى ئەركىسىز بولمىغاي شات.
كۆرۈلگەندە، ئوقۇلغاندا بۇ قىسسە،
ئېلىنسا قىسسەدىن، شۇ خىلدا ھىسسە،
شۇ چاغدا زاھىرى زەۋققە قوشۇمچە،
ئېتەر بەخش مەئنىۋى بىر روھ گۈزەلچە.
كېچەر مۆمكىن، كۆڭۈللەردىن شۇ نۇقتە،
تەرەددۇتقا چۈشۈپ قالماق بۇ ھەقتە.
يېزىلغان تۇرسا بۇ، ئىشقى ھىكايە،
نە يەردە بار مۇشۇنداق ئالى غايە؟!
شۇڭا ئۇ نۇقتىلار تەھلىلنى ئىستەر،

كۆزى بىر رەڭنى خاھلار شۇنچە رەڭدىن.
شۇنىڭدەكتۇر، يېزىلغان بۇ ھىكايە،
ئۇنىڭغا سىغدۇرۇلغان ئالى غايە.
گۈزەللەشكەن بۇ گۈلشەنىنىڭ ھاۋاسى،
كۆڭۈلنى جەلب ئېتەر بۇلبۇل ناۋاسى.
ئەگەرچە ئىشقى مەزمۇنلۇق بۇ قىسسە،
بولۇر مۇمكىن تېپىشقا قانچە ھەسسە.
ئۇنىڭدا يوشۇرۇنغان يۈنجى-گەۋھەر،
كۆڭۈل ئەينىگىدە ئەكس ئەتمىسە گەر،
ئۇنى جەلپ قىلسا يالغۇز زاھىرى گۈل،
كۆڭۈل بولسا مۇشۇ گۈللارغىلا گول،
بۇنى ئەلۋەتتە ياقتۇرماس تەپەككۇر،
نە كىم پىكىر دېڭىزىدۇر، بەكمۇ چوڭقۇر.
تەلەپ قىلدۇ پىكىر ئوبدان چۈشەنمەك،
جاۋاھىرلارنى ئايرىپ ياخشى بىلمەك.
شۇڭا، بۇ داستاننى ئوقىغاندا،
گۈلستاننى كېزىپ گۈل تاللىغاندا،
بولۇپ قالمايلا ئىشق ئەسرارىغا بەند،
ئېلىش لازىم ئۇنىڭدىن بىرنەچچە پەند.
بىرىنچى، ئىشق نىمەدۇر؟ ئۇنى بىلمەك،
ھەقىقى سىر ۋە ئەسرارىن چۈشەنمەك؛
ئىككىنچى، ئىشق ئىرۇر پاكىزە گەۋھەر،
ئېرىغدۇر ئۇ، ئېرىغ بولماقنى ئىستەر.
ئۈچىنچىسى، ئاتا-نا بەرسە گەر پەند،

ۋسال ئۇستىدىلا قىلساڭ سۆزۈڭنى.
شۇنىڭ بىرلە مۇھەببەتنى ئۇنۇتساڭ،
ئويۇن-كۈلكە بىلەن دىلنى ئاۋۇتساڭ،
سېنىڭدە ئىشق مەناسى تېپىلماس،
سېنى ئاشىق دەپ ئېيتسا ئەسلا بولماس.
ئۇيغۇر ئاشىقلىرى رابىيە-سەئىدىن،
ئېرىغ كېلىپ ئېرىغ كەتكەچ جاھاندىن،
قەلەم بەردى شۇڭا، ئىشق ئەھلى دەپ ئات،
قىلىپ كەلمەكتە ئەل، ھۆرمەت بىلەن ياد.
پاكىزەلىك ئىرۇر ئىشقنىڭ نىشانى،
مۇشۇ روھتا بۇ داستاننىڭ بايانى.
ئۈچىنچى، بېرىدۇ بىزگە بۇ قىسسە
ئاتا-پەرزەند مۇناسىۋىتىدىنمۇ ھىسسە.
ئاتا-نا بەرسە گەر پەرزەندىگە پەند،
قۇلاقنى ئۇڭا سالماس بولسا پەرزەند،
بالا ئۇچرايدۇ ناچار ئاقىۋەتكە،
بولۇپ كېتىدۇ بەختسىز ئۇ، ئەبەتكە.
مۇشۇ داستاندا بۇ نۇقتا ئېچىلغان،
تىرەن مەزمۇن بىلەن روشەن يېزىلغان.
نەسىھەت قىلدى سەئىدىنگە ئاتا-نا،
رابىيەگىمۇ بېرىلگەنتى ھامانا.
تۇتۇلغان ئىشق تۇزاقىغا ئىككى ياش،
نەسىھەتنى، قوبۇلدىن تارتتىلەر باش.
ئاخىرى بولغۇلۇق شۇ ئىشلار بولدى،

ئەقىل ئىزاھى ئۇستىدە، شۇنى دەر.
بىرىنچى، ئىشق نەدۇر؟ بۇ بىر سوئالدۇر،
چۇشەنمەك ئىشقى سىرىنى مۇھالدۇر.
نە كىم ئىشقدۇر، كۆڭۈل ئىچرە بىر ئەسرار،
كۆڭۈلكىم بار، ئۇنىڭدا مۇشۇ سىر بار،
لېكىن بۇ سىر ئەمەس تەك ھەر كۆڭۈلدە،
بارابەرسىز ئېتەر ئەكس ھەر مەھەلدە.
كۆڭۈلكىم بىر سۇزۇك ئەينەك مىسالى،
مۇھەببەت ئەكسىدىن بولمايدۇ خالى.
ئىچۇككىم ئاينەدىن ئەكس يوقالغاي،
كۆڭۈلدىن ئىشقنى ھەم، يوق ئەتسە بولغاي.
قىلالىسا كۆڭۈلنى ئۆز تەسەررۇپ،
كۆڭۈل بولمايدۇ ئىشق ئالدىدا مەغلۇپ.
ئىشق دەپ بەرگۇلۇك ئەمەس كۆڭۈلنى،
كۆڭۈل ئۇ يەڭمىسۇن ھىچ چاغ ئەقىلنى.
ئاشق بولدى، ئەقىل كەتتى دىمەكتۇر،
ئەقىل كەتسە ئۇ مەجنۇن بەلگۇلۇكتۇر.
ئىككىنچى، ئىشق ئىستەر پاكلىقنى،
دىيىلمەس ئىشق دەپ بىپاكلىقنى.
ئۇلىكى نەپس شەھۋانى ئەسرى،
ئۆزىنى ئەيتسا ئىشق ۋادىسى شىرى.
ئاتاش بۇنداق ناھايەتتە ئۇياتتۇر،
ھاۋا ۋە ھەۋەس ئۇ، ئىشق شەنىگە ياتتۇر.
قىلىپ مەپتون گۆزەللەرگە ئۆزۈڭنى،

www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئاشىق ئۇلكىم، بىۋاپادۇر.
ئىشق گەۋھەر، ۋاپاسىز بولسادۇر تاش،
ۋاپا ـ ئىشق، بىر بىرىگەدۇر قېرىنداش.
ئىشق دەرىخى ۋاپاسىز ئاچمىغاي گۈل،
ئۇنىڭغا قونمىغاي ھېچ چاغدا بۇلبۇل.
رابىيەدۇر ۋاپا سىمۋولى بۇندا،
بېرىلدى مۇشۇ ئوبراز داستاندا.
گۈزەل قىز، مېھر، ۋاپانىڭ گۈلى بولغاچ،
مۇشۇ خۇش بۇيلا ئۇ گۈلدىن چېچىلغاچ.
زىننەتلەندى ئۇنىڭدىن بۇ ھىكايە،
يېزىلدى مېھر، ۋاپادەك ئالى غايە.
ۋاپانىڭ نۇرىدىن ئىشق بولسا خالى،
زەھەرلىك ئىس ـ تۈتەك بولغاي مىسالى.
يانا ئۇچرايدىغان ئالتىنچى ھىسسە،
ئۇنى ئەكس ئەتتۈرەر تارىخىي قىسسە.
نىچۈكلا بولسا قىلماق ياخشىلىقتۇر،
كىشىگە ياخشىلىق ياخشى قىلىقتۇر.
بۇ داستاندا مۇشۇ ھال ئەكس ئېتىلگەن،
كۆكۈللەرگە جۇلالىق نۇر سېپىلگەن.
بېجەردى مۇشۇ خىسلەتنى نازارى،
ئۇنىڭ ياخشىلىقىلە سۇندى زۇلم دارى.
تونۇشماس بىر كىچىك ئوغلاننى كۆرمەك
ئېغىر كۆرمەي ۋاڭ ئوردىسىغا يۈگۈرمەك،
بۇزۇپ ئاتماق ئۆلۈمنىڭ بۇيرۇقىنى،

بۇلار ھەر ئىككىسى ياپ ـ ياشلا ئۆلدى.
ئاتا ـ نا پەندىنى گەر ئاڭلىستى،
كىرەيلى ئۇلارنىڭ سۆزىگە، دىستى،
بولۇپ كەتمەس ئىدى بۇ خىلدا نابۇت،
تۇرۇپ ياش، بەلكى مىنمەس ئىدى تاۋۇت.
تۆرتىنچى، ھىسسە شۇكى ھەر ئاتا ـ نا،
بولۇش لازىم بالا تەبئىگە دانا.
ياشانغانلارغا ھىچ ۋاقت ئوخشىماس ياش،
بىكار ئەيتىلمىغان، ياشلىقنى بەڭۋاش.
كېلۇر ياشلار ئۆزى سەركەش، قىزىق قان،
ئەمەس ئىسسىق ـ سوغاق دەردىنى تارتقان.
قىلىنماي كەتسە پىكرىگە رىئايە،
بۇزۇلسا دىلدىكى ئۈمىت ۋە غايە،
ئاتا ـ ناغا قىلىپ سەركەشلىك ئىزھار،
ئۆزىن تاشلار ھالاكلىق يولغا ناچار.
مانا رابىيەنىڭ ھالى نە بولدى؟!
ئۇ قانداق قورقۇنۇچ ئىشلارنى قىلدى؟
يوقالدى ئاخىرى ياشلىق ھاياتى،
ئۆلۈمنى بىلدى ئۇ ئۆزىنىڭ نىجاتى.
ئۇنىڭ تەبئىنى گەر، بىلسىتى ياقۇپ،
دىستى ئىلتىماسىغا ئۇنىڭ خوپ.
جۇدا بولماس ئىدى يالغۇز قىزىدىن،
نادامەت يىشى ئاقماستى كۆزىدىن.
بەشىنچى ھىسسە، ئىشق ئىچرە ۋاپادۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مانا شۇنداق جەسۇرلۇق بىرلە كەتتى.
جاسارەتتە قىلىشقا ئۈلگە ئەرزىر،
كېلۇر ئاز قانچىلىك كۆپ قىلسا تەقرىر.
بۇ داستاندا يانا بىر ھىسسە باردۇر،
تۇرار ئۇ ھەر تەرەپكە چاچرىتىپ نۇر.
ئادەم بالىسى ئىرۇر پىترەتتە ئازات،
ئۇنىڭ كۆڭلى مۇشۇ ھىس بىرلەدۇر شات.
سۆيەر ھۆرلۇكنى ئىنسانلار تامامەن،
سانار خارلىق، ھوقۇقسىزلىقنى جەزمەن.
ئەركسىزلىكنى سۆيمەس كىشى ھىچ چاغ،
ئەركسىز قەلبدەدۇر داغ ئۈستىگە داغ.
كىشىلىكنىڭ مۇقەددەس ئاررزۇسى،
بۇ داستان ئىچرە قىلغان ئەكس، ئاساسى.
تېخى ياشلا تۇرۇپ رابىيە، سەئىدىن،
تىلەپ بىر ھىسسە ئۆز ئازاتلىقىدىن،
ئۆزىنىڭ ئەركىنى ئىستەشتى ئاخىر،
بۇ مەقسەدىنى كۆرەشلە قىلدى زاھىر.
ئۇلار ئەركى توسۇلغان بىر زاماندا،
ئازات ياشماق بولۇپ تەكلىماكاندا،
ئىرەكسىز باغۇ-بوستانلاردىن ئەۋزەل
كۆرۈپ جاڭگالنى، چۆلگە سالدى يول دەل.
ئاخىردا بۇ ۋاپادار مېھرىبان قىز،
ھاياتلىقتا تاپالماي ئەركىدىن ئىز،
سوغاق مۇز ئاستىغا ئاتتى ئۆزىنى،

چېكىندۇرمەك ئېتىلغان خان ئوقىنى،
بېرىپ سەئدىنىنى قۇتقازماق ئۆلۈمدىن،
ھاياتلىق ئۇڭا بەخش ئەتمەك يېڭىدىن،
تەلەپ قىلماي ئۇنىڭدىن ھېچ نىچۇك ھەق.
خىزمەت قىلماق شەرەپلىك ھالدا مۇتلەق،
نازارى ئۇ تۇرۇقلۇق بىر ئەمەلدار،
قىلىپ ئۇ ياخشىلىقنى چىندىن ئىزھار،
مۇشۇنداق ياخشىلىقنى قىلدى خالىس،
ئۇ كۆرسەتتى مۇشۇنداق ئالى بىر ھىس.
ھەقىقى ياخشىلىق ئىنسانىيەتتۇر،
سەمىمى مېھرى-شەپقەت ئاقىبەتتۇر.
ئۇلۇغ ئەخلاق ئېتەر ئەكس بۇ ئورۇندا،
كۆرۈنۈر كىشىلىك ئوبرازى بۇندا.
ئىرۇر يەتتىنچى ھىسسە داستاندا،
جەسۇرلۇق روھ ئەتكەن ئەكس ئاندا.
رەقىبىدىن نىچۇك ئۆچ ئالدى سەئدىن،
نىچۇك مەردانە قايتتى دار تېگىدىن؟
رابىيە قانچىلىك غەيرەتنى قىلدى،
تىلەپ ئەركىن، ئۆزىنى چۆلگە سالدى.
يارى باشىغا خەۋپ چۈشكەن زاماندا،
نىچۇك كۆرسەتتى بىر باتۇرلۇق ئۇندا؟
پەلەك زالىملىقىن قىلغاندا ئىزھار،
جاسارەتنى قىلىپ ئۆزىگە مەدەتكار.
ئۆزىنى بىر يولى قايىنامغا ئاتتى،

## 51. ئۆزگە خىتاپ قەسىدەسى

ئى ئۆز! ئويلا، قانداق چوڭقۇر ئويغا پاتتىڭ،
قەدەمنى ئەجەپمۇ نازۇك يولغا ئاتتىڭ.

ئىجات ئالىمىنىڭ ئۇلۇغۋار قورالى،
مۇقەددەس قەلەمگە قولۇڭنى ئۇزاتتىڭ.

تەپەككۇر دېڭىزىدە غەۋۋاس بولۇپسەن،
قىرغاققا گۆھەر، يۈنجى-مارجان ئىرغاتتىڭ.

نەپىس سۆز گۈلىدىن بەدىئى ياساپ باغ،
تۈزۈپ بىر چىمەنلىكنى خۇش بۇي پۇراتتىڭ.

تېپىپ ئۇيغۇرۇڭنىڭ ئىكى ئاشىقىنى،
ئۇلار ئىشقى ئۈستىدە داستان ياراتتىڭ.

قويۇپ تۈندە ئۇيقۇنى، كۈندۈزدە ئارام،
تولا ئاق ۋاراقلەر بېتىنى قارايتتىڭ.

ئىرەكسىز دۇنيادىن يۇمدى كۆزىنى.
ئەگەر قىلساڭ بۇ ئوبرازنى تەسەۋۋۇر،
چاچار قەلبىڭگە ھۆرلۈك مەشئىلى نۇر.
ئەمەستۇر بۇ ئۆزى ئاددىيلا قىسسە،
ئېلىش مۇمكىن ئۇنىڭدىن تولا ھىسسە.
ئۇنىڭدا زاھىرى قىممەت بىلەن تەڭ،
ئىرۇر مەۋجۇت قىممەتلىك مەنىۋى رەڭ.
ئۇ بولغىنىدەك مۇھەببەت داستانى،
ئىرۇر ئىبرەت، پەزىلەت، تۇيغۇ كانى،
دىمەك يېڭىدىن تۇغۇلدى مۇشۇ داستان،
شوئىرنىڭ گۈلىدىن تولغان گۈلستان.
نەچە يازسا يانا تۈگىمەس ئىكەن سۆز،
قىلىپ بەس، توسىمغۇنچە ئۆزىنى ئۆز.
زىيائى، بولدى، توختاتقىل سۆزۈڭنى،
كىشى بولغىل، كىشى قىلغىل ئۆزۈڭنى.

www.uyghurkitap.com

ئەسودا! قالچە چەكسەڭمۇ ھەسرەت ـ نادامەت،
نەچە چەكسەڭ ئاھ دەرتتە، ئۆزنى يادا تتىڭ.

بوۋاڭ خاس ھاجىپمۇ يىگەن .كۆپلەپ ئەپسۇس،
"قۇتادغۇبىلىك"نى ئۇقۇغان بولاتىڭ؟

6521 يورىغلى بولستەگ يىگىتلىكنى ئىزتىم
تۆپى يەل كەچەر تەگ تىرىگلىك تۆكەتتىم

6522 ئەسىزىم يىگىتلىك ئەسىزىم يىگىتلىك
تۇتا بىلمەدىم مەن سەنى تەرك قاچىتتىم

6523 يانا كەلگىل ئەمدى يىگىتلىك ماڭا سەن
ئايادا تۇتايىن ئاغى چۇز تۆشەتتىم

6528 ئەسىركەپ ئاچىرمەن ساڭا ئاي يىگىتلىك
قامۇغ كۆركۆمى سەن يىراتتىڭ يىراتتىم

6529 تەمام ئەرغۇۋانتەگ قىزىل مەڭزىم ئەرد
بۇ كۆن زەئفەران ئۇرغىن ئەڭدە تارىتتىم

6530 ئىپارسىغ قارا باشقا كافور ئاشۇدۇم
تولون تەگ تولۇ يۈز قايۇقا ئىلەتتىم

6531 يارۇق ياز تەگ ئەردىم تۆمەن تۆ چېچەكلىگ
خەزانمۇ تۆشۈتتۈم قامۇغنى قۇرىتتىم

6532 قازىڭ تەگ بوزۇم ئەردى ئوق تەك كۆنى تۆز
ياتەگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم تۆكىتتىم

يەشمىسى:

6521 ئۆتۈچى بۇلۇتتەك يىگىتلىكنى ئىدتىم (كەتكۈزدۈم)
بوران ـــ يەل ئۆتەردەك ھاياتنى تۆگەتتىم.

چېكىپ كۆپلىگەن رەنج، سەن بۇ ئېلىڭگە
تۇمەن مىسرالىق ھەدىيە ـ سوغات تارات.

ناھايەتتە ئاز، قىسقا بەش ئاي ئىچىدە،
بۇ باغنى ياساشتىن قولۇڭنى بوشاتتىڭ

بىلۇرمەنكى ھەيرەتتەدۇرسەن، ئۆزۈڭمۇ،
قەيەردىن ئۆزۈڭگە شۇ قۇدرەتنى تاپتىڭ؟

شۇ مىقداردا كۆپ سۆز جاۋاھىرلىرىنى،
تىزىپ نەزم يىپىغا بىرىن بىرگە چاتتىڭ.

ئەمەسمۇ ۋەتەن، ئەلنىڭ ئىلھامى تۇرتكە،
شۇ ئىلھام باھارىلە گۈللار ياشارتتىڭ.

ئەگەر بولمىغاندا بۇ ئىلھام سەۋەپچى،
نىچۇكتىن بۇ زور ئىشقا جۇرئەت قىلاتتىڭ؟!...

لېكىن، ئىستكى، كەتكەندە ياشلىق باھارىڭ،
پىكرىنى قىيىن يول تەرەپكە قاراتتىڭ.

ئىست، ياشلىقىڭ زايا بولدى شۇندىغ،
تېپىشقا ئۇنى ئەمدى نەگە باراتتىڭ؟!

زايا بولدى، بەرسەڭمۇ تاغ ـ تاغچە ئالتۇن،
تاپاتتىڭ قەيەردىن؟ قەيەردىن ئالاتتىڭ؟

ئەگەر پايدىلىق بىر ئىجات قىلا ئالساڭ،
يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشا مەڭگۈ ياشايتتىڭ.

بولۇپ ياشلىقىڭ زايا، قالساڭمۇ داغدا،
شۈكرى قىل، ھاياتنى ئىجاتقا قاراتتىڭ.

قىلاي دەپ ۋەتەن ئەلگە بىر ياخشى خىزمەت،
قەلەم بۇلبۇلىن، بەت گۈلىدا سايراتتىڭ.

شۇ مەقسەت گۈلىدىن ئۈزەلىسەڭ ئەردىڭ،
ئۆزۈڭنى ھەقىقى بەختلىك سانايتتىڭ.

زىبائى، سەن ئىجات سۈيى چاڭقىغى سەن،
قاچان ئۇڭا قانغان؟! قاچاندا قاناتتىڭ؟!...

1984 ـ يىل 12 ـ ئاي.

6522 ئىست ھەي يىگىتلىك، ئىست ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇش بىلمىدىم مەن سېنى تېز قاچتىتىم. (قاچۇردۇم)
6523 يەنە كەلگىن ئەمدى يىگىتلىك ماڭا سەن،
تۇتاي ئالقىنىمدا، ئاغى-چۇز① تۆشەتتىم،
6528 دەرىخ! ئېچىنۇرمەن ساڭا ئەي يىگىتلىك،
جىمى ئۇزلىغىمنى يوقاتتىڭ، يوقاتتىم.
6529 قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغىۋاندەك،
بۇگۇن ئاڭا زەيەر ئۇرۇغىن سۇرۇتتىم.
6530 ئىپاردەك قارا باشقا مەن كافۇر پۇركۇدۇم،
تولۇندەك تولۇق يۇزنى نەگە ئەۋەتتىم.
6531 يورۇق يازدەك ئەردىم تۇمەن رەڭ چېچەكلىك
خازان بولدىمىكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم،
6532 قېيىندەك بويۇم ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس-تۇز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئىڭىشتىم.

*     *     *

بوۋاڭمۇ ئۆتۈپتۇ چېكىپ شۇنچە ھەسرەت،
سەن ئەمدى ئېچىنىپ نىمەمۇ تاپاتتىڭ؟!

بۇ باغدا سولاشماس گۇل ئۇنگەنمۇ زادى؟
سولاشقان بارى، سەنمۇ شۇنداق سولاشتىڭ.

سەن ئەمدى ئېسلىغىل ئىجات رىشتىنىسگە،
شۇ رىشتىنى تۇتساڭ ئۆمۈرنى ئۇزارتتىڭ.

---

① ئاغى-چۇز — ئالتۇن يىپەكتىن توقۇلغان رەخت.

مەسئۇل مۇھەررىر: **سەمەت دۇگايلى**
مەسئۇل كوررېكتور: **رىشىت ۋاھىدى**
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى ۋە قىستۇرما
رەسىملەرنى سىزغۇچى: **ھوشۇر ئىلى**
ھۆسنىخەتنى يازغۇچى: **نىياز كېرەم**

رابىيە ـ سەئىدىن
ئەھمەت زىيائى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

**1985 ـ يىل 11 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى**
**1985 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى**
**باھاسى: 2.75 يۈەن**

# 热比亚与赛丁

(维吾尔文)

艾合麦德·孜亚依著

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：14

1985年11月第1版

1985年11月北京第1次印刷

印数：0001—5,000册　定价：2.75元

书号：M 10049（4）193